خەمىت تۆمۈر

# ھازىرقى زامان
# ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى

## Modern Uyghur Grammar

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «211 قۇرۇلۇشى»نىڭ 3 ـ باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش تۈرى

中央民族大学“211 工程”三期建设项目

خەمت تۆمۈر

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى

# Modern Uyghur Grammar

مىللەتلەر نەشرىياتى

## كىتابنىڭ قايتا نەشرىگە ئىزاھات

پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» (مورفولوگىيە) ناملىق ئەسىرى 1987-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىپ كەسىپلىرىدە ئوقۇتۇلىدىغان زۆرۈر دەرسلىك ۋە تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا جەزمەن ئوقۇلىدىغان ئاساسلىق كىتاب بولۇپ كەلدى. لېكىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ كىتابنى كىتابخانىلاردىن تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىز فاكۇلتېتىمىزنىڭ دەرسلىك ئېھتىياجى، شۇنداقلا كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا بۇ كىتابنى قايتا نەشر قىلدۇرۇشقا ئىلتىماس سۇنغانىدۇق. مەكتىپىمىز «211 ۋە 985 قۇرۇلۇشلىرى» نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ يېقىندىن ماسلىشىشى بىلەن، بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى نەشرى مانا ئەمدى نەشردىن چىقتى. بىز بۇ كىتابنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشىغا ياردەم بەرگەن ئورۇنلارغا رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندى (1935-2006) مەملىكىتىمىزدىكى ئاتاقلىق مائارىپچى، تىلشۇناس ۋە يېتۈك تەرجىمان بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىگە ئۇل سالغۇچىلاردىن بىرىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى پارتىيىنىڭ مىللىي مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، بىر تۈركۈم غوللۇق ئىزباسارلارنى يېتىشتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى، خەنزۇ-

چە-ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىلمىي تەتقىقاتقا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئىخچام، ئەمما چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە تولغان تىلى بىلەن ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرگەن يېڭى-يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى شەرھىلەپ، بىزگە بىر قاتار مول مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (مورفولوگىيە) بۇلار ئىچىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەردۇر. ئۇ ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە قولغا كەلتۈرگەن بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىق تارىخىدا ئابىدە سۈپىتىدىكى نوپۇزلۇق ئەمگەك بولۇپ قالدى، شۇڭا بۇ ئەسەر ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدا خاس مۇشۇ ئەسەر ھەققىدە تۆت ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلانغان، ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ پۈتۈپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرماقتا. نۆۋەتتە، تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئوخشىمىغان تىلشۇناسلىق ئېقىملىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئەسەردىكى ئوخشاش تىل ھادىسىلىرىگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەبىر بېرىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئېھتىماللىقلىرى تۇغۇلدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، مەيلى تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسى قانچىلىك يېڭىلانسۇن، خەمىت تۆمۈر ئەپەندىنىڭ بۇ ئەسەردە ئۇزۇندىن بېرى خاتىرىلەپ قالدۇرغان ئۇيغۇر تىلى ھادىسىلىرىنىڭ بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى ھەمدە ئۇلارنى شۇ چاغدىكى نوپۇزلۇق تىلشۇناسلىق ئېقىمى بولغان قۇرۇلمىچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى رامكىسىدا بىرىنچى بولۇپ ئىلمىي تۈرلەرگە ئايرىپ ۋە شەرھىلەپ پۈتكۈزگەن بۇ ئەمگىكى ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغۇسى.



شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، گەرچە خەمىت تۆمۈر ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ نامىنى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» (مورفولوگىيە) دەپ ئاتاپ، سىنتاكسىس تەتقىقاتىنى تىلغا ئالمىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھەربىر سۆز تۈركۈمىنىڭ گراماتىك خۇسۇسىيىتىگە ۋە پېئىلنىڭ ھەرقايسى خەۋەر شەكىللىرىگە بەرگەن تەپسىلىي بايانلىرىنىڭ يىغىندىسى ئەمەلىيەتتە سىنتاكسىس قىسمىغا پۇختا ئۇل سېلىپ بولغان. مانا بۇلار بۇ ئەسەرنى قايتا نەشر قىلدۇرۇشىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى.

**مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى**
**ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى**
لىتىپ توختى
2011-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنى

# كىرىش سۆز

مەن 1955 ـ يىلدىن ھازىرغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس ئۆتۈپ كېلىۋاتىمەن. 1966 ـ يىلدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلى كەسپىدە ئۇيغۇر تىلىنى باشتىن ئۆگەنگەن خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەردىم، 1972 ـ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنى كەسىپ قىلغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بەردىم، 1980 ـ يىلدىن باشلاپ يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىقات نىشانى قىلغان ئاسپىرانتلارغا دەرس بەردىم ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدىم. بۇ كىتاب شۇ جەرياندا توپلانغان ماتېرىيال ۋە دەرس زۆرۈرىيىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار ئاساسىدا بارلىققا كەلدى.

كىتابنىڭ بۇ قىسمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ قىسىمدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىدىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدىغان گىرامماتىك ھادىسىلەرنى تولۇق كىرگۈزۈشكە، ئۇلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە تۈرگە بۆلۈپ سىستېمىلاشتۇرۇشقا، ئۇلارنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنە ۋە قوللىنىلىش ئورۇنلىرىنى كەڭرەك بايان قىلىشقا، شۇنداق قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۆزىگە خاس مورفولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنى ھەم ئۇنىڭدىكى مول ۋە خىلمۇخىل گىرامماتىكىلىق ئۇقۇملارنى تولۇقراق ئېچىپ بېرىشكە ھەرىكەت قىلىندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر تىلى بويىچە مۇندىن بۇرۇن چىققان گىرامماتىكا كىتابلىرىدا بايان قىلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى گىرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنى باشقىچە بايان قىلىشقا ۋە بۇ كىتابلاردا ئېيتىلمىغان بەزى گىرامماتىكىلىق بىرلىكلەرنى

تۇرغۇزۇشقا توغرا كەلدى. سەۋىيە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىتابتا قويۇلغان يېڭى قاراشلارنى پۈتۈنلەي توغرا بولدى، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى ئاساسىي مەقسەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى بويىچە تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك تىل پاكىتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق تەھلىل قىلىنىشى، قانداق تەسۋىرلىنىشى توغرىسىدىكى بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىنلا ئىبارەت.

مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كافېدراسىدىكى كەسپداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن، بۇ كىتابتىكى بىرمۇنچە نۇقتىئىنەزەرلەر ئۇلارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان ياكى تولۇقلانغان. مەن يەنە بىرمۇنچە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا مۇھىم ئىلمىي مەسلىھەتلەرنى بەرگەن ئۇستاز ئىبراھىم مۇتىئىغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

بۇ كىتابنى تۈزۈش جەريانىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە ئېلىمىزدە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەردىن پايدىلاندىم، بولۇپمۇ ئەمىر نەجىپ تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»دىن كۆپ مەنپەئەتدار بولدۇم. مەن بۇ يەردە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

ئاپتور

1987-يىل مارت، بېيجىڭ.



# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب: گراماتىكا ئىلمىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار ........ 1
1.1. گراماتىكا ........ 1
2.1. لېكسىكىلىق مەنە ۋە گراماتىكىلىق مەنە ........ 6
3.1. گراماتىكىلىق شەكىل ........ 7
4.1. گراماتىكىلىق كاتېگورىيە ........ 10
5.1. مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس ........ 18
6.1. مورفېما ........ 19
7.1. سۆز ........ 21
8.1. سۆز بىرىكمىسى ........ 22
9.1. جۈملە ........ 23
10.1. جۈملە بۆلىكى ........ 23
11.1. سۆز تۈركۈمى ........ 24
ئىككىنچى باب: ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى 25
1.2. سۆزنىڭ تۈزۈلۈشى ........ 25
2.2. سۆز تۈركۈمى ........ 29
3.2. سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى ........ 31
4.2. كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوللىنىلىشى ..... 35
ئۈچىنچى باب: ئىسىم ........ 39
1.3. ئىسىمنىڭ مەنىسى ........ 39

2.3 . ئومۇمىي ئىسىم ۋە خاس ئىسىم ........ 39

3.3 . ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ........ 41

4.3 . ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ........ 45

5.3 . ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ........ 49

6.3 . ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى ........ 66

7.3 . ئىسىمنىڭ رەۋىشلىشىشى ........ 75

8.3 . ئورۇن ـ تەرەپ ئىسىملىرى ........ 76

9.3 . ئىسىم بېقىندىلىرى ........ 77

10.3 . ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 78

تۆتىنچى باب: سۈپەت ........ 93

1.4 . سۈپەتنىڭ مەنىسى ........ 93

2.4 . دەرىجىلىك ۋە دەرىجىسىز سۈپەتلەر ........ 93

3.4 . سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ........ 95

4.4 . سۈپەتنىڭ تەكرارلانما شەكلى ........ 99

5.4 . سۈپەتنىڭ ئىسىملىشىشى ........ 100

6.4 . سۈپەتنىڭ ئالماشلىشىشى ........ 100

7.4 . سۈپەتنىڭ جۈملىدىكى رولى ........ 101

8.4 . سۈپەت بېقىندىلىرى ........ 102

9.4 . سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 103

بەشىنچى باب: سان ........ 112

1.5 . ساننىڭ مەنىسى ........ 112

2.5 . ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان ........ 112





3.5 . ساننىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىرى ........ 114

4.5 . ساننىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى ........ 126

5.5 . سان بېقىندىلىرى ........ 132

ئالتىنچى باب: مىقدار ........ 133

1.6 . مىقدارنىڭ مەنىسى ........ 133

2.6 . مىقدارنىڭ تۈرى ........ 133

3.6 . مىقدارنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ........ 136

يەتتىنچى باب: رەۋىش ........ 140

1.7 . رەۋىشنىڭ مەنىسى ........ 140

2.7 . رەۋىشنىڭ مەنە بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشى ........ 140

3.7 . رەۋىشنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ........ 141

4.7 . رەۋىشلەشكەن سۆز ـ ئىبارىلەر ........ 142

5.7 . رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ........ 143

سەككىزىنچى باب: ئالماش ........ 147

1.8 . ئالماشنىڭ مەنىسى ........ 147

2.8 . ئالماشنىڭ تۈرى ........ 147

3.8 . ئالماشنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ........ 148

4.8 . شەخس ئالماشلىرى ........ 149

5.8 . كۆرسىتىش ئالماشلىرى ........ 155

6.8 . سوئال ئالماشلىرى ........ 170

7.8 . ئۆزلۈك ئالماشلىرى ........ 181

8.8 . بەلگىلەش ئالماشلىرى ........ 185

9.8. بولۇشسىز ئالماشلىرى ........ 192
10.8. ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى ........ 196
توققۇزىنچى باب: پېئىل توغرۇلۇق ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 201
1.9. پېئىلنىڭ مەنىسى ........ 201
2.9. پېئىلنىڭ تۈرى ........ 201
ئونىنچى باب: پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى ........ 225
1.10. ئومۇمىي چۈشەنچە ........ 225
2.10. سۈپەتداشلار ........ 228
3.10. ئىسىمداشلار ........ 233
4.10. رەۋىشداشلار ........ 254
5.10. مەقسەت پېئىلى ........ 263
ئون بىرىنچى باب: پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى ........ 264
1.11. ئومۇمىي بايان ........ 264
2.11. شەخس كاتېگورىيىسى ........ 265
3.11. مەيل كاتېگورىيىسى ........ 267
4.11. ھال-زامان كاتېگورىيىسى ........ 285
ئون ئىككىنچى باب: پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى ........ 335
1.12. ئومۇمىي بايان ........ 335
2.12. دەرىجە كاتېگورىيىسى ........ 338
3.12. بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسى ........ 350
4.12. پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرى ........ 351
5.12. پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرى ........ 378



ئون ئۈچىنچى باب: تۇرغۇن سۆز - باغلامچى قۇرۇلمىلىرى ........ 388
1.13. ئومۇمىي بايان ........ 388
2.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكىللىرى ........ 388
3.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكىللىرى ........ 395
4.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى ۋە ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكلى ........ 401
ئون تۆتىنچى باب: تەقلىد سۆزلەر ........ 403
1.14. تەقلىد سۆزلەرنىڭ مەنىسى ........ 403
2.14. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرى ........ 404
3.14. تەقلىد سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى 406
ئون بەشىنچى باب: ياردەمچى سۆزلەر ........ 409
1.15. تىركەلمىلەر ........ 409
2.15. باغلىغۇچىلار ........ 412
3.15. يۈكلىمىلەر ........ 414
ئون ئالتىنچى باب: ئىملىق سۆز ........ 454
1.16. ئىملىق سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ........ 454
2.16. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ........ 457
3.16. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرى ........ 458

# بىرىنچى باب

# گراماتىكا ئىلمىدىكى ئاساسىي ئۇقۇملار

## 1.1. گراماتىكا

گراماتىكا تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى بولۇپ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بىلەن سۆز- جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "-لار//-لەر" قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ھېسابلىنىپ، بىر تىپتىكى شەيئىنى ياكى بىر شەيئىنى ئىپادىلىسە، "-لار//-لەر" قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ھېسابلىنىپ، بىر خىل شەيئىنىڭ بىرقانچىسىنى ياكى ھەممىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ "-نىڭ" قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى ھېسابلىنىپ، باشقا شەيئىنى ئىگىلىگۈچى شەيئىنى بىلدۈرۈپ كەلسە، "-نى" قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلى ھېسابلىنىپ، مەلۇم ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ، "-دى//-تى" قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللار پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان III شەخس خەۋەر شەكلى ھېسابلىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ III شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن سۆزلىگۈچى بىۋاسىتە خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ۋەھاكازا. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنىڭ تۈرلۈك

شەكىللىرىگە دائىر قائىدىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەر ئۆز ئارا بىرىككەندە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆز ئېنىقلانغۇچى سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. (مەسىلەن: چوڭ شەھەر)، بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بايان قىلغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سۆزنى شەخس، سان جەھەتتىن ئۆزىگە قارىتىپ ئومۇمەن ئۇنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ (مەسىلەن: مەن كەلدىم)، ۋەھاكازالار. مانا موشۇ خىلدىكى قائىدىلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى مانا شۇنداق ئىككى يۈرۈش قائىدىلەردىن تەركىب تاپقان.

گرامماتىكا تىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىلى. تىل — تىل تاۋۇشى، سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچ ئامىل بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. تىل تاۋۇشى تىلنىڭ ماددىي پوستى. سۆزلۈك بىلەن گرامماتىكا پەقەت تىل تاۋۇشى ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. تىل تاۋۇشىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە پەقەت سۆزلۈك ۋە گرامماتىكا ئاساسىدىلا تىل تاۋۇشى بولۇپ، باشقا تاۋۇشلاردىن پەرقلىنەلەيدۇ. سۆزلۈك تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولمىسا، ئىمارەت سېلىش مۇمكىن بولمىغاندەك، سۆزلۈك بولمىسا، تىلنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن سۆزلۈكنىڭ ئۆزى تىل بولالمايدۇ. چۈنكى يەككە-يەككە سۆزلەر بىلەن، ياكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپسىز ھالدا بىر يەرگە يىغىپ قويۇلۇشى بىلەن ئېنىق بىر پىكىرنى ئىپادىلەپ، ئالاقىلىشىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.



مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا "بىز"، "پايتەخت"، "بېيجىڭ"، "ئوقۇ" دېگەن سۆزلەر ئايرىم-ئايرىم ئېيتىلسا ياكى شۇ پېتى بىر يەرگە يىغىپ قويۇلسا، ئايرىم-ئايرىم ئۇقۇملاردىن باشقا، ھېچقانداق ئېنىق بىر پىكىر ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ گرامماتىكىلىق قائىدىسى بويىچە "بىز پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئوقۇيمىز" ياكى "بىز پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىمىز" ۋە ياكى "بىز پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئوقۇدۇق" شەكلىدە تەشكىللەنگەندىلا ئاندىن بىر پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، گرامماتىكا تىلنى تەرتىپلىك، چۈشىنىشلىك خاراكتېرگە ئىگە قىلىدۇ.

گرامماتىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ قائىدىلىرىنىڭ ئابستراكتلىق (ئومۇمىيلىق) قا ئىگە بولۇشىدۇر. ھەرقانداق گرامماتىكىلىق قائىدە مەلۇم كونكرېت سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ياكى مەلۇم كونكرېت سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزنىڭ تۈرلىنىشى ياكى مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان سۆز (جۈملە) بىلەن مەلۇم بىر تىپقا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆز (جۈملە) نىڭ بىرىكىشىگە قارىتىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر سۆزگە "-لار//-لەر" قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ياساش قائىدىسى مەلۇم بىر كونكرېت سۆزگە قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئىسىم تىپىغا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆزگە قارىتىلغان (بالىلار، دەرسلەر، تاغلار، گۈللەر، چىراغلار، شەھەرلەر، يېزىلار...)؛ ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، دېگەن قائىدە مەلۇم بىر كونكرېت سۆز بىلەن يەنە بىر كونكرېت سۆزنىڭ بىرىكىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئىسىم تىپىغا كىرىدىغان ھەرقانداق سۆز بىلەن ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ھەرقانداق سۆزنىڭ

بىرىكىش ئۇسۇلىغا قارىتىلغان (مېنىڭ قەلىمىم، ئېگىز ئىمارەت، يېڭى دەرس، ئىككىنچى ئۆي، گۈللەنگەن شىنجاڭ...). كونكرېت مەنە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى نەچچە ئون مىڭلىغان سۆزلەردىن سانسىزلىغان جۈملىلەر قۇرۇلۇشى مۇمكىن. لېكىن، گرامماتىكا جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار چەكلىك بولغان بىرمۇنچە تىپلارنىلا تەشكىل قىلىدۇ.

گرامماتىكىنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ قائىدىلىرىنىڭ سىستېمچان بولۇشىدۇر. گرامماتىكا سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى شۇ قائىدىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملار بويىچە بەلگىلىك مۇناسىۋەتتە بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەل بىر سىستېمىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى بويىچە تۈر ۋە قاتلاملارغا ئايرىلىپ، تۈرلۈك تۈرلىنىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغان سۆز تۈركۈملىرى سىستېمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، بۇ سۆز تۈركۈملىرى يەنە تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولمىغان سۆز تۈركۈملىرى ۋە مۇستەقىل ئىشلەنمەيدىغان سۆز تۈركۈملىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى بىر-بىرىنى شەرت قىلغان بىر مۇنچە تۈرلەرگە ئايرىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىس سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، كېيىن مورفولوگىيە سىستېمىسى بىلەن سىنتاكسىس سىستېمىسىنىڭ بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا زىچ بىرىكىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل گرامماتىكىلىق سىستېمىسى ھاسىل بولىدۇ.



گرامماتىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ تۇراقچانلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇشىدۇر. گرامماتىكىلىق قۇرۇلما نۇرغۇن دەۋرلەر ئىچىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، تىلدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىي لۇغەت فوندىنىڭ ئۆزگىرىشىدىنمۇ ئاستا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن گرامماتىكىلىق قۇرۇلمىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. ئۇ تەدرىجىي ياخشىلىنىپ بارىدۇ، ئۆز قائىدىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تۈزىتىپ بارىدۇ، يېڭى قائىدىلەر بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ، لېكىن گرامماتىك قۇرۇلمىنىڭ ئاساسلىرى ناھايىتى ئۇزاق زامان ئىچىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. VIII ئەسىردە يېزىلغان ئورخون-يېنسەي يادىكارلىقلىرىدىكى "ئول سابىن ئەسىدىپ، تۈن يەمە ئۇدىسقىم كەلمەس ئەرتى." (بۇ سۆزنى ئىشتىپ، تۈن بويى ئۇيقۇم كەلمىدى) دېگەن جۈملىنىڭ، "تۈركىي تىللار دىۋانى" (XIئەسىر) دىكى، "ئۆكۈز ئاداقى بولغىنچە بۇزاغۇ باشى بولسا يېگ" (ئۆكۈزنىڭ پۇتى بولغىچە، موزاينىڭ بېشى بولغان ياخشى) دېگەن جۈملىلەرنىڭ ئايرىم سۆزلىرىگە ئىزاھات بېرىلسىلا بىز ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسىي گرامماتىك قائىدىلەرنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھازىرغىچىلا ئاساسەن ئۆزگەرمەستىن، ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

"گرامماتىكا" دېگەن ئاتالغۇ يەنە، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم — گرامماتىكا ئىلمى، دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، "گرامماتىكا تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى" دېسەك، بۇ يەردىكى "گرامماتىكا" سۆزى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆز جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش

قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم ــ گىراماتىكا ئىلمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھەر قايسى تىللار توغرىسىدا يېزىلغان گىراماتىكا كىتابلىرىمۇ گىراماتىكا ئىلمى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، "بۇ «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تۈزۈلگەن" دېسەك، بۇ يەردىكى "ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى" دېگەن ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى ۋە سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرى توغرىسىدىكى گىراماتىكا ئىلمى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىر تىلنىڭ گىراماتىك سىستېمىسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت نەرسە بولۇپ، بۇ ئەلۋەتتە بىرلا خىل بولىدۇ. لېكىن، بۇ تىل ھەققىدە يېزىلغان گىراماتىكا كىتابلىرى خىلمۇخىل بولۇشى مۇمكىن. بۇ گىراماتىكا كىتابلىرى ئۆزى ئوبيېكت قىلغان تىلنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گىراماتىك سىستېمىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## 2.1. لېكسىكىلىق مەنە ۋە گىراماتىكىلىق مەنە

جۈملىدىكى ھەربىر سۆز ئومۇمەن لېكسىكىلىق مەنە ۋە گىراماتىكىلىق مەنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. لېكسىكىلىق مەنە دېگىنىمىز ھەربىر سۆزنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان كونكرېت مەنىسى؛ گىراماتىك مەنە دېگىنىمىز بولسا ھەربىر سۆزنىڭ شۇ تىلدىكى بىر تۈركۈم سۆزلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان بەلگىلىك تۈرلىنىش قائىدىسى ياكى بىرىكىش قائىدىسى ئارقىلىق ئىپىرىشكەن ئابستراكت مەنىسىدۇر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئوقۇغۇچىلار كەلدى" دېگەن جۈملىدىكى ئىككى سۆزنى ئالساق، بىر تەرەپتىن، بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەربىرى باشقا ھەر قانداق سۆزدىن پەرقلىنىدىغان كونكرېت مەنىنى بىلدۈرىدۇ، مانا



بۇ ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، "ئوقۇغۇچىلار" دېگەن سۆزنىڭ "كۆپلۈك"، "باش كېلىش"، "ئىگە" دېگەن ئابستراكت مەنىلىرى بولۇپ، ئۇ بۇ مەنىلەرگە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار ئۈچۈن ئورتاق بولغان تۈرلىنىش ۋە بىرىكىش قائىدىلىرى بويىچە ئېرىشكەن، "كەلدى" دېگەن سۆزنىڭ "ئەسلىي دەرىجە"، "بولۇشلۇق"، "ۋاستىسىز بايان مەيلى"، "ئاددىي ئۆتكەن زامان"، "III شەخس"، "خەۋەر قاتارلىق ئابستراكت مەنىلىرى بولۇپ، ئۇ بۇ مەنىلەرگە ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان تۈرلىنىش ۋە بىرىكىش قائىدىلىرى بويىچە ئېرىشكەن، مانا بۇلار بۇ ئىككى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى. لېكسىكىلىق مەنە ھەربىر سۆزنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولىدۇ. گىراماتىك مەنە بولسا بەلگىلىك بىر قائىدە بويىچە تۈرلەنگەن ياكى بىرىككەن ھەرقانداق سۆز ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ياتاققا، سىنىپقا، باغچىغا، بازارغا، يېزىغا، كىتابقا، دەپتەرگە" دېگەن سۆزلەر لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ كونكرېت مەنىلىرى تامامەن باشقا-باشقا، لېكىن ئۇلارنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى تامامەن ئوخشايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل قائىدە بويىچە تۈرلەنگەن.

## 3.1. گىراماتىكىلىق شەكىل

سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك تۈرلىنىش ياكى بىرىكىش قائىدىسىنى كۆرسەتكۈچى، يەنى بەلگىلىك گىراماتىك مەنىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى تاشقى بەلگە گىراماتىك شەكىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان "ئوقۇغۇچىلار كەلدى" دېگەن جۈملىدىكى ئىككى سۆزنى ئالساق، "ئوقۇغۇچىلار" دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك مەنىسى ئۇنىڭغا "-لار" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن

ئىپادىلەنگەن؛ ئۇنىڭ "باش كېلىش" مەنىسى ئۇنىڭغا باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ ئۇنىڭ "ئىگە" مەنىسى ئۇنىڭ باش كېلىشتە كەلگەنلىكى، بايان قىلغۇچى سۆزنى شەخس جەھەتتىن ئۆزگە قارىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ "كەلدى" دېگەن سۆزنىڭ "ئەسلىي دەرىجە" مەنىسى ئۇنىڭغا باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنگەن، "بولۇشلۇق" مەنىسى ئۇنىڭغا بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ "ۋاستىسىز بايان مەيلى"، "ئاددىي ئۆتكەن زامان" مەنىلىرى ئۇنىڭغا "-دى" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلغانلىقى بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ III شەخس مەنىسى ئۇنىڭغا باشقا شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلمىغانلىقى (نۆل بەلگە) بىلەن ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ "خەۋەر" مەنىسى، ئۇنىڭ شەخس جەھەتتىن بايان قىلىنغۇچىغا ماسلىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدە كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مانا مۇشۇ تاشقى بەلگىلەر گراماتىك شەكىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سۆزگە مەلۇم بىر قوشۇمچىنى قوشۇش بىر خىل تاشقى بەلگە (گراماتىك شەكىل) ھېسابلانسا، ئۇنىڭغا نىسپىي ھالدا شۇ بەلگىنىڭ قوشۇلماسلىقى (نۆل بەلگە) مۇ بىر خىل تاشقى بەلگە (گراماتىك شەكىل) ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىسىدە مەلۇم بىر قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىر خىل تۈرلىنىش قائىدىسى بولسا، ئۇنىڭغا نىسپىي ھالدا ئۇ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلماسلىقىمۇ بىر خىل تۈرلىنىش قائىدىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارغا "-لار/-لەر" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىر خىل قائىدە بولۇپ، بۇنىڭ



بىلەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭغا نىسپىي ھالدا "-لار/-لەر" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلماسلىقىمۇ بىر خىل قائىدە بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىسىمنىڭ بىرلىك مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ.

ھەرقانداق گراماتىكىلىق مەنە بەلگىلىك گراماتىك شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. گراماتىك شەكىل بىلەن ئىپادىلەنمىگەن مەنىنى گراماتىكىلىق مەنە ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

گراماتىكىلىق شەكىللەر تۈرلۈك گراماتىك ۋاستىلەر (ئۇسۇل) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، ھەرقايسى تىللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان گراماتىك ۋاستىلەر تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىلدۇر:

**1. قوشۇمچە قوشۇش.** ئۇيغۇر تىلىدىكى گراماتىك شەكىللەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قوشۇمچە قوشۇش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىسىمنىڭ كېلىش شەكىللىرى ۋە تەۋەلىك شەكىللىرى.

**2. سۆز تەرتىپى.** گراماتىكىلىق شەكىلنى سۆز تەرتىپى ئارقىلىق تەشكىل قىلىش خەنزۇ تىلىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان گراماتىك ۋاستىدۇر. مەسىلەن، 我认识他 (مەن ئۇنى تونۇيمەن)، 他认识我 (ئۇ مېنى تونۇيدۇ) دېگەن ئىككى جۈملە پەقەت سۆز تەرتىپىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئارقىلىقلا پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بەزى گراماتىك شەكىللەر سۆز تەرتىپى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: بەزى ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەتلەر (قىزىل قەغەز، چىرايلىق ياز...)

**3. ياردەمچى سۆز.** ياردەمچى سۆزلەرمۇ خەنزۇ تىلىدا گراماتىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىشتىكى مۇھىم گراماتىك ۋاستىلەردىن بىرىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدا كېلىش قوشۇمچىلىرى

بىلەن ئىپادىلىنىدىغان گراماتىك شەكىللەرنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ تىلىدا ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، 把书 (كىتابنى)، 在学校 (مەكتەپتە)، 向群众 (ئاممىغا). ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بىر مۇنچە گراماتىك شەكىللەر ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، پېئىلنىڭ بەزى ھال زامان شەكىللىرى (كەلگەن ئىدىم)، تۇس شەكىللىرى (يېزىپ بول-)، بەزى سۆزلەرنىڭ سوراق شەكلى (كەلدىڭمۇ، سەنمۇ).

**4. تەكرارلاش.** سۆزلەرنى تەكرارلاش ئارقىلىقمۇ بەزى گراماتىك شەكىللەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتنىڭ تەكرار شەكلى (چوڭ-چوڭ، ئۇزۇن-ئۇزۇن...).

**5. تاۋۇش ئالماشتۇرۇش.** بەزى تىللاردا سۆزنىڭ تومۇرىدىكى تاۋۇشلارنى ئالماشتۇرۇش يولى بىلەنمۇ گراماتىك شەكىللەر ھاسىل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەرەب تىلىدا "كتاب" سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى "كتاب" (كىتاب) بولسا، كۆپلۈك شەكلى "كتب" (كۇتۇپ) بولىدۇ.

**6. يىلتىز ئالماشتۇرۇش.** بەزى تىللاردا بىر سۆز بەلگىلىك بىر گراماتىك شەكىلگىلا خاس بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا گراماتىك شەكلى ئۈچۈن باشقا بىر سۆز قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، رۇس تىلىدا "человек" سۆزى "ئادەم" سۆزىنىڭ بىرلىك شەكلى ئۈچۈن قوللىنىلسا، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئۈچۈن "люди" (ئادەملەر) سۆزى قوللىنىلىدۇ.

**7. ئاكسېنت.** بەزى گراماتىك شەكىللەر ئاكسېنت ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوئال جۈملىلەر (كەلدىم؟ مەنمۇ بارىمەن؟).

## 4.1. گراماتىكىلىق كاتېگورىيە

سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بىلەن سۆز-جۈملىلەرنىڭ



بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ تىپ بىرلىكلىرى "گراماتىكىلىق كاتېگورىيە" دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار تۈرلىنىش ئارقىلىق بىرلىك ۋە كۆپلۈك ئۇقۇملىرىنى ئىپادىلەيدۇ (كىتاب-كىتابلار، بالا-بالىلار)؛ مانا بۇ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرىنىڭ بىر تىپى بولۇپ، "سان كاتېگورىيىسى" دېيىلىدۇ؛ ئىسىملار تۈرلىنىش ئارقىلىق ئۆزى بىلدۈرگەن شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ (كىتابىم، كىتابىڭ، كىتابى)؛ مانا بۇ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرىنىڭ يەنە بىر تىپى بولۇپ، "تەۋەلىك كاتېگورىيىسى" دېيىلىدۇ؛ ئىسىملار يەنە تۈرلىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ (كىتاب، كىتابنىڭ، كىتابقا، كىتابنى)، مانا بۇ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرىنىڭ يەنە بىر تىپى بولۇپ، "كېلىش كاتېگورىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم سۆزلەرنى ئىسىمنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق شۇ سۆزنىڭ ئىسىمغا بېقىنغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ، سۆزلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىنىڭ بىر تىپى بولۇپ، "ئېنىقلىغۇچى كاتېگورىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ.

بىر قىسىم گراماتىك كاتېگورىيىلەر ئۆزىدىن تۆۋەن قاتلامدىكى گراماتىك كاتېگورىيىلەر بىلەن مەلۇم نۇقتىدىن ئۆز ئارا پەرقلەنسىمۇ، لېكىن مەلۇم نۇقتىدىن بىر تىپقا كىرىدىغان كىچىك گراماتىك كاتېگورىيىلەرنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى بىرلىك كاتېگورىيىسى بىلەن كۆپلۈك كاتېگورىيىسىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان، كېلىش كاتېگورىيىسى نۇرغۇن خىل ئوخشاش بولمىغان كېلىش كاتېگورىيىلىرىنىڭ

قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان؛ بەزى گراماتىك كاتېگورىيىلەر بولسا بىرلا خىل تىپ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئىگە"، "خەۋەر"، "تولدۇرغۇچى"، "ھالەت" كاتېگورىيىلىرىنىڭ ھەربىرى پەقەت بىرلا خىل تىپ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

گراماتىك كاتېگورىيە مەسىلىسى گراماتىكا ئىلمىدىكى مەركىزىي مەسىلىدۇر. گراماتىكا ئىلمى پەقەت تىل قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى تىپ بىرلىكلىرىنى ئېنىق ئايرىپ، بۇ تىپ بىرلىكلىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتى ۋە قاتلام مۇناسىۋەتلىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىلا، ئاندىن تىلنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت گراماتىك سىستېمىسىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

بىر تىلدىكى گراماتىك كاتېگورىيىلەرنى توغرا ئايرىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. ھەرقانداق گراماتىك كاتېگورىيە گراماتىكىلىق مەنە بىلەن گراماتىك شەكىلنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ، لېكىن گراماتىك شەكىل بىلەن گراماتىكىلىق مەنىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەر ۋاقىت بىرگە بىر بولۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار ئۇچرىشى مۇمكىن:

1) بىر خىل گراماتىك شەكىل بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە خىل گراماتىك مەنىنى ئىپادىلەپ، بىر نەچچە گراماتىك كاتېگورىيىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "بالام" دېگەندىكى "-م" تەۋەلىك مەنىسىنى، بىرىنچى شەخس مەنىسىنى ۋە بىرلىك مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، دېمەك، بىر ۋاقىتتا تەۋەلىك، شەخس ۋە ساندىن ئىبارەت ئۈچ خىل گراماتىك كاتېگورىيىگە تەۋە بولىدۇ؛ "كەلدىم" دېگەندىكى "-دى" ئاددىي



ئۆتكەن زامان مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، "-م" بىرىنچى شەخس ۋە بىرلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىسى بىرلىشىپ يەنە ۋاستىسىز بايان مەيلى مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، دېمەك "-دىم" دېگەن بۇ شەكىل بىر ۋاقىتتا راي، زامان، شەخس ۋە ساندىن ئىبارەت تۆت خىل گراماتىك كاتېگورىيىگە تەۋە بولىدۇ.

2) بىر خىل گراماتىك شەكىل ئەمەلىيەتتە ئاھاڭداش بىر نەچچە خىل گراماتىك شەكىل بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ، بىرنەچچە خىل گراماتىك كاتېگورىيىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ "-ش//-ىش//-ۇش" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىككەن شەكلى پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن، ئىسىمداش كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

3) بىر خىل گراماتىك مەنە بىر نەچچە خىل گراماتىك شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلى ئادەتتە پېئىل ئۆزىكىگە ئاۋۋال "-ي//-ى" قوشۇمچىسى، ئاندىن شەخسلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلەنسە (ئوينايمەن، كېلىمەن، ئوينايسەن، كۆرىسەن)، شېئىر ۋە ماقال-تەمسىللەردە پېئىلنىڭ "-ار//-ەر" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتداش شەكلىگە شەخسلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. (ئوينارمەن، كۆرەرمەن، ئوينارسەن، كۆرەرسەن...).

4) بىر خىل گراماتىكىلىق مەنە بىر قىسىم سۆزلەردە بىر خىل، بىر قىسىم سۆزلەردە يەنە بىر خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. رۇس تىلىدىكى ئىسىمنىڭ كېلىش شەكىللىرىنى ئالساق، تولىسى ئۈچ خىل شەكىلدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن، книга

(كىتاب) دېگەن ئىسىمنىڭ 3-كېلىش شەكلى книге بولسا، стол (ئۈستەل) دېگەن سۆزنىڭ 3-كېلىش شەكلى столу بولىدۇ. тетрадъ (دەپتەر) دېگەن سۆزنىڭ 3-كېلىش شەكلى بولسا тетради بولىدۇ.

5) بىر خىل گرامماتىك مەنە كونتېكىستتا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلارنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىرلىك ئۇقۇمى بىر يەردە بىر تىپتىكى شەيئىنى بىلدۈرسە (مەسىلەن، پويىز — قاتناش قورالى)، يەنە بىر يەردە بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ مەلۇم بىرىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، مەن مۇشۇ پويىزدا كەلدىم). بۇ ئەھۋال گرامماتىك شەكىلنىڭ كۆپ مەنىلىك ھادىسىسى بولۇپ، بۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان گرامماتىك شەكىللەرنىڭ شەكىلداشلىق ھادىسىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. شەكىلداش گرامماتىك شەكىللەر پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان گرامماتىك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كۆپ مەنىلىك گرامماتىك شەكىللەر بولسا بىر خىل گرامماتىك مەنە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر نەچچە ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

2. گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە لوگىكىلىق كاتېگورىيىگە باراۋەر ئەمەس. گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، لوگىكىلىق كاتېگورىيە بولسا تەپەككۇر قانۇنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، گەرچە ھەرقانداق گرامماتىك كاتېگورىيە ئومۇمەن لوگىكىلىق كاتېگورىيىنى ئاساس قىلسىمۇ، لېكىن ئىككىسى بىر نەرسە ئەمەس، چۈنكى بىرىنچىدىن، بىر خىل لوگىكىلىق كاتېگورىيىنىڭ ھەممىلا تىللاردا گرامماتىك كاتېگورىيە بولۇپ ئىپادىلىنىشى ناتايىن، مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ



جىنس پەرقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى (جىنس توغرىسىدىكى لوگىكىلىق كاتېگورىيە) رۇس تىلىدا گرامماتىك كاتېگورىيە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ، خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا بولسا گرامماتىك كاتېگورىيە بولۇپ ئىپادىلەنمەستىن، زۆرۈر تېپىلغاندا لېكسىكىلىق يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ: كىشىلەرنىڭ شەخس توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى (شەخس توغرىسىدىكى لوگىكىلىق كاتېگورىيە) ئۇيغۇر تىلىدا گرامماتىك كاتېگورىيە بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ (كەلدىم، كەلدىڭ، كەلدى)، خەنزۇ تىلىدا بولسا گرامماتىك كاتېگورىيە بولۇپ ئىپادىلەنمەستىن، لېكسىكىلىق يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (你来了，他来了，我来了)؛ ئىككىنچىدىن، لوگىكىلىق كاتېگورىيە بىلەن گرامماتىك كاتېگورىيە مەزمۇن جەھەتتىن بىرگە بىر بولالمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گرامماتىك ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى لوگىكىلىق ئۇقۇم بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ؛ لوگىكىلىق ئۇقۇم بولغان بىرلىك ئۇقۇمى پەقەت بىرلا ئايرىم شەيئىگە قارىتىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى گرامماتىك ئۇقۇم بولغان بىرلىك ئۇقۇمى بولسا بىرلا ئايرىم شەيئىدىن باشقا يەنە بىر تىپتىكى شەيئىلەرگىمۇ، شۇنىڭدەك ئېنىق سانى كۆرسىتىلگەن كۆپ سانلىق شەيئىلەرگىمۇ قارىتىلىدۇ. رۇس تىلىدا گرامماتىك ئۇقۇم بولغان ئەركەك جىنس، چىشى جىنس ئۇقۇملىرى جانلىقلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردا بىئولوگىيە جەھەتتىكى ئەركەك جىنس، چىشى جىنس ئۇقۇملىرى (لوگىكىلىق ئۇقۇملار) بىلەن ئاساسەن بىرلىككە كېلەلىسىمۇ (мать ئانا — چىشى جىنس، отец ئاتا — ئەركەك جىنس، петух خوراز — ئەركەك جىنس، курица مېكىيان — چىشى جىنس)، لېكىن جانسىز شەيئىلەرنى

بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردا لوگىكىلىق ئاساسقا ئىگە بولالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن книга (كىتاب) دېگەن ئىسىم چىشى جىنس كاتېگورىيىسىگە كىرىپ، словаръ (لۇغەت) دېگەن ئىسىم ئەركەك جىنس كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن карандаш (قېرىنداش) دېگەن ئىسىم ئەركەك جىنس كاتېگورىيىسىگە كىرىپ، ручка (رۇچكا) دېگەن ئىسىم چىشى جىنس كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ؟ بۇنىڭغا لوگىكىلىق ئاساس تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ. ھەتتا بەزى ئىسىملاردا گراماتىك ئۇقۇم بولغان جىنس ئۇقۇمى بىلەن بىئولوگىيە جەھەتتىكى جىنس ئۇقۇمى زىتلىشىپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن، ребёнок (بوۋاق) دېگەن ئىسىم گراماتىك جەھەتتىن ئەركەك جىنس كاتېگورىيىسىگە كىرىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئوغۇل بوۋاقىمۇ، قىز بوۋاقىمۇ قارىتىلىۋېرىدۇ.

دېمەك، گراماتىك كاتېگورىيە بىلەن لوگىكىلىق كاتېگورىيە بىر نەرسە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن گراماتىكا تەتقىقاتىدا ھەرگىزمۇ گراماتىك كاتېگورىيىنى لوگىكىلىق كاتېگورىيىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك، چۈنكى بۇنداق ئۇرۇنۇش مۇقەررەر يوسۇندا تىلدىكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت گراماتىك كاتېگورىيىلەرنىڭ بۇرمىلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

3. بىر تىلدىكى گراماتىك كاتېگورىيىلەر بىلەن يەنە بىر تىلدىكى (ئاساسەن غەيرىي تۇغقان تىلدىكى) گراماتىك كاتېگورىيىلەر پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئەھۋال زادى بولمايدۇ. ھەربىر تىل ئۆزىگە خاس بولغان گراماتىك كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق باشقا تىللاردىن پەرقلىنىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ گراماتىك كاتېگورىيە جەھەتتىكى پەرقى تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:



1) بىر تىلدا بار بولغان بەزى گراماتىك كاتېگورىيىلەر يەنە بىر تىلدا بولماسلىقى مۇمكىن، مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمنىڭ تەۋەلىك، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بار، خەنزۇ تىلىدا بولسا مۇنداق گراماتىك كاتېگورىيىلەر يوق. خەنزۇ تىلىدا "تولۇقلىغۇچى" كاتېگورىيىسى بار، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا مۇنداق كاتېگورىيە يوق. رۇس تىلىدا جىنس كاتېگورىيىسى بار، لېكىن خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا مۇنداق كاتېگورىيە يوق.

2) ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئورتاق بار بولغان گراماتىك كاتېگورىيىلەرنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇس تىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بار، لېكىن رۇس تىلىدا ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك "مەجبۇرىي دەرىجە"، "ئۆملۈك دەرىجە" دېگەن كاتېگورىيىلەر كۆرۈلمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇس تىلىنىڭ ھەر ئىككىسىدە كېلىش كاتېگورىيىسى بار، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبى بىلەن رۇس تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبى ئوخشاش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىسىدە بار كېلىشلەرنىڭ مەزمۇنىمۇ بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: رۇس تىلىدىكى ئىگىلىك كېلىش ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، بەزىدە ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: Чтение газет полезно — گېزىت ئوقۇش پايدىلىق)، بىردىن باشقا سانلار بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىملارنىڭ ئىگىلىك كېلىشتە كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ (مەسىلەن: Здес два журнала — بۇ يەردە ئىككى ژۇرنال بار)، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىگىلىك كېلىش ئاساسەن ئىگىلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ.

قىسقىسى، ھەر بىر تىل ئۆزىگە خاس گراماتىك

كاتېگورىيىلەرگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن گراماتىكا تەتقىقاتىدا بىر تىلدىكى گراماتىك كاتېگورىيىنى شۇ پېتىلا يەنە بىر تىلغا تېڭىپ قويۇشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

## 5.1. مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس

گراماتىكا مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ گراماتىك تۈرلىرى (سۆز تۈركۈملىرى) ۋە سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى (سۆزنىڭ گراماتىك شەكىللىرى) نى تەتقىق قىلىدۇ. تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا، مورفولوگىيىنىڭ ئوبيېكتى پەقەت يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، سۆز ياساش قائىدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بىراق، بىرمۇنچە تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىمۇ خۇددى سۆزنىڭ گراماتىك شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشاش، ئاساسەن سۆزگە قوشۇمچىلار قوشۇلۇش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياسالغان ھەرقانداق يېڭى سۆز سۆز تۈركۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئادەتتە، سۆز ياساش قائىدىسىمۇ مورفولوگىيە ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ، مورفولوگىيە سۆز ياساش قائىدىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغاندا، كەڭ مەنىدىكى مورفولوگىيە بولىدۇ.

سىنتاكسىس سۆزلەرنى تەشكىللەپ، ئۇلاردىن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇللىرىنى، جۈملە تىپلىرىنى ۋە ئۇلارنى تەشكىللەپ مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

مورفولوگىيە بىلەن سىنتاكسىس بىر-بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا چەمبەرچاس باغلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا باش كېلىشتىكى ئىسىم (مورفولوگىيىلىك كاتېگورىيە) جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە (سىنتاكسىسلىق كاتېگورىيە) بولۇپ كېلىدۇ. ئىگە



بولسا باش كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى (مورفولوگىيىلىك كاتېگورىيە) جۈملىدە خەۋەر (سىنتاكسىسلىق كاتېگورىيە) بولۇپ كېلىدۇ. خەۋەر بولسا پېئىلنىڭ خەۋەر شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم (مورفولوگىيىلىك كاتېگورىيە) جۈملىدە تولدۇرغۇچى (سىنتاكسىسلىق كاتېگورىيە) بولۇپ كېلىدۇ، تولدۇرغۇچى بولسا چۈشۈم كېلىشتىكى ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 6.1. مورفېما

تىلدىكى ئەڭ كىچىك، باشقا مەنىلىك بۆلەككە ئاجراتقىلى بولمايدىغان مەنە بۆلەكلىرى مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى “ئىشچىلارغا” دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇنى “ئىش-چى-لار-غا” دېگەن تۆت بۆلەككە ئاجرىتىشىمىز مۇمكىن، بۇ بۆلەكلەرنىڭ ھەر بىرى بەلگىلىك مەنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. “ئىش” — بەلگىلىك شەيئىنى بىلدۈرىدۇ، “-چى” — مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، “-لار” — كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ “-غا” — مەلۇم ھەرىكەت ياكى بەلگە قارىتىلغان ئوبيېكتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىلىك بۆلەكلەرنى باشقا مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇشۇ تۆت بۆلەكنىڭ ھەر بىرى بىر مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى مورفېمىلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ، بەلگىلىك مەنە بىلدۈرەلەيدۇ، بۇنداق مورفېمىلار مۇستەقىل مورفېما دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىدىكى تۆت مورفېمىدىن “ئىش” دېگەن مورفېما مۇستەقىل مورفېمىغا كىرىدۇ. بەزى مورفېمىلار پەقەت سۆزلەرگە (مۇستەقىل مورفېمىلارغا) قوشۇلۇپ كەلگەندىلا، ئاندىن بەلگىلىك مەنە بىلدۈرەلەيدۇ. بۇنداق مورفېمىلار قوشۇمچە

مورفېما دېيىلىدۇ. يۇقىرىدىكى تۆت مورفېمىدىن "-چى"، "-لار"، "-غا" دېگەن مورفېمىلار قوشۇمچە مورفېمىغا كىرىدۇ (ئادەتتە "قوشۇمچە" دەپلا ئاتىلىدۇ).

قوشۇمچە مورفېمىلار ئۆزىنىڭ رولىغا قاراپ يەنە سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر سۆزگە قوشۇلۇپ يېڭى بىر سۆزنى ياسايدىغان مورفېمىلار سۆز ياسىغۇچى مورفېما دېيىلىدۇ (ئادەتتە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دېيىلىدۇ). مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "-چى" دېگەن مورفېما "ئىش" دېگەن سۆزگە قوشۇلسا، "ئىشچى" دېگەن بىر يېڭى سۆز ھاسىل قىلىنغان بولىدۇ. "تۆمۈر" دېگەن سۆزگە قوشۇلسا "تۆمۈرچى" دېگەن بىر يېڭى سۆز ھاسىل قىلىدۇ. "-لىق" دېگەن مورفېما "دەرەخ" دېگەن سۆزگە قوشۇلسا، "دەرەخلىق" دېگەن بىر يېڭى سۆز ھاسىل بولىدۇ. "خۇشال" دېگەن سۆزگە قوشۇلسا، "خۇشاللىق" دېگەن بىر يېڭى سۆز ھاسىل بولىدۇ. مانا مۇشۇ "-چى"، "-لىق" دېگەنگە ئوخشاش مورفېمىلار سۆز ياسىغۇچى مورفېمىغا كىرىدۇ.

بىر سۆزگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۇنىڭغا تۈرلۈك گراماتىك مەنىلەرنى قوشىدىغان مورفېمىلار سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا "-لار" دېگەن مورفېما "ئىشچى" دېگەن ئىسىمغا قوشۇلسا، "ئىشچى" دېگەن ئىسىمنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمەستىن، ئۇنىڭغا كۆپلۈك مەنىسى قوشۇلىدۇ، "-غا" دېگەن مورفېما "ئىشچى" دېگەن ئىسىمغا قوشۇلسا، "ئىشچى" دېگەن ئىسىمنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۇنىڭغا يۆنىلىش كېلىش مەنىسىنى قوشىدۇ. مانا مۇشۇ "-لار"، "-غا" دېگەنگە



ئوخشاش مورفېمىلار سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىغا كىرىدۇ.

بەزى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار نۆل بەلگىلىك بولىدۇ. بۇ مەسىلە گراماتىك شەكىلنىڭ نۆل بەلگىلىك بولۇشى بىلەن بىر مەسىلە بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختالغان، بەزى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار بىر ۋاقىتتا بىر نەچچە خىل مورفېمىغا ۋەكىللىك قىلىپ، بىر نەچچە خىل گراماتىك مەنىنى ئىپادىلەيدۇ، بەزى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا ئوخشاش بولمىغان مورفېمىلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، بەزى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار مەنىداش بولىدۇ، بەزى سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىلار كۆپ مەنىلىك بولىدۇ، بۇ مەسىلەر گراماتىك شەكىل بىلەن گراماتىك مەنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلە بىلەن بىر مەسىلە بولۇپ، بىز بۇ ھەقتىمۇ يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

## 7.1. سۆز

مەنە ۋە تاۋۇش جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئايرىم تۇرۇپ بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئادەم"، "ئىشچى"، "ئوقۇ-"، "ئىشلە-" دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇلار مەنە ۋە تاۋۇش جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ؛ "بېرىش-كېلىش"، "دەپتەر-قەلەم"، "ئاددىي-ساددا"، "تۆمۈريول"، "بىرلىكسەپ"، "كۆزەينەك"، "قولقاپ" دېگەن سۆزلەر گەرچە ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى سۆز مەنە ۋە تاۋۇش جەھەتتىن بىر گەۋدە بولۇپ، بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەربىرى بىر سۆز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 1.8. سۆز بىرىكمىسى

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بەلگىلىك بىر ئوي-پىكىرنى ئەمەس، بەلكى سۆزگە قارىغاندا مۇرەككەپ بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان تىل بىرلىكى سۆز بىرىكمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "تۇرسۇننىڭ دادىسى"، "شەھەرگە كىر-"، "چىرايلىق ياز-"، "تىرىشىپ ئوقۇ-" دېگەنلەرنى ئالساق، ئۇلار ئىككى سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، ھەممىسى بەلگىلىك بىر ئوي-پىكىرنى ئەمەس، بەلكى سۆزگە قارىغاندا مۇرەككەپ بولغان بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، مانا بۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بىرىكمىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرى سۆز بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق مۇرەككەپلىشىدۇ. سۆز بىرىكمىلىرى مۇرەككەپلەشكەنسېرى، ئۇلار بىلدۈرىدىغان ئۇقۇممۇ مۇرەككەپلىشىدۇ. مەسىلەن:









## 1.9. جۈملە

سۆزلىگۈچىنىڭ بەلگىلىك ئوي-پىكرىنى بىلدۈرىدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ. جۈملە ئادەتتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بەزى ھاللاردا يالغۇز بىر سۆزمۇ بەلگىلىك بىر ئوي-پىكرنى ئىپادىلەپ بىر جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. ھەرقانداق بىر جۈملىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بەلگىلىك بىر پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىر مەيل ئۇقۇمى بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز ۋەزىپىنى چوقۇم ئادا قىلىمىز.

تەيۋەن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنى.

ئىتتىپاقلىشىپ سوتسىيالىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى!

— بۇگۈنكى يىغىنغا سىزمۇ قاتنىشامسىز؟

— قاتنىشىمەن.

ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي جۈملىنىڭ بەلگىلىك ئۇسۇلدا بىرىكىشى ئارقىلىق، تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە تېخىمۇ تولۇق ئوي-پىكرنى ئىپادىلەيدىغان قوشما جۈملىلەر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەكسىيەتچىلەر ئاغدۇرۇلدى، جاھانگىرلار قوغلاپ چىقىرىلدى، جۇڭگو خەلقى ئازاد بولدى، ئەمگەكچىلەرنىڭ بەختلىك ھاياتى باشلاندى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئەگەر "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكى ئاللىقاچان ۋەيران بولغان بولاتتى.

## 1.10. جۈملە بۆلىكى

سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملە ياكى سۆز

بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشى جۈملە بۆلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، جۈملىدە بايان قىلىنغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى "ئىگە" دەپ ئاتىلىدۇ، بايان قىلغۇچى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى خەۋەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسىمغا بېقىنىپ كەلگەن سۆزلەر ئېنىقلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 11.1. سۆز تۈركۈمى

تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە گراماتىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشى سۆز تۈركۈمى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا شەيئىلەرنى بىلدۈرۈپ، سان، تەۋەلىك ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرى بويىچە تۈرلىنىدىغان سۆزلەر بىر تۈركۈمگە ئاجرىتىلىپ، "ئىسىم" دەپ ئاتىلىدۇ (مەسىلەن: كىتاب، ئادەم، سىياسەت، خۇشاللىق، بوران، يامغۇر...)؛ شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈپ، دەرىجە، مەيل، ھال-زامان، شەخس قاتارلىق گراماتىك كاتېگورىيىلەر بويىچە تۈرلىنىدىغان سۆزلەر يەنە بىر تۈركۈمگە ئاجرىتىلىپ، "پېئىل" دەپ ئاتىلىدۇ (مەسىلەن: ياز-، ئىشلە-، ئولتۇر-، يە-، يار-، شاتلان-): شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىملارغا بىۋاسىتە بېقىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدىغان سۆزلەر يەنە بىر تۈركۈمگە ئاجرىتىلىپ، "سۈپەت" دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل، ئېگىز، چوڭقۇر، يۇملاق، قىزغىن، شەرەپلىك، زېھنىي...)



# ئىككىنچى باب

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى

## 1.2. سۆزنىڭ تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈشىگە قاراپ، تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز، قاتما سۆز، جۈپ سۆز، قىسقارتىلما سۆز دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**1.1.2. تۈپ سۆز.** تۈپ سۆزلەر بىرلا مورفېمىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن:

تاغ، يەر، سۇ، ئادەم، ئىش، ماڭ، يۇگۈر، كۆك، ئېگىز، بەش، ئون، كىم، ئۈچۈن...

**2.1.2. ياسالما سۆز.** ياسالما سۆزلەر تۈپ سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشچى (ئىش + چى)، كۈچلۈك (كۈچ + لۈك)، ئىنقىلابىي (ئىنقىلاب + ىي)، گۈلزار (گۈل + زار)، ئىشلە (ئىش + لە)، ياشار (ياش + ار)

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئارقا قوشۇمچە بولۇپ، سۆزنىڭ ئارقىغا قوشۇلىدۇ، بىراق، سۆزنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ سۆز ياساش رولىنى ئوينايدىغان ئاز بىر قىسىم ئالدى قوشۇمچىلارمۇ قوللىنىلىدۇ،

بۇلار ئاساسەن ئىران تىلىدىن ئۆزلەشكەن. مەسىلەن:

بىچارە ( بى + چارە )، نائۈمىد ( نا + ئۈمىد )، بەتقىلىق ( بەت + قىلىق )، دەرۋەقە ( دەر + ۋەقە )

ئۇيغۇر تىلىدا بىر تۈپ سۆزگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ياكى كەينى-كەينىلەپ تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ تۈرلۈك ياسالما سۆزلەر ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئىش | ئىشچى | ئىشچىلىق |
| | ئىشچان | ئىشچانلىق |
| | ئىشسىز | ئىشسىزلىق |
| | ئىشلە | ئىشلەمچى |
| | | ئىشلەمچىلىك |
| | ئىشلەت- | |
| | ئىشلەن- | |
| | ئىشۋاز | ئىشۋازلىق |
| | ئىشخانە | |

مۇشۇنداق بىر تۈپ سۆز ئاساسىدا ياسالغان بىر تۈپ سۆز "يىلتىزداش سۆزلەر" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا ئاساس بولغان تۈپ سۆز "سۆز يىلتىزى" دەپ ئاتىلىدۇ.

**2.1.3. قاتما سۆز.** ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ بەلگىلىك گراماتىك شەكىلدە تۇراقلىشىپ قېلىشىدىن ھاسىل بولغان بىر قىسىم لېكسىكىلىق بىرلىكلەر بولۇپ، بۇلارنى قاتما سۆز دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاخۇنۇم، كۆندە، ھەققىدە، قارىغاندا، بىردىن، يېڭىۋاشتىن، ھەدەپ، ھەدېگەندە، دېگەنبىلەن، تۇرسۇن، تىلىۋالدى، سېتىۋالدى، خۇدابەردى

**2.1.4. بىرىككەن سۆز.** بىرىككەن سۆزلەر ئىككى سۆزنىڭ



بېقىنىش-بېقىندۇرۇش ياكى ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىكلەردۇر. مەسىلەن:

ئاشقازان، تامگېزىت، بەلۋاغ، قىزىلگۈل، مايتاغ، ئاقساقال، ھۆۋقۇش، ئەتىياز، كۆنچىقىش، تۆگىقۇش، زەڭسال، رىئايە قىل

بىرىككەن سۆزلەر پارچىلانماسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ، تۈپ سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. تىلىمىزدىكى "بۆگۈن" (بۇ + كۈن)، "سەكسەن" (سەككىز + ئون)، بىلەزۈك (بىلەك + ئۈزۈك)، "يانپاش" (يان + باش) قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق سۆزلەرگە كىرىدۇ.

**2.1.5. جۈپ سۆز.** جۈپ سۆزلەر تەڭداش ئىككى بۆلەكنىڭ جۈپلىشىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىكلەردۇر. جۈپ سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ يەنە تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) مەلۇم جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى سۆزنىڭ جۈپلىشىشىدىن ھاسىل بولغان جۈپ سۆزلەر. بۇ خىل جۈپ سۆزلەر ئىككى سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

قىش-ياز ("يىل بويى" دېگەن مەنىدە)، دەپتەر-قەلەم ("ئوقۇش قوراللىرى"، "يېزىش قوراللىرى" مەنىسىدە)، بۆگۈن-ئەتە ("يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە" مەنىسىدە)، جاپا-مۇشاققەت ("تۈرلۈك قىيىنچىلىق" مەنىسىدە).

بۇ خىل جۈپ سۆزلەر تەركىبىدىكى ئىككى سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى مۇنداق بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

**مەنىداشلىق مۇناسىۋەت.** مەسىلەن:

پۈتمەس - تۈگىمەس، مېھىر - شەپقەت، قايغۇ - ھەسرەت، ئارزۇ - ئارمان.

**تۈرداشلىق مۇناسىۋەت.** مەسىلەن:

دەپتەر - قەلەم، يوتقان - كۆرپە، ئوق - دورا، قوغۇن - تاۋۇز، ئاچ - يالىڭاچ.

**قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەت.** مەسىلەن:

ئاستىن - ئۈستۈن، ئاق - قارا، ئېگىز - پەس، بۈگۈن - ئەتە، كىرىش - چىقىش، بېرىش - كېلىش.

2) بىر سۆزنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ھاسىل بولغان جۈپ سۆزلەر. مەسىلەن:

يول - يول، چىكىم - چىكىم، قاچ - قاچ، ئۆر - ئۆر، باس - باس.

3) بىر سۆزنىڭ ئايرىم قوللىنىلمايدىغان بىر بۆلەك بىلەن جۈپلىشىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان جۈپ سۆزلەر. بۇ خىل جۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئايرىم قوللىنىلمايدىغان بۆلەك، ئۆزى جۈپلەشكەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىنى كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بالا - چاقا، قاچا - قومۇچ، تۆمۈر - تەسەك، ئاغرىق - سىلاق، مېۋە - چېۋە، كىيىم - كېچەك، پارچە - پۇرات

4) بىر سۆزگە، ئاساسەن ئىسىملارغا "پ" ياكى "م" تاۋۇشى بىلەن باشلانغان بىر قاپىيىداش بۆلەكنىڭ جۈپلىشىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان جۈپ سۆزلەر. بۇ خىل جۈپ سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى قاپىيىداش بۆلەك ئۆزى جۈپلەشكەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزگە غەيرىي



رەسمىيلىك ياكى ياقتۇرماسلىق تۈسىنى كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

نان - پان، چاي - پاي، كىتاب - پىتاپ، ئۆي - مۆي، ئات - پات، ھويلا - پويلا، ماشىنا - پاشىنا، پارتا - مارتا.

5) ئايرىم قوللىنىلمايدىغان ئىككى بۆلەكنىڭ جۈپلىشىپ كېلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان جۈپ سۆزلەر. مەسىلەن:

ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئوڭتەي - توڭتەي، گۆڭگۈر - مۆڭگۈر، ئاپاق - چاپاق.

**6.1.2. قىسقارتىلما سۆز.** شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ بېشىدىن بىر تاۋۇشنى (يېزىقتا ھەرپىنى) ياكى بىر بوغۇمنى ئېلىش يولى بىلەن ياسالغان سۆزلەر قىسقارتىلما سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۇنداق سۆزلەر تېخى كۆپ ئەمەس. مەسىلەن:

ش ئۇ ئا ر (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)
ج خ (جامائەت خەۋپسىزلىكى)
ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى)
رايكوم (رايونلۇق كومىتېت)

## 2.2. سۆز تۈركۈمى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر مەنىسىگە ھەم تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار، رەۋىش، ئالماش، پېئىل، تەقلىد سۆز، ئىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمە، ئىملىق سۆزلەردىن ئىبارەت 12 سۆز تۈركۈمىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنقى سەككىزى ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، "مۇستەقىل سۆزلەر" دەپ ئاتىلىدۇ،

كېيىنكى تىركەلمە، باغلىغۇچى، يۈكلىمىلەر باشقا مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ گرامماتىك مەنە ياكى قوشۇمچە مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ياكى سۆز، جۈملىلەرنى باغلاش رولىنىلا ئوينايدىغانلىقى ئۈچۈن، "ياردەمچى سۆزلەر" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە سۆز تۈركۈمى. پېئىلدىن باشقا مۇستەقىل سۆزلەر يەنە ئورتاق بىر مۇنچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، "تۇرغۇن سۆزلەر" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

| سۆز تۈركۈمىنىڭ نامى | | | مىساللار |
| --- | --- | --- | --- |
| مۇستەقىل سۆزلەر | | پېئىل | ياز-، ماڭ-، كۈل-، سەمرى-، كۆكەر- |
| | تۇرغۇن سۆزلەر | ئىسىم | تاغ، سۇ، كەتمەن، نان، ئىرادە، كۈلكە |
| | | سۈپەت | قىزىل، ئېگىز، يۇملاق، سۇنئىي، گرامماتىك |
| | | سان | بەش، ئون بىر، ئىككىنچى، بەشچە، ئۈچتىن بىر |
| | | مىقدار | يۈتۈم، سىلىم، كىلومېتىر، سەر، چارەك، نەپەر |
| | | رەۋىش | بۈگۈن، ئۈگۈنلۈككە، دەرھال، ناھايىتى، قەستەن |
| | | ئالماش | مەن، بىز، نېمە، قانداق، قانچە، ئۆزۈم، ئاللىكىم |
| | | تەقلىد سۆز | ۋاراڭ-چۇرۇڭ، پال-پۇل، لوق-لوق، شىر-شىر |
| ياردەمچى سۆزلەر | | باغلىغۇچى | ۋە، بىلەن، ھەم، ھەمدە، چۈنكى، لېكىن |
| | | تىركەلمە | ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ئارقىلىق، ئائىت، قارىغاندا |
| | | يۈكلىمە | مۇ، چۇ، غۇ، ئېھتىمال، لا، زە |
| ئىملىق سۆز | | | پاھ، ۋايجان، ئەستاغپۇرۇللا، ئاپلا، تىر-تىر |



## 3.2. سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى

ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىلىك شەكىللەرگە ئىنتايىن باي تىل. سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى سۆزگە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ياكى مەخسۇس ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ كېلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بىر سۆزنىڭ تۈرلۈك مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى ئۇ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۇنىڭغا تۈرلۈك مۇناسىۋەت مەنىلىرىنى (گرامماتىك مەنىلەرنى) قوشىدۇ ياكى ئۇنىڭ گرامماتىك ئىقتىدارىنى ئۆزگەرتىدۇ.

1) ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرى ئىچىدە پېئىل تۈركۈمى مورفولوگىيىلىك شەكىلگە ئەڭ باي سۆز تۈركۈمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۈرلىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ: پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا كۆرۈلىدىغان دەرىجە شەكىللىرى (مەسىلەن: ياز-، يازدۇر-، يېزىل-، يېزىش-)؛ بولۇشلۇق-بولۇشسىز شەكلى (مەسىلەن: ياز-، يازما-)؛ پېئىلنىڭ خەۋەر شەكلىدە كۆرۈلىدىغان تۈرلۈك مەيل شەكىللىرى (مەسىلەن: يازدىم-يېزىپتىمەن-يازغۇدەكمەن-يازسام-يازاي-يازغىيدىم...)؛ ھال-زامان شەكىللىرى (مەسىلەن: يازىمەن-يېزىۋاتىمەن-يازماقچىمەن-يازدىم-يازغانمەن-يازغانىدىم-يازاتتىم-يېزىۋاتاتتىم-يازماقچىدىم)؛ شەخس شەكىللىرى (مەسىلەن: يازىمەن-يازىمىز-يازىسەن-يازىسىلەر-يازىدۇ)؛ پېئىلنىڭ سۈپەت، ئىسىم ۋە رەۋىش رولىدا كېلىدىغان تۈرلۈك تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى، يەنى سۈپەتداشلار (مەسىلەن: يازغان-يازىدىغان-يېزىۋاتقان-يازار)؛ ئىسىمداشلار (مەسىلەن: يازماق-يېزىش-يازغۇ-يازغۇچى-يازغانلىق-يېزىۋاتقانلىق-يازىدىغانلىق) ۋە رەۋىشداشلار (مەسىلەن: يازا-يېزىپ-يازغاچ-يازغاچقا-يازغۇچە-يازغىلى-يازغانسېرى).

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار يەنە تۇرغۇن سۆز شەكلىدە بىر قىسىم ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، پېئىلنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرى خىلمۇخىل تۈس، ھال مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول گىراماتىك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ (مەسىلەن: يېزىپ بول- يېزىپ قوي- يېزىۋەت- يازىۋەر- يېزىپ چىق- يېزىۋال- يېزىپ بەر- يېزىپ تۇر- يېزىپ ئولتۇر- يېزىپ يات (يېزىۋات-)- يېزىشقا باشلا- يازغىلى تۇر- يېزىپ باق- يازغان بول- يازىدىغان بول- يېزىۋاتقان بول...)

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار جۈملىگە كىرگەندە، بىر ۋاقىتتا بىر قانچە خىل مورفولوگىيىلىك شەكىلنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، بىر قانچە خىل گىراماتىك مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن: "كۆرۈشتۈرەلمىدىم" دېگەن پېئىل شەكلىنى ئالساق، ئۆملۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە، ئىمكان تۈس، بولۇشسىزلىق، ۋاستىسىز بايان مەيلى، ئاددىي ئۆتكەن زامان، I شەخس، بىرلىكتىن ئىبارەت سەككىز خىل گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

2) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارمۇ ئۆزگىرىشچان سۆز تۈركۈمى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار تۈرلىنىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ: بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكلى (مەسىلەن: ئۆي- ئۆيلەر)؛ تەۋەلىك شەكىللىرى (مەسىلەن: ئۆيۈم- ئۆيۈڭ- ئۆيىڭىز- ئۆيىمىز- ئۆيۈڭلار- ئۆيى)؛ ھەر خىل كېلىش شەكىللىرى (مەسىلەن: ئۆي- ئۆينىڭ- ئۆيگە- ئۆينى- ئۆيدە- ئۆيدىن- ئۆيدەك- ئۆيدىكى- ئۆيگىچە- ئۆيچىلىك).

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار يەنە "تىركەلمە" دەپ ئاتىلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم- تىركەلمە



قۇرۇلمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىلار ئەمەلىيەتتە ئىسىمنىڭ ئانالىتىك كېلىش شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ (مەسىلەن: ئۆي توغرۇلۇق- ئۆي ئارقىلىق- ئۆي بويىچە- ئۆي قاتارلىق- ئۆي كەبى- ئۆيگە ئائىت...).

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىگە كىرگەندە، بىر ۋاقىتتا بىرقانچە خىل مورفولوگىيىلىك شەكىلنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، بىر قانچە خىل گىراماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "باللىرىمىنىڭ" دېگەن ئىسىم شەكلىنى ئالساق، كۆپلۈك، تەۋەلىك، I شەخس، بىرلىك، ئىگىلىك كېلىشتىن ئىبارەت بەش خىل گىراماتىك مەنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

3) ئۇيغۇر تىلىدا بىردىن ئونغىچە بولغان پۈتۈن سانلار، ئونلار خانىسىنىڭ ھەربىر ئونلۇق پەللىسىدىكى پۈتۈن سانلار ۋە "يۈز"، "مىڭ"، "مىليون"، "مىليارد" قاتارلىق چوڭ سانلار ئاددىي سان ھېسابلىنىپ ئايرىم يەككە سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن سانلار مۇرەككەپ سان ھېسابلىنىپ چوڭ خانىلىق سانلارغا كىچىك خانىلىق سانلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن (مەسىلەن: ئون بىر، سەكسەن بەش، يۈز بەش) ياكى كىچىك خانىلىق سانلارنىڭ چوڭ خانىلىق سانلارنى ھەسسىلەپ كېلىشىدىن (مەسىلەن: ئىككى يۈز بەش مىڭ، ئون ئۈچ مىڭ، ئون يەتتە مىليون) ھاسىل بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا يۈزلەر خانىسى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى خانىدىكى ئاددىي سانلارلا ھەسسىلىنىدۇ (مەسىلەن: ئىككى يۈز، بەش مىڭ، تۆت يۈز مىڭ، ئون ئۈچ مىليون).

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئەسلىي شەكلى مەنە ۋە مورفولوگىيىلىك شەكىل جەھەتتىن "ساناق سان" ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىنىشى ئارقىلىق مۆلچەر سان

(مەسلەن: ئونچە، مىڭچە، مىڭدەك، بەش-ئون، ئون نەچچە)، تەرتىپ سان (مەسلەن: بىرىنچى، ئون ئىككىنچى...)، كەسىر سان (مەسلەن: تۆتتىن بىر، يۈزدىن يىگىرمە...)، تەقسىم سان (مەسلەن: بىردىن، بەش-ئالتىدىن...)، رەۋىش سان (مەسلەن: مىڭلاپ، بىرلەپ - ئىككىلەپ)، كىشىلىك سان (مەسلەن: بىرەيلەن، بەشەيلەن، ئون نەچچەيلەن...) ئالماش سان (ئىككىمىز، بەشىڭلار، تۆتى...) قاتارلىق سان تۈرلىرى ياسىلىدۇ.

4) ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسىنى كۈچەيتىشكە ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولىدىغان سۈپەتلەر (دەرىجىلىك سۈپەتلەر) تۈرلىنىش ئارقىلىق، ئەسلىي دەرىجە (مەسلەن: ئاددىي، قىسقا)، كېمەيتمە دەرىجە (مەسلەن: ئاددىيراق، قىسقىراق)، ئاشۇرما دەرىجە (مەسلەن: ئاپئاددىي، قىپقىسقا) ئەركىلەتمە دەرىجە (مەسلەن: ئاددىيغىنا، قىسقىغىنا) شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ.

5) ئالماش — ئىسىم، سۈپەت، سان قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئالمىشىپ، شۇلارنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان سۆز تۈركۈمى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلار قايسى سۆز تۈركۈمىدىكى سۆز بىلەن ئالمىشىپ كەلگەن بولسا، ئاساسىي جەھەتتىن شۇ سۆز تۈركۈمى بىلەن ئوخشاش تۈرلىنىپ، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرىگە ئوخشاش مورفولوگىيىلىك شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

6) ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ تولۇق باغلامچى رولىدىكى "بول-"، "قىل-" قاتارلىق ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىشىدىن شۇ سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكلى ھاسىل بولۇپ، خۇددى ئادەتتىكى پېئىللارغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ (مەسلەن: باغ بول-، باغ قىل-، ئادەم بول-، كىچىك بول-، كىچىك قىل-، چىرايلىق بول-، چىرايلىق قىل-، ئون بەش بول-، ئون بەش قىل-، مۇنداق بول-، مۇنداق قىل-...).



## 4.2. كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوللىنىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئىككىدىن ئارتۇق شەكىلگە ئىگە، مەسلەن، ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىر يەردە "-لار" (كىتابلار) شەكلىدە كەلسە، بىر يەردە "-لەر" (دەپتەرلەر) شەكلىدە كېلىدۇ؛ ئىسىمنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىر يەردە "-دا" (بازاردا)، بىر يەردە "-دە" (ئۆيدە)، بىر يەردە "-تا" (كىتابتا)، بىر يەردە "-تە" (مەكتەپتە) شەكلىدە كېلىدۇ. بىر قوشۇمچىنىڭ مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان شەكىللىرى "ۋارىيانت" دېيىلىدۇ. بىز كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچىلارنى كۆرسەتكەندە، ۋارىيانتلار ئارىسىغا "//" بەلگىسىنى قويىمىز، مەسلەن: ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسىنى "-لار//-لەر" شەكلىدە، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسىنى "-دا//-تا//-دە//-تە" شەكلىدە كۆرسىتىمىز.

قوشۇمچىلارنىڭ كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇشىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، بىر قوشۇمچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋارىيانتلىرى شۇ قوشۇمچە قوشۇلىدىغان ئۆزەكنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا قوشۇلىدۇ. ۋارىيانتلارنىڭ ئۆزەككە ماسلىشىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1) "-دىن//-تىن" غا ئوخشاش بېشىدىكى تاۋۇش جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلار جاراڭلىقلىرى جاراڭلىق تاۋۇش (جۈملىدىن سوزۇق تاۋۇش) بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىدۇ، جاراڭسىزلىرى جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىدۇ، مەسلەن:

قەغەز + دىن ← قەغەزدىن، تالا + دىن ← تالادىن، قولىمىز + دىن ← قولىمىزدىن، ئات + تىن ← ئاتتىن، ئاش + تىن ← ئاشتىن، ئۆگىنىش

+تىن ← ئۆگىنىشتىن.

2) "-سا//-سە" گە ئوخشاش تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلار ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياز+سا ← يازسا، كەل+سە ← كەلسە، ئولتۇر+سا ← ئولتۇرسا، كۆزلە+سە ← كۆزلىسە.

3) "-ى//-سى" غا ئوخشاش بېشىدا سوزۇق تاۋۇش بار-يوقلۇقى جەھەتتىنلا پەرقلىنىدىغان ۋارىيانتلارنىڭ سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغىنى ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە، ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغىنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

قەلەم+ى ← قەلىمى، مەيدان+ى ← مەيدانى، گەۋدە+سى ← گەۋدىسى، ياخشى+سى ← ياخشىسى.

4) "-ي//-اي//-ەي" گە ئوخشاش بېشىدا سوزۇق تاۋۇش بار-يوقلۇقى جەھەتتىن ۋە سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلارنىڭ سوزۇق تاۋۇشسىز كەلگىنى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىدۇ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن كەلگەنلىرى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلە+ي ← سۆزلەي، قارا+ي ← قاراي، ئولتۇر+ئاي ← ئولتۇراي، قايت+ئاي ← قايتاي، كەل+ئەي ← كېلەي، كۆندۈر+ئەي ← كۆندۈرەي.

5) "-غان//-قان//-گەن//-كەن" گە ئوخشاش بېشىدىكى ئۇزۇك



تاۋۇشلار جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتىن، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلار بىر تەرەپتىن ئۆزەكنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋۇشقا جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ماسلاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياز+غان ← يازغان، ئوقۇ+غان ← ئوقۇغان، ئوقۇت+قان ← ئوقۇتقان، ئاس+قان ← ئاسقان، يۈگۈر+گەن ← يۈگۈرگەن، ئەت+كەن ← ئەتكەن، تۈگەت+كەن ← تۈگەتكەن.

6) "-لىق//-لىك//-لۇق//-لۈك" كە ئوخشاش تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلار ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا ھەم تىل ئورنى ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

كۈچار+لىق ← كۈچارلىق، خوتەن+لىك ← خوتەنلىك، قۇمۇل+لۇق ← قۇمۇللۇق، بۈگۈر+لۈك ← بۈگۈرلۈك.

7) "-ڭلار//-ىڭلار//-ۇڭلار//-ۈڭلار" گە ئوخشاش بېشىدا سوزۇق تاۋۇش بار-يوقلۇقى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ھەم بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇش تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلارنىڭ ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن باشلانغىنى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىدۇ، لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغىنى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ۋە ئاخىرقى بوغۇمىدا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىدۇ، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغانلىرى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ۋە ئاخىرقى بوغۇمىدا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش كەلگەن ئۆزەكلەرگە

ئۆلىنىدۇ. مەسىلەن:

بالا + لار ← بالىلار، يىڭنە + لار ← يىڭنىلار، ژۇرنال + لار ← ژۇرناللار، دەپتەر + لار ← دەپتەرلەر، ئوقۇش + لار ← ئوقۇشلار، ئامبۇر + لار ← ئامبۇرلار، كۆن + لار ← كۆنلەر، كۆۋرۈك + لار ← كۆۋرۈكلەر.

8) "-دىك//-تىك//-دۇك//-تۇك//-دۈك//-تۈك" گە ئوخشاش بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار جاراڭلىقلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتىن، تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ھەم تىل ئورنى، ھەم لەۋ ھالىتى جەھەتتىن پەرقلەنگەن ۋارىيانتلار ھەم ئۆزەكنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋۇشقا جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق جەھەتتىن، ھەم ئۆزەكنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئورنى ۋە لەۋ ھالىتى جەھەتتىن ماسلىشىپ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا + دىك ← ئوينىدىك، كەل + دىك ← كەلدىك،

سۆزلەش + تىك ← سۆزلەشتىك، يەت + تىك ← يەتتىك،

ئوقۇ + دۇك ← ئوقۇدۇك، ئولتۇر + دۇك ← ئولتۇردۇك

ئوقۇت + تۇك ← ئوقۇتتۇك، ئوقۇش + تۇك ← ئوقۇشتۇك،

يەتكۈز + دۈك ← يەتكۈزدۈك، كۆر + دۈك ← كۆردۈك

پۈتۈش + تۈك ← پۈتۈشتۈك، كۈت + تۈك ← كۈتتۈك.

ئەسكەرتىش: بەزى سۆزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا، ئۆزەك بىلەن قوشۇمچىنىڭ ئارىلىقىدا باشقا ئېلېمېنتلار قوشۇلۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ، بۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا تونۇشتۇرىمىز.



# ئۈچىنچى باب ئىسىم

## 1.3. ئىسىمنىڭ مەنىسى

ئىسىم شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. بۇ يەردىكى شەيئى سۆزى كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان گىرامماتىك ئاتالغۇ بولۇپ، "كىم"، "نېمە"، "قەيەر" دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

— كىم؟

ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، جەڭچى، ئەخمەت، ئايشەم، ئانا...

— نېمە؟

ئات، تۆگە، قوڭغۇز، تاش، سۇ، دەرەخ، بۇغداي، جوزا، ئۆي، ھويلا، بوران، يامغۇر، چېقىن، تاشقىن، جەڭ، ھور، نەزەرىيە، سىياسەت، ھۆكۈمەت، ئويۇن، كۈلكە، ھۇجۇم، خۇشاللىق، قەھرىمانلىق...

— قەيەر؟

ئاسىيا، يىراق شەرق، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپانيۇز...

## 2.3. ئومۇمىي ئىسىم ۋە خاس ئىسىم

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئومۇمىي ئىسىم ۋە خاس ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر تىپتىكى شەيئى ئۈچۈن ئورتاق نامنى ياكى بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىم

دېيىلىدۇ. مەسىلەن: "تاغ" دېگەن ئىسىم ھەممە تاغلار ئۈچۈن، "ئادەم" دېگەن ئىسىم ھەممە ئادەم ئۈچۈن، "شەھەر" دېگەن ئىسىم ھەممە شەھەر ئۈچۈن ئورتاق؛ "نەزەرىيە"، "سىياسەت"، "دېموكراتىزم" قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ئىسىمغا كىرىدۇ. ئومۇمىي ئىسىملار تىلدىكى ئىسىملارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىر تىپتىكى شەيئىلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان مەخسۇس ناملار خاس ئىسىم دېيىلىدۇ، مەسىلەن، "تەڭرىتاغ" دېگەن ئىسىم بىر تاغنىڭ نامى بولۇپ، بۇ تاغ شۇ نام ئارقىلىق باشقا تاغلاردىن پەرقلىنىدۇ؛ "ئەخمەت" دېگەن ئىسىم بىر ئادەمنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئادەم شۇ نامى ئارقىلىق باشقا ئادەملەردىن پەرقلىنىدۇ؛ "ئۈرۈمچى" دېگەن ئىسىم بىر شەھەرنىڭ نامى بولۇپ، بۇ شەھەر شۇ نام ئارقىلىق باشقا شەھەرلەردىن پەرقلىنىدۇ، ۋەھاكازا. مانا مۇشۇ خىلدىكى مەخسۇس ناملار خاس ناملارغا كىرىدۇ.

نۇرغۇنلىغان خاس ئىسىملار ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ ياكى باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، "باھار"، "پولات" دېگەن ئادەم ئىسىملىرى (خاس ئىسىملار) "باھار"، "پولات" دېگەن ئومۇمىي ئىسىملارنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق، "ئادىل"، "ئەركىن" دېگەن ئادەم ئىسىملىرى (خاس ئىسىملار) "ئادىل"، "ئەركىن" دېگەن سۈپەتلەرنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق، "ئالغا" دېگەن گېزىت ياكى داۋۇي نامى "ئالغا" دېگەن رەۋىشنىڭ خاسلاشتۇرۇپ قوللىنىلىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان،



بۇ خىل خاس ئىسىملار شۇ خىلدىكى ئومۇمىي ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەر بىلەن ئاھاڭداش سۆز بولۇپ قالىدۇ.

### 3.3. ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى

**1.3.3. ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى** — ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ سان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىك كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار جۈملىگە كىرگەندە، زۆرۈرىيەتكە قاراپ ياكى بىرلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان بىرلىك شەكىلدە كېلىدۇ ياكى كۆپلۈك ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان كۆپلۈك شەكىلدە كېلىدۇ.

ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى بىلەن كۆپلۈك شەكلى شۇ ئىسىمغا "-لار//-لەر" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ: "-لار//-لەر" قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى ھېسابلىنىدۇ؛ "-لار//-لەر" قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىملار ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

| بىرلىك شەكلى | كۆپلۈك شەكلى |
| --- | --- |
| كىتاب | كىتابلار |
| قەغەز | قەغەزلەر |
| بالا | بالىلار |
| شەھەر | شەھەرلەر |

**2.3.3. ئىسىمنىڭ بىرلىك شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:**

1) بىر تىپتىكى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

**ئات** ئالساڭ مىنىپ كۆر، **چىنە** ئالساڭ چېكىپ (ماقال).

**پويىز** — قاتناش قورالى.
**ئوقۇغۇچى** قوبۇل قىلىش پىلانى تۈزۈلدى.

2) بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ ئايرىم بىرىنى ياكى ئايرىم بىر جۈپىنى ياكى ئايرىم بىر قېتىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ دەرسخانىمىز ناھايىتى يورۇق.
ئۇنىڭ كۆزى بەك ئۆتكۈر.
تۈنۈگۈنكى مەجلىسكە مەنمۇ قاتناشتىم.

3) سان-مىقدارى ئېنىق ئېيتىلغان كۆپ سانلىق شەيئىلەر ئىسمىنىڭ بىرلىك شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەللىك ئات، بەش مەكتەپ، ئوتتۇز ئوقۇغۇچى، بىر ئۆي ئادەم، بىر قوتان قوي...

4) بەزى ئابستراكت ئىسىملار ھامان بىرلىك شەكلىدىلا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تىنچلىق، دېموكراتىزم، كوممۇنىزم.

### 3.3.3. ئىسىمنىڭ كۆپلۈك شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) ساناشقا بولىدىغان شەيئىنى بىلدۈرگۈچى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ ھەممىسىنى ياكى مەلۇم بىر توپىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يىللار مەيدەڭنى تۇتۇپ قاقاقلاپ كۈلمە،
ئالدىڭدا قىزىرىشتىن ئارتۇق كۆرىمەن ئۆلۈمنى. (ل.مۇتەللىپ)
بۇ بىنالار بۇلتۇر سېلىندى.
بىزنىڭ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولدى.

2) ساناشقا بولمايدىغان شەيئىنى بىلدۈرگۈچى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى شۇ شەيئىنىڭ ھەر خىللىقىنى ياكى كۆپ



قېتىملىقىنى ياكى ئۇ يەر-بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇنداق ئىشلار بىلەن كارىم يوق، دېدى، ئۇ.
مەزھەپچىلىكنىڭ قالدۇقلىرى پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەردە يوقىتىلىشى كېرەك، پارتىيە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلەردىمۇ يوقىتىلىشى كېرەك. (ماۋ زېدۇڭ)
بۇنداق تەييارلىقنى قىلماسلىق توغرا ئەمەس، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلار ئۇچۇن پايدىسىز. (ماۋ زېدۇڭ)
... يىگىت ... ھەيۋەتلىك، ئېگىز، كوئىنلۇن چوققىلىرىغا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئالماستەك پارقىراپ تۇرغان قارلارغا ھېرىسمەنلەك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. (قەييۇم تۇردى)
سابىر داجەيدىن قايتقاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۆي-پىكرىمىز ئاشۇ تاغدا، قار سۇلىرىدا بولۇپ قالدى. (قەييۇم تۇردى)

3) بىرلا ئادەمنى بىلدۈرگۈچى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى شۇ ئادەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر توپ ئادەم نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ مەكتەپ يېقىن، ئۇكاملارنىڭ مەكتىپى بىر ئاز يىراق.
سۇڭ مېي زەيتۇنەملەرنىڭ ئۆيىگە باراتتى. (قەييۇم تۇردى)
سابىرلار دادۇي ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، تەرەپ-تەرەپتىن كەلكۈندەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەزالار توپى ئارىسىدا قالدى. (قەييۇم تۇردى)

4) بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى قاتناشقان جۈملىلەر بەزى كونتېكىستلاردا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئىشلارنىڭ گەۋدىلىك بىرىنى كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بالا ھازىر چوڭ بولۇپ تراكتورلارنى ھەيدەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. (بالا نۇرغۇن ئىشلانى قىلالايدۇ، تراكتور ھەيدەش شۇ ئىشلارنىڭ

گەۋدىلىك بىرى ).

تەشكىل ئۇنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىغا كۆپ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەردى، بىيىجىڭلارغىمۇ ئەۋەتتى.

بۈگۈن پەقەتلا مىجەزىم يوق، باشلىرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ.

5) بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بەزى كونتېكىستلاردا مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن شۇ چاغلاردا 20 ياشلاردا بار ئىدىم.

ئۇلار ھازىر لەنجۇلارغا يېتىپ بارغاندۇ.

6) تەڭ مۇناسىۋەتتە تىزىلىپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرقى قىسمى كۆپلۈك شەكلىدە كېلىپ ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈنكى يىغىنغا بىزنىڭ سىنىپتىن قاسىم، تۇردى، ئەخمەتلەر قاتناشتى.

ئاقسۇ، كۇچار، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەرنى ئايلىنىپ كەلدىم.

7) كۆپلۈك قوشۇمچىسى تۆۋەندىكى ئەھۋالدا سۆز ياساش رولىنى ئوينايدۇ:

(1) ئوندىن 90 گىچە بولغان ئارىلىقتىكى تاق سۆزلۈك تەرتىپ سانلار بىلەن ئىپتىقلانغان "يىل" سۆزىگە قوشۇلسا، شۇ سان پەللىسى ئىچىدىكى ئون يىلنى ئىپادىلەيدىغان ۋاقىت ئىسمى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

30- يىللار، 50- يىللار، 80- يىللار…

(2) بىر، ئون، يۈز، مىڭ، ئونمىڭ، يۈزمىڭ، مىليون قاتارلىق سانلارغا قوشۇلسا ساندىكى خانا ئىسمىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار، ئونمىڭلار، يۈزمىڭلەر، مىليونلار، ئون مىليونلار، يۈز مىليونلار…



(3) بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ خىل سۈپەتكە ئىگە ئادەملەر ئومۇمىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كونىلار، چوڭلار، قەدىمكىلەر، ئاقلار، قىزىللار.

## 4.3. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى

**1.4.3. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى** — ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ مەلۇم بىر شەيئىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىك كاتېگورىيە. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ كاتېگورىيە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان تەۋەلىك شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى تەۋەلىگۈچىنىڭ شەخسىگە مۇۋاپىق ھالدا I شەخس، II شەخس ۋە III شەخستىن ئىبارەت ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ؛ I شەخس سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ II شەخس ئالدى بىلەن ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر ۋە ھۆرمەت تۈر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ، بۇلاردىن ئاددىي تۈرى يەنە بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ، سىپايە تۈرى بىرلىك بويىچىلا قوللىنىلىدۇ، ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ؛ III شەخسمۇ سان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ بۇ تۈرلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ياسىلىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

| تۈرى | | تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | -م // -ىم // -ۇم | بالام، قەلىمىم، قولۇم، كۆزۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | -مىز // -ىمىز | بالىمىز، قەلىمىمىز، قولىمىز، كۆزىمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | -ڭ // -ىڭ // -ۇڭ // -ۈڭ | بالاڭ، قەلىمىڭ، قولۇڭ، كۆزۈڭ |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | -ڭلار // -ىڭلار // -ۇڭلار // -ۈڭلار | بالاڭلار، قەلىمىڭلار، قولۇڭلار، كۆزۈڭلار |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | -ڭىز // -ىڭىز | بالىڭىز، قەلىمىڭىز، قولىڭىز، كۆزىڭىز |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | -لىرى | بالىلىرى، قەلەملىرى، قوللىرى، كۆزلىرى |
| III شەخس | تۈرى | -سى // -ى | بالىسى، قەلىمى، قولى، كۆزى |

ئەسلىدە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بەزى ئىسىملار مەسىلەن، ئەسلىدە "سۇۋ"، "ماتائ" بولغان "سۇ"، "ماتا" سۆزلىرى ۋە ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇنراق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان "پولۇ"، "ياڭيۇ" قاتارلىق سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا بىر "ي" تاۋۇشى پەيدا بولۇپ، ئاندىن تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارغا قوشۇلىدىغان ۋارىيانتلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۇ + ي + ۇم ← سۇيۇم، ماتا + ي + ىڭ ← ماتايىڭ، ياڭيۇ + ي + ىڭىز ← ياڭيۇيىڭىز، پولۇ + ي + ىڭ ← پولۇيىڭ.

**3.4.2.** ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تەۋەلىك شەكلىگە كىرگەن ئىسىملار ئۆزىنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈك شەكلىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:



| بىرلىك تەۋەلىك شەكلى | كۆپلۈك تەۋەلىك شەكلى |
|---|---|
| قەلىمىم | قەلەملىرىم |
| قەلىمىمىز | قەلەملىرىمىز |
| قەلىمىڭ | قەلەملىرىڭ |
| قەلىمىڭلار | قەلەملىرىڭلار |
| قەلىمىڭىز | قەلەملىرىڭىز |
| قەلىمى | قەلەملىرى |

**3.4.3. ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:**

1) ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى شەخس ئالماشلىرى بىلەن ئېنىقلانغان ئىسىملار شۇ ئالماشنىڭ شەخس ۋە سانى بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ كىتابىم، بىزنىڭ كىتابىمىز، سېنىڭ كىتابىڭ، سىلەرنىڭ كىتابىڭلار، سىزنىڭ كىتابىڭىز، سىلىنىڭ كىتابلىرى، ئۇنىڭ (ئۇلارنىڭ) كىتابى

2) ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ياكى ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىملار III شەخس تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

قاسىمنىڭ ئاكىسى، مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى، جوزىنىڭ ئۈستى، كىنو بېلىتى، رەسىم كۆرگەزمىسى، تارىم دەرياسى.

3) ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم شەيئىنى شۇ شەيئى بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە بولغان يەنە بىر شەيئىنىڭ بەلگىسى ئارقىلىق ئېنىقلايدىغان ئىگە ــ خەۋەر بىرىكمىلىرى كۆپ قوللىنىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق بىرىكمە تەركىبىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىسىملار ھامان تەۋەلىك شەكلىدە كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىگىلىك كېلىشتىكى

ئىپنقلىغۇچىلىرى بولمايدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو يېرى چوڭ، بايلىقى مول، ئاھالىسى كۆپ بىر مەملىكەت.

مەن قابىلىيىتىم تۆۋەن، تەجرىبەم يوق بىر ئادەم.

4) ئىسىمنىڭ تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بەزى گىراماتىكا كىتابلىرىدا "ئىسىمنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى گىراماتىكا كىتابلىرىدا بولسا "ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كاتېگورىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ كاتېگورىيىنى "ئىسىمنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى" دەپ ئاتاش مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى بۇ كاتېگورىيىدە شەخس ئۇقۇمى ئىپادىلەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت تەۋەلىكچىنىڭ شەخسى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىسىمنى شەخس جەھەتتىن ئۆزگەرتىش رولىنى ئوينىمايدۇ. I ۋە II شەخستىكى تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان ئىسىملارمۇ يەنىلا III شەخس ئورنىدا تۇرىۋېرىدۇ. مەسىلەن: "ئاكام كەلدى"، "ئاكىڭىز كەلدى"، "ئاكىسى كەلدى" دېگەنگە ئوخشاش. بۇ كاتېگورىيىنى "ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كاتېگورىيىسى" دەپ ئاتاشمۇ ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى مۇنداق بولغاندا، "ئىگىلىك" دېگەن بۇ پەرقلەندۈرگۈچى نام "ئىگىلىك كېلىش" نىڭ پەرقلەندۈرگۈچى نامى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، ۋەھالەنكى، ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم تەۋەلىگۈچىنى بىلدۈرسە، تەۋەلىك شەكلىدىكى ئىسىم تەۋەلەنگۈچىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككىسىگە ئوخشاش بولمىغان پەرقلەندۈرگۈچى نامىلارنى قوللانغان ياخشى.



## 5.3. ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى

**1. ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى** — ئىسىمنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەيدىغان گىراماتىك كاتېگورىيە.

بۇ كاتېگورىيە ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان كېلىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش شەكلى باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، ئورۇن-بەلگە كېلىش، چەك كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، تەڭلەشتۈرمە كېلىش دېگەن ئون خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ كېلىش شەكىللىرىنىڭ ياسىلىش ئەھۋالى 49-بەتتىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

| كېلىش نامى | كېلىش قوشۇمچىلىرى | مىساللار |
|---|---|---|
| باش كېلىش | -0 | مەيدان، كىتاب، ئۆي، دەرس |
| ئىگىلىك كېلىش | -نىڭ | مەيداننىڭ، كىتابنىڭ، ئۆينىڭ، دەرسنىڭ |
| چۈشۈم كېلىش | -نى | مەيداننى، كىتابنى، ئۆينى، دەرسنى |
| يۆنىلىش كېلىش | -غا//-قا//-گە//-كە | مەيدانغا، كىتابقا، ئۆيگە، دەرسكە |
| ئورۇن كېلىش | -دا//-تا//-دە//-تە | مەيداندا، كىتابتا، ئۆيدە، دەرستە |
| چىقىش كېلىش | -دىن//-تىن | مەيداندىن، كىتابتىن، ئۆيدىن، دەرستىن |
| ئورۇن-بەلگە كېلىش | -دىكى//-تىكى | مەيداندىكى، كىتابتىكى، ئۆيدىكى، دەرستىكى |
| چەك كېلىش | -غىچە//-قىچە//-گىچە//-كىچە | مەيدانغىچە، كىتابقىچە، ئۆيگىچە، دەرسكىچە |
| ئوخشاتما كېلىش | -دەك//-تەك | مەيداندەك، كىتابتەك، ئۆيدەك، دەرستەك |
| تەڭلەشتۈرمە كېلىش | -چىلىك (-چە) | مەيدانچىلىك، كىتابچىلىك، ئۆيچىلىك، دەرسچىلىك |

2. ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ھەردائىم ئىسىمنىڭ سان كاتېگورىيىسى ئاساسىدا ياكى سان كاتېگورىيىسى بىلەن تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ئاساسىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب ـ كىتابلار، كىتابىم ـ كىتابلىرىم، كىتابىڭ ـ كىتابلارنىڭ، كىتابىمنىڭ ـ كىتابلىرىمنىڭ، كىتابقا ـ كىتابلارغا، كىتابىڭغا ـ كىتابلىرىڭغا...

3. ئىسىمنىڭ ھەرقايسى كېلىش شەكىللىرىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىچە:

### 1.5.3. باش كېلىش

1) جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، بايان قىلىنغۇچىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

باھار كەلدى.

ۋەتىنىمىز گۈللەنمەكتە.

ۋاقىت قىممەت.

قاسىم سورىغان كىتاب مۇشۇ.

2) جۈملىدە قاراتما ۋەزىپىسىدە كېلىپ، نۇتۇق ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت، كىنوغا بارامسەن؟

يولداشلار، دىققەت قىلىڭلار.

بالىلىرىم، سىلەرگە بىر گېپىم بار، قۇلاق سېلىڭلار.

3) ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، ئېنىقلانغۇچى شەيئىنىڭ يەنە بىر خىل نامىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى، ئايال دوختۇر، ياغاچ كارىۋات.

4) بەلگىلىك شارائىتتا، خەۋەر بولۇپ كېلىپ، ئىگىنىڭ تۈر تەۋەلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوقۇغۇچى. ئەخمەت ئىشچى. بۇ — كىتاب.



### 2.5.3. ئىگىلىك كېلىش

ئىسىمنىڭ ئىگىلىك كېلىش شەكلى تەۋەلىگۈچى شەيئىنى بىلدۈرۈپ، كۆپىنچە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىم III شەخس تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

تۇرسۇننىڭ لۇغىتى، ئاكامنىڭ چاپىنى، جەڭچىنىڭ ئارزۇسى،

مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى، قازاننىڭ تۇۋىقى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى،

ئەخمەتنىڭ ئۇستازى

بۇ لۇغەت ئوقۇتقۇچىنىڭ.

تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىمنى قىسقارتىپ، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىمنى ئالماشلاشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم ئالماشلاشقاندا، ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملارنىڭ ئالماشلىنىشىش ئۇسۇلى مۇنداق:

ئۇ باش كېلىش شەكلىدىكى ئېنىقلانغۇچى ئورنىدا كەلگەندە، بىۋاستە ئالماشلىنىشىمۇ مۇمكىن، "كى" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالماشلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مېنىڭ لۇغىتىم ياخشى ئەمەس، قاسىمنىڭ (قاسىمنىڭكى) ياخشى.

(قاسىمنىڭ//قاسىمنىڭكى = قاسىمنىڭ لۇغىتى).

باش كېلىشتىن باشقا كېلىشتىكى ئېنىقلانغۇچى ئورنىدا كەلگەندە، "كى" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالماشلىشىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتنىڭ سومكىسىنى ئال، تۇرسۇننىڭكىنىڭ سىيرتمىسى يوق.

( تۇرسۇننىڭكىنىڭ = تۇرسۇننىڭ سومكىسىنىڭ ).

مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، تۇرسۇننىڭكىگە جاۋاب بەردى. ( تۇرسۇننىڭكىگە = تۇرسۇننىڭ سوئالىغا ).

مېنىڭ ماقالەمنى باسمىدى، تۇرسۇننىڭكىنى باستى. ( تۇرسۇننىڭكىنى = تۇرسۇننىڭ ماقالىسىنى ).

ئۇلار بۇ ئۆيدە ئەمەس، تۇرسۇننىڭكىدە. ( تۇرسۇننىڭكىدە = تۇرسۇننىڭ ئۆيىدە ).

بۇ لۇغەت تۇرسۇننىڭكىدىن ياخشى. ( تۇرسۇننىڭكىدىن = تۇرسۇننىڭ لۇغىتىدىن ). بۇ لۇغەت تۇرسۇننىڭكىدەك تولۇق ئەمەس. ( تۇرسۇننىڭكىدەك = تۇرسۇننىڭ لۇغىتىدەك ).

بۇ بوغچىدىكى لۇغەت سىنىڭ ئەمەس، ئەخمەتنىڭكىدىكى سېنىڭ. ( ئەخمەتنىڭكىدىكى = ئەخمەتنىڭ بوغچىسىدىكى ).

ئەخمەتنىڭ ئۆيىدىن تۇرسۇننىڭكىگىچە مېڭىپ باردۇق. ( تۇرسۇننىڭكىگىچە = تۇرسۇننىڭ ئۆيىگىچە )

ئۇنىڭ بويىمۇ تۇرسۇننىڭكىچىلىك بار. ( تۇرسۇننىڭكىچىلىك = تۇرسۇننىڭ بويىچىلىك )

بەزىدە ئىسىملار "باش كېلىش" شەكلىدە تەۋەلىكچى شەيئىنى بىلدۈرۈپ ئىسىملارغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز بۇنداق ئىسىملارنى ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار دەپ ئاتايمىز. ئىگىلىك كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار تەۋەلىكچى شەيئى بىلەن تەۋەلەنگۈچى (ئېنىقلانغۇچى) شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ، زىچ بىرىككەن ئىسىم بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خىل زىچ بىرىككەن ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئاتالغۇلۇق خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، ئومۇمەن بىر سۆز ئورنىدا قوللىنىلىدۇ.



مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى، خەلق ھۆكۈمىتى، خەلق قۇرۇلتىيى، پارتىيە نىزامنامىسى، دەرس ۋاقتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، غۇلجا ئالمىسى، قازاق قويى، تارىم دەرياسى.

بۇنداق زىچ بىرىككەن ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئېنىقلىغۇچىلار بىرىكمىنىڭ بېشىدىكى ئىسىمنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن بىرىكمىنى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:










### 3.5.3. يۆنىلىش كېلىش

يۆنىلىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ئومۇمەن پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە بىر قىسىم سۈپەت ۋە ئايرىم رەۋىشلەرگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

يۆنىلىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ئۆزى بېقىنغان پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىسىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

1) ھەرىكەتنىڭ نىشانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز بېيجىڭغا كەلدۇق.

ئوقۇغۇچىلار مەيدانغا توپلاندى.

ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى.

بۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇڭ.

كىتابنى جوزىغا قويۇپ قويدۇم.

ئۈكىڭىزغا خەت ئەۋەتتىڭىزمۇ؟

2) بەزى ئۆتۈمسىز پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز ئاممىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

ئۇ مۇزىكىغا بەك قىزىقىدۇ.

ئۇ بالىسىغا تېرىكتى.

3) ئۆتۈملۈك پېئىلدىن ياسالغان مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز مۇئەللىمگە ھېكايە ئېيتقۇزدۇق.

بۇ كېسەلنى دوختۇرغا ياخشى تەكشۈرتۈپ بېقىڭ.

بۈگۈن مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ماقالە يازغۇزدى.

4) ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا يۆنىلىش كېلىشىدىكى ئىسىم ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار دەرسكە ماڭدى (دەرسكە = دەرس ئوقۇشقا).

مەن دوختۇرغا بارىمەن (دوختۇرغا = دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە).

ئۇ سۇغا چىقىپ كەتتى (سۇغا = سۇ ئېلىشقا).

ئۇلار تاماققا ئولتۇردى (تاماققا = تاماق يېيىشكە).



5) بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ ۋاستىسى ياكى بەدىلىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زال ئادەمگە لىق تولدى.

ئەتراپ گۈللەرگە پۈركەندى.

ئېتىزلار سۇغا قاندى.

بۇ لۇغەتنى 12 كويغا ئالدىم.

يۆنىلىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملارنىڭ سۈپەت ۋە رەۋىشكە ئېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىشى بىر قىسىم سۈپەت ۋە رەۋىشلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. مەسىلەن:

كىنوغا ئامراق، قانۇنغا خىلاپ، سەنئەتكە ھەۋەسكار،

مۇشۇ لۇغەتكە ئوخشاش، مەكتەپكە يېقىن

پېئىلنىڭ ئىسىمداش ۋە سۈپەتداش شەكىللىرى يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەندە يەنە باشقا بىرمۇنچە مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

### 4.5.3. چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ئۆتۈملۈك پېئىل ياكى ئۆتۈملۈك پېئىل بىرىكمىسىگە بېقىنىپ تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پىلاننى تۈزۈپ بولدۇق.

بۇ ئۆيلەرنى بىز سالدۇق.

بۇ پاپىقنى سىڭلىم توقۇپ بەرگەن.

سىنىپنى تازىلاپ قويۇڭلار.

تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ؟

بۇ كىتابنى ئىككى قېتىم ئوقۇدۇق.

بۇ ئاتنى مەن مىنىمەن.

ۋەتەننى قوغداش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

بىز ئوقۇتقۇچىمىزنى ھۆرمەتلەيمىز.

بەزىدە ئىسىملار "باش كېلىش" شەكلىدە ئۆتۈملۈك پېئىللارغا بېقىنىپ، تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىپ، ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. بىز بۇنداق ئىسىملارنى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار دەپ ئاتايمىز. چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدىكى ئىسىملار ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنى ئابستراكتلاشتۇرۇپ تولدۇرغۇچى بىلەن پېئىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى زىچلاشتۇرىدۇ، نەتىجىدە بىر پېئىل ئورنىدا قوللىنىلىدىغان تولدۇرغۇچى – پېئىل بىرىكمىلىرى ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

كىنو كۆرمەك، دوكلات ئاڭلىماق، تراكتور ھەيدىمەك، خەت يازماق، تاماق يېمەك، دەم ئالماق…

### 5.5.3. ئورۇن كېلىش

ئورۇن كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ، بەزىدە سۈپەتلەرگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. پېئىللارغا بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەندە، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

1) ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش ئورنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن كۇلۇبتا چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مەنمۇ سۆزلىدىم.

ئەخمەت سىنىپتا دەرس تەكرارلاۋاتىدۇ.



2) ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىش ياكى داۋاملىشىش ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يىغىن كەچتە ئېچىلىدۇ.

ئۇلار چۈشتە كېلىدۇ.

مەن ئۇ يەرگە كۈزدە بارىمەن.

بۇ خىزمەت ئىككى كۈندە تۈگەيدۇ.

3) ھەرىكەت بارلىققا كەلگەن شارائىت، كەيپىياتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سۆھبەت قىزغىن ۋە دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

ئۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

4) ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئانىكىت گاگېبدا ياكى موبىدا تولدۇرۇلسۇن.

ئۇلار ئايروپىلاندا كەلدى.

سۈپەتكە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملار ئورۇن ياكى دائىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن مەكتەپتە كىنو يوق.

ئەخمەت تەرجىمىدە ياخشى.

ئۇ ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىدۇ.

خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىملار ئىگىنىڭ ئورنىنى ياكى مەنبەسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىتاب جوزىدا.

سىنىڭ لوغىتىڭ ئەخمەتتە.

ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر.

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.

### 6.5.3. چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ئاساسەن پېئىللارغا، بەزىدە بىر قىسىم سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار پېئىلغا بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەندە، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھەرىكەتنىڭ ئىگىسىنىڭ ياكى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنىڭ ئايرىلىش ئورنىنى ياكى بېسىپ ئۆتۈش ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن:

بۇ ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭدىن كەلدى.

بۇ كىتابنى كۇتۇپخانىدىن ئالدىم.

ئۇ بۇ گەپنى ئەخمەتتىن ئاڭلاپتۇ.

چوڭ ئىشىكتىن كىرىڭ.

پويىز ئىككىنچى تونىلدىن ئۆتتى.

ماشىنىنىڭ رولىدىن باشنى چىقىرىشقا بولمايدۇ.

2) ھەرىكەت ئىگىسى روھىي جەھەتتىن يىراقلىشىدىغان شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شۇنداق قىلىپ، چوڭ بىر غەمدىن قۇتۇلدۇم.

ئەكسىيەتچىلەر خەلقتىن قورقىدۇ.

ئۇ بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى.

3) ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ سۆزىڭىزدىن ئىلھاملاندىم.

ئۇ تەشكىلدىن ناھايىتى رازى بولدى.

4) ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك چەكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



دادۇيىمىزنىڭ يەرلىرى مۇشۇ ئېتىزدىن باشلىنىدۇ.

ئونىنچى بەتتىن 12- بەتكىچە ئوقۇڭ.

5) ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ياكى ھەرىكەتنى قوبۇل قىلغۇچى شەيئىنىڭ ماتېرىيالىنى ياكى تەركىبىنى بىلدۈىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئورۇندۇق بامبۇكتىن توقۇلغان.

قارا چىبەرقۇتتىن ئىشتان- چاپان كىيگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

ئۇلار دەرەخ شاخلىرىدىن بىر كەپە ياسىۋالدى.

ئوقۇغۇچىلاردىن بىر ئۆمەك تەشكىل قىلىندۇ.

6) بىرى ياكى بىر قىسمى ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئومۇمىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

نەمۇنىچىلاردىن ئەخمەت سۆزلىدى.

بۇ يىغىنغا بىزنىڭ مەكتەپتىن ئۈچ ۋەكىل قاتنىشىدۇ.

پارىسچە- خەنزۇچە لۇغەتتىن بىرنى ئالدىم.

7) ھەرىكەت مەزمۇن قىلغان ساھەنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىزگە تارىختىن دەرس بېرىدۇ.

ئۇ خەلقئارا ۋەزىيەتتىن سۆزلەپ بېرىدۇ.

ئەتە گىراماتىكىدىن ئىمتىھان بېرىمىز.

8) ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى.

خىجىلچىلىقتىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم.

غەزەپتىن ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

سۈپەتكە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملار، ئاساسەن، سېلىشتۇرۇشتىكى تەڭسىز ئۆلچەمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتتىن ياش بىر بالا كەلدى.

ئاتتىن ئېگىز، ئىتتىن پەس (تېپىشماق)

ئۇ تۇرسۇندىن چوڭ.

بەزى سۈپەتلەر بەزىدە چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملارنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىگە موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ بار يېرىنى ئەخمەتتىن باشقا ئادەم بىلمەيدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەردىن يىراق.

چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملارنىڭ رەۋىشكە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىشى بەزى رەۋىشلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. مەسىلەن:

شۇ كۈندىن بۇيان، شۇ سۆزدىن كېيىن، تۇرسۇندىن بۇرۇن، ئىشكتىن نېرى.

### 7.5.3. ئورۇن - بەلگە كېلىش

ئورۇن - بەلگە كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئورۇن، ۋاقىت جەھەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

باغدىكى گۈل، شەھەردىكى ئىمارەت، كۆكتۆلدىكى گەپ، تۇرسۇندىكى كىتاب، 1982 - يىلدىكى ۋەزىپە، يازدىكى ۋەقە

تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا، ئورۇن - بەلگە كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئېنىقلانغۇچىنى قىسقارتىپ، ئورۇن - بەلگە كېلىشتىكى ئىسىمنىڭ ئۆزىنى ئالماشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولىدۇ. ئورۇن - بەلگە كېلىشتىكى ئىسىم ئالماشلاشقاندا، ئۆزىنىڭ ئېنىقلانغۇچىسىغىمۇ ۋەكىللىك قىلىپ، باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىل ئاشلىق مەھسۇلاتى 1981 - يىلدىكىگە قارىغاندا 15پىرسەنت



ئاشتى (1981 - يىلدىكىگە = 1981 - يىلدىكى ئاشلىق مەھسۇلاتىغا).

بۇ دوسكا بىزنىڭ سىنىپتىكىدىن بىر ھەسسە چوڭ (بىزنىڭ سىنىپتىكىدىن = بىزنىڭ سىنىپتىكى دوسكىدىن).

ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى (كۆڭلىدىكىنى = كۆڭلىدىكى گەپنى).

### 8.5.3. چەك كېلىش

چەك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. چەك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار ھالەت بولۇپ كەلگەندە، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك چەكنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ يۈزى قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

سىز بىرىنچى بەتتىن ئۈچىنچى بەتكىچە ئوقۇڭ.

مەن بۇ قېتىم خوتەنگىچە بارىمەن.

ئۇ 54 - يىلدىن58 - يىلغىچە شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇغان.

چەك كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ تازىلايدىغان يېرىمىز مەشەدىن ئىككىنچى بىناغىچە.

كۇرس مۇددىتى 6 - ئايدىن 9 - ئايغىچە.

### 9.5.3. ئوخشاتما كېلىش

ئوخشاتما كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئېنىقلانغۇچىنىڭ، ھالەت بولۇپ كەلگەندە ھەرىكەت ياكى سۈپەتنىڭ ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پولاتتەك ئىرادە بولغاندا، تاغدەك قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ئالمىدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ.

مەنمۇ سېنىڭ قەلىمىڭدەك قەلەمدىن بىرنى ئالىمەن.

ئالىقاندەك يەرمۇ بوش ئەمەس.

ھاۋا ئوتتەك قىزىپ كەتتى.

ئۇنىڭ بەدىنىدىن تەر سۇدەك ئېقىشقا باشلىدى.

چوغدەك قىزىل گالستۇك ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

بىزنىڭ سېپىمىز ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم.

### 10.5.3. تەگلەشتۈرمە كېلىش

تەگلەشتۈرمە كېلىش شەكلىدىكى ئىسىملار جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئېنىقلانغۇچىنىڭ، ھالەت بولۇپ كەلگەندە ھەرىكەت ياكى سۈپەتنىڭ مىقدارى، ئۆلچەم ياكى دەرىجە جەھەتتىكى ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئالىقانچە يەرمۇ بوش ئەمەس.

مۇشۇ ئىستاكاندىكى چايچىلىك دورىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

سېنىڭ بويىڭچىلىك بويى بار ئادەم ناھايىتى ئاز.

مەن خەنزۇچىنى ئەخمەتچىلىك سۆزلىيەلمەيمەن.

ئۇمۇ تۇرسۇنچىلىكلا ئوقۇغان.

مېنىڭ كىتابىم سىزنىڭ كىتابىڭىزچىلىك كۆپ ئەمەس.

پېئىلنىڭ ئىسىمداش، سۈپەتداش شەكىللىرىمۇ كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ، ئۇلار ھەرقايسى كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنگەندە، ئۆزىگە خاس بولغان بىر مۇنچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

ئۇيغۇر تىلىغا دائىر گراماتىكا كىتابلىرىدا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ئالتە كېلىشتىن



تەركىب تاپىدۇ، دەپ تونۇلۇپ، بىز كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن ئورۇن - بەلگە كېلىش (قوشۇمچىسى: - دىكى//تىكى)، چەك كېلىش (قوشۇمچىسى: - غىچە//- قىچە//- گىچە//- كىچە)، ئوخشاتما كېلىش (قوشۇمچىسى: - دەك//- تەك) ۋە تەگلەشتۈمە كېلىش (قوشۇمچىسى: - چە ياكى - چىلىك) لەر كېلىش ھېسابلانمايدۇ*.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇلارنى كېلىش ھېسابلىماسلىق مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ قوشۇمچىلار ئېتىراپ قىلىنغان كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاشلا، ئۆزى قوشۇلغان ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئېتىراپ قىلىنغان كېلىش قوشۇمچىلىرى ئىسىمنىڭ قانداق شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ كەلسە، بۇ قوشۇمچىلارمۇ ئىسىمنىڭ شۇنداق شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىزچىل نۆۋەتلىشەلەيدۇ. دېمەك، بۇ قوشۇمچىلار مەيلى رول جەھەتتىن بولسۇن، ياكى قوشۇلۇش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن، ئېتىراپ قىلىنغان باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىر تىپقا كىرىدۇ. رول ۋە قوشۇلۇش ئىقتىدارى جەھەتتىن بىر تىپقا كىرىدىغان گراماتىك ھادىسىلەرنى ئەلۋەتتە بىر كاتېگورىيىگە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. بۇ گراماتىكا ئىلمىدىكى مۇھىم بىر پرىنسىپ.

بىرمۇنچە ئەسەرلەردە بۇ قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ قوشۇمچىلارنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى،

* ئەمىر نەجىپ "- دەك//- تەك" قوشۇمچىسىنى "ئوخشاتما كېلىش" قوشۇمچىسى ھېسابلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كېلىش سىستېمىسىغا كىرگۈزمەي، ئۆز ئالدىغا بىر تۈر قىلغان (ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 1960 - يىل، موسكۋا، رۇسچە نەشرى.)

بىرىنچىدىن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مەلۇم بىر سۆزگە قوشۇلسا، ئۇنىڭدىن يېڭى بىر سۆز ھاسىل بولىدۇ، مەسىلەن، ”-چى“ قوشۇمچىسى ”ئىش“ دېگەن سۆزگە قوشۇلسا، ”ئىشچى“ دېگەن يېڭى بىر سۆز ھاسىل بولىدۇ. ”-لىق“ قوشۇمچىسى ”سامان“ دېگەن ئىسىمغا قوشۇلسا، ”سامانلىق“ دېگەن يېڭى بىر ئىسىم ھاسىل بولىدۇ، ”تىرىشچان“ دېگەن سۈپەتكە قوشۇلسا، ”تىرىشچانلىق“ دېگەن بىر يېڭى ئىسىم ھاسىل بولىدۇ. لېكىن بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان قوشۇمچىلار مەلۇم ئىسىمغا قوشۇلغاندا، شۇ ئىسىم ئاساسىدا يېڭى بىر سۆز ھاسىل بولمايدۇ، بەلكى شۇ ئىسىمنىڭ گراماتىك شەكلىلا ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن، ”-دىكى“ قوشۇمچىسى ”قەغەز“ دېگەن ئىسىمغا قوشۇلۇپ، ”قەغەزدىكى“ بولسا، ”قەغەز“ دېگەن ئىسىمنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىپ باشقا سۆزگە ئايلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى شۇ ”قەغەز“ دېگەن لېكسىكىلىق مەنە ئاساسىدىكى بىر خىل گراماتىك مەنە ئاڭلىنىدۇ. ”قەغەزگىچە“، ”قەغەزدەك“، ”قەغەزچىلىك“ دېگەنلەرنىمۇ ”قەغەز“ گە نىسبەتەن باشقا بىر سۆز دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئىككىنچىدىن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئادەتتە سۆزلەرنىڭ گراماتىك شەكلى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق ئاساسىغا ئۇلىنىدۇ، لېكىن بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان قوشۇمچىلار ئىسىملارنىڭ لېكسىكىلىق ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى، تەۋەلىك شەكلى ۋە كۆپلۈك-تەۋەلىك شەكىللىرىگىمۇ ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

بالىدىكى، بالىغىچە، بالىدەك، بالىچىلىك، بالامدىكى،

بالامغىچە، بالامدەك، بالامچىلىك، بالىمىزدىكى،

بالىمىزغىچە، بالىمىزدەك، بالىمىزچىلىك، بالاڭدىكى،

بالاڭغىچە، بالاڭدەك، بالاڭچىلىك، بالىڭىزدىكى،



بالىسىدىكى، بالىسىغىچە، بالىسىدەك، بالىسىچىلىك،

بالىلاردىكى، بالىلارغىچە، بالىلاردەك، بالىلارچىلىك،

بالىلىرىدىكى، بالىلىرىغىچە، بالىلىرىدەك، بالىلىرىمچىلىك...

ئەگەر بۇ قوشۇمچىلارنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلىغاندا، يۇقىرىقىلارنىڭ ھەربىرىنى بىر يېڭى سۆز ھېسابلاش كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ھەرقانچە ئۈنۈملۈك بولغاندىمۇ، بىر سۆز تۈركۈمىگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولغان ”-چى“ قوشۇمچىسىنى ئالساق، ئۇمۇ پەقەت بىر قىسىم ئىسىملار بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئۇنى ”كۆڭۈل“، ”قان“، ”ئېغىز“، ”بۆرۈن“، ”كىرپىك“ قاتارلىق ئىسىملارغا قوشۇپ، ”*كۆڭۈلچى“، ”*ئېغىزچى“، ”*بۆرۈنچى“، ”*كىرپىكچى“ قاتارلىق سۆزلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ، ”-لىق//-لىك//-لۇق//-لۈك“ قوشۇمچىسىنىمۇ ئادەم ئىسىملىرىغا قوشۇپ ”*تۇرسۇنلۇق“، ”*ئەخمەتلىك“ دېگەندەك يېڭى سۆزلەرنى ياسىغىلى بولمايدۇ، لېكىن، بىز مۇزاكىرە قىلىۋاتقان بۇ قوشۇمچىلار ئىسىم تىپىغا كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ. دېمەك، بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا قارىغاندا كۆپ يۇقىرى. قىسقىسى، بۇ قوشۇمچىلار سۆ ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئەمەس، ئەگەر ئۇلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇلسا، ئۇ چاغدا سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ چېكى ئېنىقسىزلىشىپ، گراماتىكا تەتقىقاتى ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ.

## 6.3. ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى*

**1.6.3.** ئىسىملارنىڭ "تىركەلمە" دەپ ئاتىلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان "قەلەم بىلەن"، "خەلق ئۈچۈن"، "دەرس توغرۇلۇق"، "ئەخمەت ئارقىلىق"، "سىنىپ بويىچە" دېگەنگە ئوخشاش قورولمىلار "ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. سۆزلەرنىڭ گراماتىك شەكلى ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىقمۇ ياسىلىدۇ، دېگەن پرىنسىپ بويىچە، بۇ خىل قۇرۇلمىلار ئەلۋەتتە ئىسىمنىڭ گراماتىك شەكلى ھېسابلىنىشى كېرەك. بۇ قۇرۇلمىلار مەنە جەھەتتىن ئىسىمنىڭ كېلىش شەكىللىرى بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ، يەنى ئىسىمنىڭ كېلىش شەكىللىرىگە ئوخشاشلا ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئەلۋەتتە ئىسىمنىڭ ئانالىتىك شەكلى ھېسابلىنىشى كېرەك. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىغا دائىر گراماتىكا كىتابلىرىدا بۇ خىل قۇرۇلمىلار نە مورفولوگىيە سىستېمىسىدا يوق، نە سىنتاكسىس سىستېمىسىدا يوق بىر نەرسە بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس، بىز بۇ قۇرۇلمىلارنى گراماتىك سىستېمىنىڭ سىرتىدا قويماسلىق ئۈچۈن، "ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى" دېگەن نام بىلەن ئىسىم بابىغا كىرگۈزدۇق. بۇ قۇرۇلمىلار ئەمەلىيەتتە ئىسىمنىڭ ئانالىتىك كېلىش شەكلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**2.6.3.** ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىلىرى

---

* "تىركەلمە" ئاتالغۇسى قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1966 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دىن قوبۇل قىلىندى. بۇ خىل ياردەمچى سۆزلەر باشقا گراماتىكا كىتابلىرىدا "سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى" دەپ ئاتالغان.



ئىسىملارنىڭ تۆۋەندىكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ:

بىلەن، ئۈچۈن، توغرۇلۇق (توغرىسىدا، ھەققىدە)، ئارقىلىق، بويىچە، ئارا، قاتارلىق، باشلىق، تەرىپىدىن، كەبى، ئائىت، دائىر، قەدەر، قارىتا، قارىغاندا، نىسبەتەن، يارىشا، بىنائەن، ئاساسەن، تارتىپ، باشلاپ، ئېتىبارەن.

بۇ تىركەلمىلەر ئارقىلىق قۇرۇلغان ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىلىرىنىڭ رولى ۋە مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

### 1.2.6.3. "بىلەن" قۇرۇلمىسى

"بىلەن" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم ـ تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۈرۈمچىگە پويىز بىلەن بېرىپ، خوتەنگە ئايروپىلان بىلەن باردىم.

ئەپەندىم ئۇنى چۆچۈرە بىلەن مېھمان قىپتۇ.

شەيئىلەر تۈپتۈز يول بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەگرى ـ توقاي يوللار بىلەن راۋاجلىنىدۇ.

2) ئىككى تەرەپنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بولىدىغان ھەرىكەتنىڭ قارشى تەرىپىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن تۇرسۇن بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشتىم.

مەن ئۇ يولداش بىلەن تونۇشمايدىكەنمەن.

دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۆلگىنىمگە رازىمەن. (قوشاق)

3) ئابستراكت مەنىدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىككەندە، ھەرىكەتنىڭ قانداق روھىي ھالەتتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن:

ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ساداقەتلىك بىلەن ئورۇنلىدى.

ئۇلار بىزنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى.

ئۇ غەزەپ بىلەن كىرىپ كەلدى.

4) "بىلە" رەۋىشى ۋە ئايرىم پېئىل، سۈپەتلەر "بىلەن" قۇرۇلمىسىنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسلەن:

مەن ئەخمەت بىلەن بىللە بارىمەن.

ئۇ تۇرسۇن بىلەن تەڭ.

ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كۆپ ھاللاردا "بىلە" رەۋىشى چۈشۈپ قېلىپ، "بىلەن" قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزى بىللىلىك ئۇقۇمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسلەن:

مەن ئۇ يەرگە تۇرسۇن بىلەن باردىم.

### 2.2.6.3. "ئۈچۈن" قۇرۇلمىسى

"ئۈچۈن" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەت بېغىشلانغان ياكى مەلۇم ھۆكۈم قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن:

بىز خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز.

مەن بۇ كىتابنى ئۇكام ئۈچۈن ئالدىم.

جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن، دېموكراتىيە ئۈچۈن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى، ئەينى زاماندا، بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت. (ماۋ زېدۇڭ)

بۇ ئەھۋال فاشىستلار ئۈچۈن ۋە ئەمەلىيەتتە فاشىستلارغا ياردەم بېرىۋاتقان ھەرقايسى ئەل ئەكسىيەتچىلىرى ئۈچۈنلا پايدىسىز، بارلىق



ئەللەر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىللەنگەن دېموكراتىك كۈچلىرى ئۈچۈن بولسا خۇش خەۋەر.

### 3.2.6.3. "توغرۇلۇق // توغرىسىدا // ھەققىدە" قۇرۇلمىسى

"توغرۇلۇق // توغرىسىدا // ھەققىدە" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن:

بۈگۈن خىزمەت پىلانى توغرۇلۇق (توغرىسىدا، ھەققىدە) مۇزاكىرىلەشتۇق.

بۇ، ماركسىزم توغرىسىدا قۇرۇق سەپسەتە سېتىشقا قارشى تۇرۇش كېرەك، دېگەنلىك... (ماۋ زېدۇڭ)

بۇ مەسىلە توغرۇلۇق مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق.

### 4.2.6.3. "ئارقىلىق" قۇرۇلمىسى

"ئارقىلىق" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ ۋاسىتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسلەن:

پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتكەن كىتابلارنى تاپشۇرۇۋالدىم.

ئۇلار تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشتى.

بىز باۋتۇ ئارقىلىق كېلىدىغان پويىزغا چۈشتۇق.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق يولداشلارنىڭ تونۇشى ئاساسەن بىرلىككە كەلدى.

### 5.2.6.3. "بويىچە" قۇرۇلمىسى

"بويىچە" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى

جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ دائىرىسىنى ياكى ئەندىزىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن مەكتەپ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىلدى.

بۇ مەسىلىدە ھېلىمۇ مەركەز كۆرسەتكەن چارە بويىچە ئىش كۆرۈۋاتىمىز.

### 6.2.6.3. "ئارا" قۇرۇلمىسى

"ئارا" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ئورۇننى ياكى "...ئىچىدە" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ (ئاساسەن شېئىرلاردا قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

ئەي سازەندەم تارىم، بىزدە ئارمان يوق،
چال سازىڭنى كۆڭۈل ئارا ئەپغان يوق. (ئا. خوجا)
راھىتى تۇرماق، مۇشەققەت پەيتىمۇ راھەت ماڭا،
داتلىسام راھەت ئارا تۇزكور بولۇپ ئۆلمەمدىمەن! (ت. ئېلىيوۋ)

### 7.2.6.3. "قاتارلىق" قۇرۇلمىسى

"قاتارلىق" تىركەلمىسىنىڭ نۆل كېلىشتىكى ئىسمغا تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ مىسالىنى ياكى ۋەكىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىغىنغا بىزنىڭ كافېدىرادىن تۇرسۇن قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى قاتناشتى.

بۇ دۇكاندا دەپتەر، قەلەم، سىياھ قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سېتىلىدۇ.

بىيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بارىمىز.



بۇ قۇرۇلما بەزىدە ئالماشلىشىپ، ئېنىقلانغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بۇ دۇكاندا دەپتەر، قەلەم، سىياھ قاتارلىقلار سېتىلىدۇ.

ئۇ شۇ چاغدىلا لىن بياۋ قاتارلىقلار بىلەن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى.

### 8.2.6.3. "باشلىق" قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى "باشلىق" سۆزى نۆل كېلىشتىكى ئىسمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە كۆپ سانلىق ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىگە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، شۇ كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ يېتەكچىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىغىنغا بىزنىڭ كافېدىرادىن تۇرسۇن باشلىق بەش ئوقۇتقۇچى قاتناشتى.

### 9.2.6.3. "تەرىپىدىن" قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى "تەرىپىدىن" سۆزى نۆل كېلىشتىكى ئىسمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئىگىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەكسىچە شاڭخەي ۋە چاخاردا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىككى قېتىملىق ھەرىكەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بەربات قىلىندى. (ماۋ زېدۇڭ)

بۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر تەرىپىدىن شۇنداق قىلىنغان. (ماۋ زېدۇڭ)

### 10.2.6.3. "كەبى" قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى "كەبى" سۆزى نۆل

كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ ياكى ھەرىكەت، سۈپەتلەرنىڭ ئوخشىتىلما بەلگىسىنى بىلدۈرىدۇ (ئاساسەن شېئىرلاردا ئۇچرايدۇ). مەسىلەن:

كىمكى بىر قاراپ قويسا ئۇ كۆزگە،
تېگەر بىر ئوق كەبى كىرپىك شۇ كۆزگە. (ت. ئۆتكۈر)

ئوت ئىدىڭ گۈلخان كەبى يالقۇنلىنىپ، تۈننى يىرىپ،
كونا دۇنيا ھېلىسىنى قەھرىڭدە تىنماي ئۆرتىگەن. (ئەزىزۇۋ قاسىم)

مانا بىللە يۈرۈپ ئۆسكەن ئەزىز باغ،
يۈرگەنىمىز تاي كەبى بالىلىق چاغ. (ت. ئۆتكۈر)

### 11.2.6.3. “ئائىت // دائىر” قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا “ئائىت” ياكى “دائىر” تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈنكى يىغىندا ئۆگىنىشكە ئائىت (دائىر) مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

مەھسۇلات سۈپىتىگە دائىر (ئائىت) پىكىرلەرنى رەتلەپ چىقتىم.

رۇسچىدا كەسپىگە ئائىت (دائىر) كىتابلارنى كۆرەلەيمەن.

### 12.2.6.3. “قەدەر” قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا “قەدەر” تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، ئاساسەن ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋاقىتنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

51-يىلدىن 56-يىلغا قەدەر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدۇم.



### 13.2.6.3. “قارىتا” قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا “قارىتا” تىركەلمىسى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەت قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار دەرسكە قارىتا بىرمۇنچە ياخشى پىكىرلەرنى بەردى.

### 14.2.6.3. “قارىغاندا” قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى “قارىغاندا” سۆزى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، سېلىشتۇرۇش ئۆلچىمى قىلىنغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتكە قارىغاندا تۇرسۇن تېخىمۇ مۇۋاپىق.

رۇس تىلى گىراماتىكىسى ئىنگلىز تىلى گىراماتىكىسىغا قارىغاندا تەس.

### 15.2.6.3. “نىسبەتەن” قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى “نىسبەتەن” سۆزى يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، بەزىدە “قارىتا” تىركەلمىسى بىلەن مەنىداش بولسا، بەزىدە “قارىغاندا” تىركەلمىسى بىلەن مەنىداش بولۇپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

شۇڭا ئادەملەرنىڭ بىلىشىمۇ، تەبىئەتكە نىسبەتەن (قارىتا) بولسۇن، جەمئىيەتكە نىسبەتەن (قارىتا) بولسۇن، قەدەممۇ قەدەم تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا ... راۋاجلىنىدۇ.

ئەخمەتكە نىسبەتەن (قارىغاندا) تۇرسۇن تېخىمۇ مۇۋاپىق.

### 16.2.6.3. “يارىشا” قۇرۇلمىسى

“يارىشا” تىركەلمىسىنىڭ يۆنىلىش كېلىشتىكى ئىسىمغا

تىركىلىپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىسى جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەت مۇۋاپىق كېلىدىغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئەمگىكىگە يارىشا تەقسىم قىلىش.

### 17.2.6.3. ”بىنائەن // ئاساسەن“ قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا ”بىنائەن“ تىركەلمىسى ياكى تىركەلمە رولىدىكى ”ئاساسەن“ سۆزى يۆنىلىش كېلىشىدىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئاساس بولغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇش پىلانىغا بىنائەن (ئاساسەن) بۇ مەۋسۇمدە گرامماتىكىنىڭ مورفولوگىيە قىسمى سۆزلىنىدۇ.

پىلان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن (بىنائەن) تۈزۈلگەندىلا ئىشەنچلىك بولىدۇ.

بىز بۇ ئىشنى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن (ئاساسەن) قىلدۇق.

### 18.2.6.3. ”تارتىپ“ قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى ”تارتىپ“ سۆزى چىقىش كېلىشىدىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇم چەكنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇشۇ ئۆستەڭدىن تارتىپ بۇ تەرەپنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ناھىيىگە قارايدۇ.

ئەتىدىن تارتىپ سائەت ئالتىدە ئىشتىن چۈشىمىز.

ئالتە ياشلىق بالىلاردىن تارتىپ 60 ياشلىق بوۋايلارغىچە ھەممىسى قاتناشتى.



### 19.2.6.3. ”باشلاپ“ قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا تىركەلمە رولىدىكى ”باشلاپ“ سۆزى چىقىش كېلىشىدىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەت ياكى ھالەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ياكى ۋاقىت چېكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇشۇ ئۆستەڭدىن باشلاپ بۇ تەرەپنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ناھىيىگە قارايدۇ.

ئەتىدىن باشلاپ سائەت ئالتىدە ئىشتىن چۈشىمىز.

55-يىلدىن باشلاپ 62-يىلغىچە ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلغان.

### 20.2.6.3. ”ئېتىبارەن“ قۇرۇلمىسى

بۇ قۇرۇلمىدا ”ئېتىبارەن“ تىركەلمىسى چىقىش كېلىشىدىكى ئىسىمغا تىركىلىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما جۈملىدە ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋاقىتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەتىدىن ئېتىبارەن سائەت ئالتىدە ئىشتىن چۈشىمىز.

78-يىلدىن ئېتىبارەن ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىدىم.

**3.6.3.** پېئىلنىڭ ئىسىمداش شەكىللىرى كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ كەلگىنىدەك، تىركەلمىلەر بىلەنمۇ بىرىكىپ، ئىسىمداش-تىركەلمە قۇرۇلمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىلار ئۆزىگە خاس بىر مۇنچە گرامماتىك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ھەقتە ”پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى“ بابىدا توختىلىمىز.

## 7.3. ئىسىمنىڭ رەۋىشلىشىشى

**1.7.3.** بىر قىسىم ئىسىملار (كۆپرەك مەلۇم ماكاننى ياكى

ۋاقتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار) ئارىسىغا "-مۇ" قوشۇمچىسىنى ئېلىپ تەكرارلىنىش ئارقىلىق رەۋىشكە ئايلىنىدۇ. بۇ رەۋىشلەر "شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى تىپىدىكى نۇرغۇن شەيئىنىڭ بىرىنىمۇ ئالا قويماي" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كوچىمۇكوچا، ھويلىمۇھويلا، ئۆيمۇئۆي، يېزىمۇيېزا، شەھەرمۇشەھەر، باغمۇباغ، تاغمۇتاغ، يىلمۇيىل، ئايمۇئاي، ھەپتىمۇھەپتە، پەسىلمۇپەسىل، بەتمۇبەت، قۇرمۇقۇر، سۆزمۇسۆز

بۇنداق رەۋىشلەرنىڭ بەزىلىرى باشقىچەرەك مەنىلەرنى ئىپادىلىشىمۇ مۇمكىن:

قولمۇقول (ھەممە قول سېلىپ دېگەن مەنىدە)،

يۈزمۇيۈز (دەرقەمدە تۇرۇپ دېگەن مەنىدە).

**3.7.2.** بەزى ۋاقىت ئىسىملىرى مەلۇم ئېنىقلىغۇچى بىلەن كەلگەندە، بىۋاسىتە رەۋىشلىشىپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شۇ زامان، كەلگەن زامان، ھەر زامان، ئۆتكەن يىل، بۇ يىل، بۇ ھەپتە، ئۆتكەن ھەپتە، شۇ چاغ…

بەزى ۋاقىت ئىسىملىرى مەلۇم ئېنىقلىغۇچى بىلەن كەلگەندىن تاشقىرى، يەنە "-ئى" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئاندىن رەۋىشلىشىدۇ. مەسىلەن:

شۇ كۈن + ى=شۇ كۈنى.

كەلگەن كۈن + ى=كەلگەن كۈنى.

1978 - يىل + ى=1978 - يىلى.

## 3.8. ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرى

ئۇيغۇر تىلىدا شەيئىلەرنىڭ مەلۇم تەرىپىنى بىلدۈرۈپ



كېلىدىغان بىر قىسىم ئىسىملار بولۇپ، بۇلار ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ (بەزى ئەسەرلەردە "ياردەمچى ئىسىم" دېيىلىدۇ). مەسىلەن:

ئۈست (جوزىنىڭ ئۈستى)، ئاست (كارىۋاتنىڭ ئاستى)، ئىچ (ساندۇقنىڭ ئىچى)، تاش (ئۆينىڭ تېشى)، ئالد (بىنانىڭ ئالدى)، كەين (تامنىڭ كەينى)

ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى شەيئىلەرنىڭ مەلۇم تەرىپىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، دائىم تەۋەلىك شەكلىدە ۋە كۆپىنچە ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم ۋە ئالماش تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ھالدا قوللىنىلىدۇ. تەۋەلىك شەكلىدە كەلگەن ياكى ئىگىلىك كېلىشتىكى ئىسىم، ئالماشلار تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى ئادەتتىكى ئىسىملارغا ئوخشاشلا كېلىش بويىچە تۈرلىنىپ، جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

<u>ئىچىم</u> قىزىپ تۇرىدۇ.

<u>جوزىنىڭ ئۈستىگە</u> تۈرلۈك كىتابلار رەتلىك تىزىلغان.

ئۇلار <u>بىنانىڭ ئالدىنى</u> تازىلاۋاتىدۇ.

<u>تېكىستنىڭ كەينىدىكى</u> يېڭى سۆزلەرنى يادلاڭلار.

## 3.9. ئىسىم بېقىندىلىرى

ئىسىملار سۈپەت، سان، مىقدار قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىنى، بىر قىسىم ئالماشلارنى، ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، ئورۇن-بەلگە كېلىش، ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكىللىرىنى، ئىسىمنىڭ "ھەققىدىكى، قاتارلىق، باشلىق، دائىر" قاتارلىق تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىلىرىنى، پېئىلنىڭ سۈپەتداش شەكىللىرىنى ئېنىقلىغۇچى

سۆپەتتە ئۆزگە بېقىندۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇلۇغ خەلق، بەش ئادەم، يۈز جىڭ ئۈن، بۇ كىتاب ( ياخشى )، ئالتۇن سائەت، تۇرسۇننىڭ قەلىمى، قاسىمدىكى كىتاب، پولاتتەك ئىرادە، قاسىمچىلىك بالا، ئۇرۇمچى قاتارلىق شەھەرلەر، دادام باشلىق تۇغقانلار، ئۆگىنىشكە دائىر مەسىلەر، گۈللەنگەن شىنجاڭ.

## 10.3. ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

### A. ئىسىمدىن ئىسىم ياسىغۇچىلار

#### 1.10.3. -چى

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ياسىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك رول ئوينايدۇ:

1) بىرقىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ياكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئىشچى، ياغاچچى، تۆمۈرچى، بېلىقچى، پادىچى، قويچى، ناخشىچى، تراكتورچى، كىنوچى، ئورمىچى، ئىنقىلابچى، جەڭچى، تەربىيىچى، ياماقچى، بوياقچى، سوۋاقچى، تېرىمچى…

2) بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ياكى شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەسلەك، ئېقىم، خاھىش، تەشكىلات، گورۇھقا مەنسۇپ كىشىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ماركسىزمچى، شيۇجىڭجۇيىچى، مىللەتچى، شەخسىيەتچى، كولخوزچى، ترۇتسكىچى، ستاخانوۋچى

#### 2.10.3. -داش

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈنۈملۈك ياسىغۇچىلارنىڭ بىرى. بۇ



قوشۇمچە، ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە ئورتاقلىققا، ئوخشاشلىققا ئىگە بولغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يولداش، سىنىپداش، ساۋاقداش، مەسلەكداش، قېرىنداش، سىرداش، ئاھاڭداش ( سۆز )، مەنىداش ( سۆز )…

#### 3.10.3. -لىق// -لىك// -لۇق// -لۈك

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك سۆز ياسىغۇچىلارنىڭ بىرى، بۇ قوشۇمچىنىڭ رولى تۆۋەندىكىچە:

1) مەلۇم بىر ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئادەم شۇغۇللانغان كەسىپنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قاسساپلىق، بېلىقچىلىق، توقۇمىچىلىق، تىلشۇناسلىق، ئاشپەزلىك، تۆمۈرچىلىك، مۇزدۇزلۇق، سەيپۇڭلۇق…

2) ئۆسۈملۈك ۋە جىسىملارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ئۆسۈملۈك ياكى جىسىم كۆپ جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

دەرەخلىك، قارىغايلىق، قومۇشلۇق، قوغۇنلۇق، بۇغدايلىق، تاشلىق، سامانلىق، نېفىتلىك، ئۆرۈكلۈك…

3) ئادەمنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ خىل ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئانىلىق، بالىلىق، ياشلىق، يىگىتلىك…

4) بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ئۈچۈن كېرەكلىك ياكى شۇنىڭغا ئاتالغان نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۈنلۈك، تويلۇق، مايلىق (لۆككە)، كىيىملىك، چاپانلىق،

ھېيتلىق، يامغۇرلۇق...

5) يەر-جاي نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن جايدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قەشقەرلىك، تۇرپانلىق، جۇڭگولۇق، يېزىلىق، تاغلىق،

ياۋروپالىق، ئافرىقىلىق، بوگورلۇك...

### 4.10.3. -چىلىق//-چىلىك

بۇ قوشۇمچە "-چى" قوشۇمچىسى بىلەن "-لىك//-لىق" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ئۇقۇم ئاساسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تۇغقانچىلىق، ئۆلپەتچىلىك، ئەر-خوتۇنچىلىق، شېرىكچىلىك...

### 5.10.3. -چە

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈنۈملۈك ياسىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، قازاقچە، خەنزۇچە، رۇسچە...

ئۇيغۇر تىلىدا بۇ قوشۇمچە بىلەن ئاھاڭداش يەنە بىر قوشۇمچە بولۇپ، ئۇ بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كىچىكلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كىتابچە، دەپتەرچە، بۆلۈمچە، باغچە...



### 6.10.3. -خانا

بۇ پارس تىلىدىكى "-خانە" سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كىرگەن ئېلېمېنت بولۇپ، پارس تىلىدىكىگە ئوخشاش ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ھەم بىر سۆز ("بىرلەر خانە"، "ئۇنىڭ ئۆز خانىسى بار"، "بۇغدايىنىڭ خانىسى — بۇغدايىنىڭ دېنى تورىدىغان جاي")، ھەم ياسىغۇچى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ، بۇ ئېلېمېنت ئۇيغۇر تىلىدا ياسىغۇچى سۈپىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىنتايىن ئۈنۈملۈك قوشۇمچە بولۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىدىن، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىملارغىمۇ قوشۇلۇۋېرىدۇ ۋە شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى تۇرىدىغان ياكى شۇ شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۆي-جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

كەپتەرخانا، ئاتخانا، كۆمۈرخانا، كىتابخانا، مېھمانخانا، ئىشخانا،

چايخانا، باسمىخانا، ئەلچىخانا، كونسۇلخانا، پوچتىخانا،

لەغمەنخانا...

### 7.10.3. -شۇناس

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلار قاتارىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ئۈستىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى مۇتەخەسسىسنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تىلشۇناس، تارىخشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس، تۇپراقشۇناس،

ئۇيغۇرشۇناس، خەنزۇشۇناس،

### 8.10.3. -زار

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا

خېلى ئۈنۈملۈك قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە ئۆسۈملۈك نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ئۆسۈملۈك كۆپ ئۆسكەن جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

گۈلزار، قارىغايزار، ئارچىزار، ئۈزۈمزار، دەرەخزار، چىمەنزار، پاختىزار...

### 9.10.3. -دان

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئۈنۈملۈك قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى قاچىلىنىدىغان قاچا مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سۇدان، ئوتدان، چايدان، ئوقدان، كۈلدان، شامدان، توكدان...

### 10.10.3. -نامە

بۇ ئېلېمېنت پارسچە "خەت، كىتاب" مەنىسىدىكى شۇ ئىسىمدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ياسىغۇچى قوشۇمچە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ (بەزىدە، بولۇپمۇ شېئىرلاردا "خەت" مەنىسىدە ئايرىم قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، "خەت پۈتۈپ نامە ئەۋەتتىم مېھرىبان يارىم ساڭا"). بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ياكى شۇ شەيئى توغرىسىدىكى ئىش يېزىلغان خەت، ھۆججەت، كىتاب مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ۋەدىنامە، تەقدىرنامە، گۇۋاھنامە، جەڭنامە، يىلنامە، شەرتنامە، باياناتنامە، نىزامنامە...



### 11.10.3. -ئىيە

بۇ قوشۇمچە ئاساسەن مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيىنى (كۆپىنچە مەملىكەتنى) بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ياپونىيە، تۈركىيە، گېرمانىيە، بۇلغارىيە، روسىيە، نىگېرىيە، ھىندونوزىيە...

### 12.10.3. -ئىستان

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، كۆپىنچە مىللەت نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ مىللەت ئولتۇراقلاشقان تېررىتورىيىنى (كۆپىنچە مەملىكەتنى) بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. بەزىدە باشقا ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى كۆپ جايىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىمۇ ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئافغانىستان، ھىندىستان، ئەرەبىستان، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، گۈلىستان، قەبرىستان...

### 13.10.3. -ۋاز (-باز)

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئوينىغۇچى، باققۇچى ياكى شۇنىڭغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلگۈچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، ئىشقۋاز، قەغەزۋاز، قارتىۋاز، كىتابباز...

### 14.10.3. -خور

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى

ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىنى يىگۈچى، ئىچكۈچى ياكى ھەددىدىن ئارتۇق يىگۈچى، ئىچكۈچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئادەمخور، قانخور، پارىخور، جازانخور، چايخور، پۇڭخور...

### 15.10.3. -كار

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى ئىسملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئوبيېكت قىلغان كەسپ ئۇستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىناكار، سەنئەتكار، پاختىكار...

بەزى ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئۆز ئۇستىگە ئالغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

خىزمەتكار، ئەيىبكار، گۇناھكار، جىنايەتكار، جاۋابكار...

بەزى ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ئىگىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ھەۋەسكار، تەلەپكار...

### 16.10.3. -دار

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئىگە ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەمەلدار، زېمىندار، مۈلۈكدار، جاندار، پۇلدار، چارۋىدار، بايراقدار، ھازىردار...



### 17.10.3. -پەز

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، كۆپىنچە تائام نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ تائامنى پىشۇرغۇچى (شۇ ئىشنى كەسپ قىلغان) ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاشپەز، سامسىپەز، زاسۇپپەز...

### 18.10.3. -گەر//-كەر

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن بەزى ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئوبيېكت قىلغان كەسپ ئىگىسىنى ياكى شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سودىگەر، مىسكەر، زەرگەر، ئىغۋاگەر، دەۋاگەر...

### 19.10.3. -كەش

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياكى شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ھارۋىكەش، كىراكەش، ھايانكەش، تەختىراۋانكەش، جاپاكەش، مېھنەتكەش...

### 20.10.3. -ۋەن (-بەن)

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئايرىم ئىسملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسم ئىپادىلىگەن شەيئىگە قارىغۇچى، پەرۋىش قىلغۇچىنى

بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سارايۋەن، دەرۋازىۋەن، باغۋەن...

### 3.10.21. ـ پۇرۇش

بۇ قوشۇمچە پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ساتقۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

دورىپۇرۇش، چايپۇرۇش، كىتابپۇرۇش...

### 3.10.22. ـ خان

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئوقۇش ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ نەرسىنى ئوقۇغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كىتابخان، دۇئاخان...

### 3.10.23. ـ گاھ

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەت ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئارامگاھ، جەڭگاھ، سەيلىگاھ، دەرگاھ...

### 3.10.24. ھەم ـ

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، بەزى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە ئورتاق بولغۇچى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ھەمسۆھبەت، ھەمتاۋاق، ھەمدەرد...



### 3.10.25. ـ دۇرۇق// ـ دۈرۈك// ـ تۇرۇق

بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيۇمنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئېغىزدۇرۇق، كەمەلدۈرۈك، بويۇنتۇرۇق...

### 3.10.26. ـ دارچىلىق

بۇ قوشۇمچە "ـدار"، "ـچى" ۋە "ـلىق" تىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇمچىنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، مەلۇم مۇناسىۋەتتىكى ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قوشنىدارچىلىق، مېھماندارچىلىق، ئاغىنىدارچىلىق، ئاتىدارچىلىق...

### 3.10.27. ـ گەرچىلىك

بۇ قوشۇمچە "ـگەر"، "ـچى" ۋە "ـلىك" تىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئادەمنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئادەمگەرچىلىك، سىپايىگەرچىلىك...

### 3.10.28. ـ ئىزم

بۇ قوشۇمچە رۇسچىدىن ياكى رۇسچە ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر بىلەن بىللە كىرگەن بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار ئەسلىي ئىسىم ئىپادىلىگەن ئادەم ۋە شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسلەك، يول، پرىنسىپ قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماركسىزم، لېنىنىزم، ماتېرىيالىزم، رېئالىزم، دېموكراتىزم...

### 3.10.29. ـ چاق// ـ چەك// ـ چۇق// ـ چۈك

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم

ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ كىچىكلىكىنى ياكى شۇ شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىك نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تايچاق، كۆلچەك، قاپچۇق، يەمچۈك...

### B. سۈپەت ۋە ساندىن ئىسىم ياسىغۇچىلار

#### 3.10.30. -لىق//-لىك//-لۇق//-لۈك

بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قىزغىنلىق، يۈكسەكلىك، باتۇرلۇق، سەزگۈرلۈك...

بەزىدە تەرتىپ سانلارغا قوشۇلۇپ، دەرىجە نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچىلىك، ئىككىنچىلىك، تۆتىنچىلىك، ئالتىنچىلىك...

#### 3.10.31. -چىلىق//-چىلىك

بۇ قوشۇمچە "-چى" بىلەن "-لىق//-لىك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن هاسىل بولغان بولۇپ، بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگە بىلەن خاراكتېرلەنگەن هالەت، ۋەزىيەت ياكى ئومۇمىيەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قۇرغاقچىلىق، هۆلچىلىك، مالىمانچىلىق، ئالدىراشچىلىق،
بىكارچىلىق، كەمچىلىك، مۇساپىرچىلىق، كۆپچىلىك، ئازچىلىق...

### C. پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچىلار

#### 3.10.32. -غۇ//-قۇ//-گۈ//-كۈ (غا//-قا//-گە//-كە)

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ شۇ بەلگىلىك ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ



چىققان، بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تېرىلغۇ، ئوتالغۇ، ئىچىتقۇ، ئاچقۇ، سەزگۈ، ئىلغا، سالغا، تۇتقا،
سۈرگە، سۈپۈرگە، كۆلكە...

#### 3.10.33. -غۇچى//-قۇچى//-گۈچى//-كۈچى

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ سۇبيېكت ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، يازغۇچى، ئۇچقۇچى، كۈتكۈچى،
تولدۇرغۇچى، ئىنقىلابچى، ئەزگۈچى...

#### 3.10.34. -ش//-ئىش//-ئۇش//-ئۈش

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ شۇ شەكىلدىكى ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ خىل قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن هەرىكەت ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بىلىش، ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئاڭلىتىش، تونۇش...

#### 3.10.35. -ماق//-مەك

بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ شۇ شەكىلدىكى ئىسىمداش قوشۇمچىسى بىلەن شەكىلداش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ قوشۇمچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان. بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، هەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ياكى ۋاستىسىنى

بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

چاقماق، قويماق، يېپىشماق، يېمەك-ئىچمەك، ئۆلمەك...

### 3.10.36. -غۇچ// -قۇچ// -كۈچ// -گۈچ

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سىزغۇچ، ئوتىغۇچ، ئاچقۇچ، تۇتقۇچ، كۆرسەتكۈچ، ئۆچۈرگۈچ...

### 3.10.37. -ما// -مە

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ياكى ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قولىيازما، ئۇيۇشما، قورۇلما، باسما، بىرىكمە، سۈزمە، كۆرسەتمە، ئەسلىمە، بەلگىلىمە، كۆنۈكمە...

### 3.10.38. -م// -ىم// -ۇم// -ۈم

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كىرىم، چىقىم، كىيىم، ئۇنۇم، ئېقىم، سايلام، بىلىم، بۆلۈم، ئۆلۈم، تىنىم...

### 3.10.39. -غىن// -قىن (-قۇن)// -گۈن// -كۈن

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يانغىن، تاشقىن، ساتقىن، قاچقۇن، سۈرگۈن، كەلكۈن، تۇتقۇن،



ئۇچقۇن، توسقۇن...

### 3.10.40. -ق// -ك// -اق// -ەك// -وق// -ۈك

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ياكى ۋاستىسىنى ياكى ئورنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سوراق، تىرەك، بوياق، تاپشۇرۇق، قىلىق، ساناق، بۇيرۇق، سىناق، پىچاق، ئوتلاق، قىشلاق...

### 3.10.41. -ن// -ىن// -ۇن

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يىغىن، يېغىن، تۇگۈن، تېپىن...

### 3.10.42. -ندى// -ىندى// -ۇندى// -ۈندى

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يىغىندى، ئۈزۈندى، قىرىندى، ساقىندى، يۇ(يۇ)ندى، چىپىندا...

### 3.10.43. -دۇق

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قالدۇق، تاشلاندۇق، ھاردۇق...

### 3.10.44. -مىش// -مۇش// -مۈش

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ

پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى ياكى ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئۆتمۈش، قىلمىش، تۇرمۇش، يىمىش...

### 3.10.45. -غاق// -قاق// -گەك// -كەك

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە شەيئىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

پاتقاق، توزغاق، ئو(ر)غاق، چاققاق، ئىلگەك، تەپكەك...

### 3.10.46. -نچە// -ىنچە

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يېپىنچە، سىلىنچە، پۈركەنچە...

### 3.10.47. -مچى

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

مايىلامچى، تىلەمچى، باشلامچى...

### 3.10.48. -غۇلۇق// -قۇلۇق// -گۈلۈك

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىل ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئابستراكت ئوبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۆرگۈلۈك، تارتقۇلۇق، قىلغۇلۇق...



# تۆتىنچى باب سۈپەت

## 4.1. سۈپەتنىڭ مەنىسى

سۈپەت شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. بەزى سۈپەتلەر ھەرىكەتنىڭ بەلگىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى "بەلگە" سۆزى كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان گرامماتىك ئاتالغۇ بولۇپ، تۈس-رەڭ (قىزىل، يېشىل، ئاق)، تۈرق-ھالەت (ئېگىز، كەڭ، ئىسسىق، ئاۋات، دەھشەتلىك)، تەم-پۇراق (ئاچچىق، تۇزلۇق، خۇش بۇي)، سۈپەت-ساپا (ياخشى، چىڭ، چىدامىلىق)، خاراكتېر (توغرا، ئىنقىلابىي، سەلبىي)، مەنىۋى ئالاھىدىلىك (ياۋاش، باتۇر، ئالىيجاناب، پەسكەش، يالغانچى)، ھەرخىل مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرى (يىراق، ئامراق، قەدىمكى، زامانىۋى، ئىچكى، كېرەك، بار) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4.2. دەرىجىلىك ۋە دەرىجىسىز سۈپەتلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتلەر مەنە ۋە گرامماتىك جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، دەرىجىلىك سۈپەت ۋە دەرىجىسىز سۈپەت دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بەزى سۈپەتلەر مەنە جەھەتتىن نىسپىيلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى مورفولوگىيىلىك ياكى سىنتاكسىسلىق يول بىلەن كۈچەيتىشكە ياكى ئاجىزلىتىشقا بولىدۇ، مەسىلەن: "ئېگىز" دېگەن سۈپەتنى ئالساق، ئۇ پەقەت بىر خىل نىسپىي بەلگىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنى "ئېپئېگىز" شەكلىگە كىرگۈزسەك ياكى ئالدىغا "ئىنتايىن"، "ناھايىتى"، "تولىمۇ" قاتارلىق سۆزلەرنى كەلتۈرسەك،

ئۇنىڭ مەنىسى كۈچىيىدۇ؛ ئۇنى "ئېگىزرەك" شەكلىگە كىرگۈزسەك ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا "سەل"، "بىرئاز" قاتارلىق سۆزلەرنى كەلتۈرسەك، ئۇنىڭ مەنىسى ئاجىزلىشىدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى مەنە جەھەتتىن نىسپىيلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەرنى دەرىجىلىك سۈپەت دەپ ئاتايمىز. تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى دەرىجىلىك سۈپەتلەرگە كىرىدۇ.

قىزىل، ئاق، كۆك، چىرايلىق، كەڭ، تار، ئىسسىق، ئاۋات،
ئاچچىق، سېسىق، ياخشى، چىداملىق، ساغلام، سېمىز،
ئېزىلەڭگۇ، باتۇر، ساختىپەز، يىراق، ئامراق...

بەزى سۈپەتلەر مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ھېچقانداق يول بىلەن كۈچەيتىشكە ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، مەسىلەن: "تۇيۇق يول" دىكى "تۇيۇق" دېگەن سۈپەتنى ئالساق، ئۇ بىر خىل مۇتلەق بەلگىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنى كۈچەيتكىلىمۇ، ئاجىزلاشتۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان سۈپەتلەرنى دەرىجىسىز سۈپەت دەپ ئاتايمىز. تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى دەرىجىسىز سۈپەتكە كىرىدۇ.

ئەركەك، چىشى، سۇنۇق، سەلبىي، ئىجابىي، ئىقتىسادىي، دىنىي،
سوتسىيالىستىك، گرامماتىك، مورفولوگىيىلىك...

سۈپەتلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى بۇ پەرقى ئۇلارنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن پەرقلىنىشكە سەۋەب بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گرامماتىكا كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك سۈپەتلەر "ئەسلىي سۈپەت" ۋە "نىسپىي سۈپەت" دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈپ، تۈپ سۈپەتلەر "ئەسلىي سۈپەت" كە، ياسالما سۈپەتلەر "نىسپىي سۈپەت" كە كىرگۈزۈلىدۇ. بىز بۇ



خىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق تاپمىدۇق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ خىل تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلى سۈپەتلەرنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن باشقا، سۈپەتلەرنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرەلمەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ياسالما سۈپەتلەرنى "نىسپىي سۈپەت" دەپ ئاتاشقا ھېچقانداق ئاساس يوق، ھەتتا بۇ نام كۆپ ھاللاردا شۇ تۈرگە كىرگۈزۈلگەن سۈپەتلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە زىت كېلىدۇ. چۈنكى، ياسالما سۈپەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى مەنە جەھەتتىن مۇتلەقلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە (يۇقىرىدىكى مىساللارغا قارالسۇن).

## 4.3. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

دەرىجىلىك سۈپەتلەر تۈرلىنىش يولى بىلەن دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى — سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى پەرقىنى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ بەلگىگە قارىتا بولغان سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدىغان كاتېگورىيە. سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلىي دەرىجە، كېمەيتمە دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىراق دەرىجە كاتېگورىيىسىنىڭ بۇ تۈرلىرى دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىدىلا ئىزچىل نۆۋەتلىشىپ كېتەلمەيدۇ، بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر شۇ تۆت تۈرنىڭ ھەممىسىدە كېلەلەيدۇ، بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر بولسا ئىككى-ئۈچ تۈردىلا كېلەلەيدۇ.

### 4.3.1. ئەسلىي دەرىجە

دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ ئەسلىي شەكلى سۈپەتنىڭ

ئەسلىي دەرىجە شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سۈپەتنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نورمال دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خۇش خۇي، ئېتىك ھەم چىقىشقاق يىگىت.

بىز ئۇچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلارنى سايلىدۇق.

### 4.3.2. كېمەيتمە دەرىجە

سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلى سۈپەت ئۆزىكىگە "-راق//-رەك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇزۇن-ئۇزۇنراق، كىچىك-كىچىكرەك

سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلى شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ دەرىجىسى ئەسلىي دەرىجىگە قارىغاندا سەل ئاجىزلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەدىئىي ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا، بەدىئىيلىكى يۇقىرىراق بولغانلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ياكى ياخشىراق بولىدۇ. بەدىئىيلىكى تۆۋەنرەك بولغانلىرى بولسا يامان ياكى يامانراق بولىدۇ. (ماۋ زېدۇڭ)

ئېگىز بويى، ئورۇقراق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

بۇ ئاياغ ماڭا كىچىكرەك.

ئۇ خەنزۇچىنى مەندىن ياخشىراق سۆزلەيدۇ.

سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلى بەزىدە بەلگىنىڭ دەرىجىسىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى گەپنىڭ ئورامىنى يۇمشىتىش ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئۆي بەك كىچىك، چوڭراق ئۆي يوقمۇ؟

ماڭا كۆپرەك ياردەم قىلىڭ.



ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گراماتىكا كىتابلىرىدا سۈپەتنىڭ بۇ خىل شەكلى سېلىشتۇرما دەرىجە دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ ۋە سېلىشتۇرۇشتا قوللىنىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، سۈپەتنىڭ بۇ شەكلىنى بۇنداق ئاتاش ۋە بۇنداق ئىزاھلاش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى بۇ شەكىل سۈپەتنىڭ مەخسۇس سېلىشتۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان شەكلى ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما دەرىجىسى مورفولوگىيىلىك يول بىلەن ئەمەس، بەلكى سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە بۇ بىرىكمىگە يالغۇز، "-راق//-رەك" قوشۇمچىسى قوشۇلغان سۈپەتلەرلا ئەمەس، بەلكى ئەسلىي دەرىجىدىكى سۈپەتلەرمۇ قاتنىشىدۇ. مەسىلەن، "تاشتىن قاتتىق"، "تاشتەك قاتتىق"، "ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك" دېگەنگە ئوخشاش. شۇڭا بىز سۈپەتنىڭ بۇ شەكلىنى ئۇ ئىپادىلىگەن مەنىگە ئاساسەن "كېمەيتمە دەرىجە شەكلى" دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

### 4.3.3. ئاشۇرما دەرىجە

سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى ئاۋۋال سۈپەتنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەشكىل قىلغان سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئاخىرىغا "پ" تاۋۇشىنى قوشۇپ ئېيتىپ، ئاندىن سۈپەتنى تولۇق ئېيتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

قىزىل — قىپقىزىل، سۆزۈك — سۈپسۈزۈك، تىنچ — تىپتىنچ، باراۋەر — باپباراۋەر.

سۈپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ ئەسلىي دەرىجىسىدىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باپباراۋەر.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېپيېڭى بىر دەۋر باشلاندى.

هاۋا ئوچۇق، ساينىڭ ئىچى تىپتىنچ ئىدى.

سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى كۆپ ۋاقىتلاردا سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ ئەمەلىي دەرىجىسىنى ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تاغ ئۈستىدە ئاپئاق قار، تاغ قاپتاللىرىدا ياپيېشىل قارىغاي، تۆۋەندە بولسا كۆپكۆك مۇز. (قەييۇم تۇردى)

بۇنداق قاپقاراڭغۇ ئۆيدە گېزىت ئوقۇغىلى بولامدۇ؟

سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى سۆپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە شەكلىدەك ئۈنۈملۈك ئەمەس. بۇ شەكىلگە كىرەلەيدىغان سۆپەتلەر ئاساسەن شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى، تۇرقىنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بەزى گراماتىكا كىتابلىرىدا سۆپەتنىڭ ئالدىغا "ئەڭ، تېخىمۇ، ناھايىتى، غايەت، زەپ، ئىنتايىن، خويما" دېگەنگە ئوخشاش رەۋىشلەر قوشۇلۇپ كەلگەن بىرىكمىلەرمۇ سۆپەتنىڭ ئاشۇرما دەرىجە شەكلى قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بىزنىڭچە، بۇنداق قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، سۆپەتلەرنىڭ ئالدىغا يۇقىرىقىدەك دەرىجە رەۋىشلىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى نورمال سىنتاكسىسلىق ھادىسە بولۇپ، ئۇلارنى سۆپەتنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكلى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ.

### 4.3.4. ئەركىلەتمە دەرىجە

سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى سۆپەت ئۆزىكىگە "-غىنا//-قىنا//-گىنە//-كىنە" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سالقىن — سالقىنغىنا، ئوماق — ئوماققىنا، تۈزۈك —



تۈزۈككىنە، ئەپچىل — ئەپچىلگىنە.

سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن ياكى كۆچەيتىش ھېسسىياتى بىلەن كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى پۈتۈنلەي سۆزلىگۈچىنىڭ ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن:

تامغا يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چاققانغىنا رەڭلىك خوتەن گىلىمى تارتىلغان ئىدى. (قەييۇم تۇردى)

— ياق، — دېدى ئاتا يېقىملىققىنا كۈلۈمسىرەپ — مېنىڭ قورسىقىمغا بىر ئوي كىرىۋالدى. (قەييۇم تۇردى)

— ياق، بۇ كىچىككىنە سۇ ئامبىرى بىلەنمۇ ھېچ ئىش پۈتمەيدۇ. (قەييۇم تۇردى)

پەقەت ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئازغىنا ئىشنى قىلالىدىم.

سۆپەتنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجە شەكلى سۆپەتنىڭ دەرىجە شەكىللىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئۈنۈمسىز بىرى بولۇپ، ئاز بىر قىسىم سۆپەتلەرلا بۇ شەكىلگە كىرەلەيدۇ.

## 4.4. سۆپەتنىڭ تەكرارلانما شەكلى

ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى كۆپ ساندىكى دەرىجىلىك سۆپەتلەر تەكرارلانما شەكىلدە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

كىچىك-كىچىك، ئۇزۇن-ئۇزۇن، ئېگىز-ئېگىز، ئېنىق-ئېنىق…

سۆپەتنىڭ تەكرارلانما شەكلى ئومۇمەن شۇ سۆپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ بىر تىپتىكى كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەربىرىگە خاسلىقى تەكىتلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بەزىدە شۇ

سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولغان ھەرىكەتنىڭ كۆپ قېتىم تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەزالار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يېڭى - يېڭى چارە - تەدبىرلىرىنى ئويلىنىۋاتىدۇ. (قەييۇم تۇردى)

يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا... سالا - سالا ئېتىزلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. (قەييۇم تۇردى)

ئاشقازىنىڭىز ئاجىز، يەڭگىل - يەڭگىل تاماقلارنى يېسىڭىز بولىدۇ.

سۈرەت ياخشى تارتىلىپتۇ، ھەممە ئادەم ئېنىق - ئېنىق.

ئۇ ئىتتىك - ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلار تەرەپكە كەتتى.

## 5.4. سۈپەتنىڭ ئىسىملىشىشى

ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم سۈپەتلەر بىۋاسىتە ئىسىم تۈركۈمىگە كۆچۈپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ نامىنى ياكى شۇ بەلگىگە ئىگە بولغان مەلۇم بىر شەيئىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار پۈتۈنلەي ئىسىمغا ئوخشاش تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

سوغۇق چۈشكىچە ئىشلارنى تۈگىتىۋالايلى.

ئەر - ئايال، ياش - قېرى ھەممىسى قاتناشتى.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى مەيدانغا چۈشتى.

بەزى سۈپەتلەر ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، ھامان كۆپلۈك شەكلىدىكى ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قىزىللار، ئاقلار، كونىلار، قەدىمكىلەر...

## 6.4. سۈپەتنىڭ ئالماشلىشىشى

دەرىجىلىك سۈپەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك



قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالماشلىشىدۇ ۋە ئىسىملارغا ئوخشاش تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق سۈپەتلەر ئومۇمەن مەلۇم بىر ئومۇمىيەتنى تەشكىل قىلغان شەيئىنىڭ شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولغان بىرىنى ياكى بىر قىسمىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كونكرېت مەزمۇنى (قانداق شەيئىنىڭ بىرىنى ياكى بىر قىسمىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى) كونتېكستتىن مەلۇم بولىدۇ ياكى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار پارتىلارنى سىنىپقا ئېلىپ كىرىپ، يېڭىلىرىنى ئالدىغا، كونىلىرىنى كەينىگە تىزدى.

— مۇشۇ ئەڭ چوڭى، — دېدى مال ساتقۇچى بىر پاي شىبىلىتنى ئېلىپ.

ئۇ نەرسە تەقسىم قىلسا، ھامان ناچىرىنى ئۆزى ئېلىپ، ياخشىسىنى باشقىلارغا بېرىدۇ.

ئاۋۇ شىبىلىتلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئېلىپ بېقىڭ.

## 7.4. سۈپەتنىڭ جۈملىدىكى رولى

سۈپەتلەرنىڭ خەۋەر شەكلىدە خەۋەر بولۇپ كېلىشىنى، ئىسىملىشىپ ياكى ئىسىم خاراكتېرىنى ئېلىپ، ئىسىم رولىدا كېلىشىنى نەزەرگە ئالمىغاندا، ئومۇمەن ئىسىملارغا قوشۇلما شەكلىدە بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ، سۈپەتلەرنىڭ ئەڭ خاراكتېرلىك ۋە ئەڭ ئومۇمىي بولغان گرامماتىك خۇسۇسىيىتى. بىر قىسىم دەرىجىلىك سۈپەتلەر پېئىللارغا بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ياخشى ئىش، ئېگىز ئىمارەت، قىپقىزىل گۈللەر، چوڭقۇراق ئۆي، دىنىي مەسىلە، سوتسىيالىستىك ۋەتەن، ئىچكى مەسىلە، يوق

ئىش، كېرەك نەرسە، زۆرۈر تەدبىر، ياخشى ئىشلىمەك، چىرايلىق يازماق، قېنىق قىزىل.

## 4.8. سۆپەت بېقىندىلىرى

سۆپەتلەرنىڭ باشقا سۆزلەرنى بېقىندۇرۇپ كېلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

1) دەرىجىلىك سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەرىجە رەۋىشلىرىنى ۋە دەرىجىنى بىلدۈرەلەيدىغان ئايرىم سۆپەتلەرنى ھالەت سۆپىتىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەڭ كىچىك، ناھايىتى قىزىق، ئىنتايىن تەسىرلىك، كۆپ ئېنىق، بىر ئاز تۆۋەن، سۇس يېشىل، توق قىزىل...

2) دەرىجىلىك سۆپەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزى ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ باشقا شەيئىلەرنىڭ شۇ خىل بەلگىسىگە نىسبەت قىلىنغان دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سېلىشتۇرما دەرىجە ھالەتلىرىنى بېقىندۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ھالەتلەر چىقىش كېلىش، ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكلىدىكى ياكى «قارىغاندا» قاتارلىق تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تۇرسۇندىن چوڭ.
بۇنىڭدىن ياخشى كىتابنى نەدىن تاپىسەن.
ئۇلارنىڭ ياتىقى بىزنىڭ ياتاقتىن ئىسسىق.
تاشتەك قاتتىق يەر ئىكەن بۇ.
مەندە سىزنىڭكىچىلىك كۆپ كىتاب يوق.
ئۇ تۇرسۇنغا قارىغاندا سەل پاكار.

3) ئايرىم سۆپەتلەر كۆپ ھاللاردا يۆنىلىش كېلىش، چىقىش



كېلىش، ئورۇن كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ ھالەت بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلارنىڭ ئۆيى شەھەرگە يېقىن.
ئۇ كىنوغا ئامراق.
بۇ بىزگە كېرەك كىتاب.
ئۇلارنىڭ زاۋۇتى شەھەردىن يىراق بىر يېزىدا.
ئۇ قولىدا بار ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسىنى بەردى.

## 4.9. سۆپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

### A. ئىسىمدىن سۆپەت ياسىغۇچىلار

#### 4.9.1. -لىق// -لىك// -لۇق// -لۈك

بۇ، ئىسىملاردىن سۆپەت ياساشتىمۇ ئىنتايىن ئۈنۈملۈك قوشۇمچە بولۇپ، تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ بارلىقىنى ياكى كۆپلۈكىنى مەزمۇن قىلغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قوراللىق، تەرتىپلىك، باللىق، بىلىملىك، ساقاللىق، سۇلۇق، تۇزلۇق.

2) بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

پرولېتارىياتلىق، ماركسىزملىق، گرامماتىكىلىق.

3) ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يازلىق، قىشلىق، چۈشلۈك، ئەتىگەنلىك،

4) بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۈلكىلىك ( ئىش )، قايغۇلۇق ( خەۋەر )، تەسىرلىك ( رومان ).

5) مەمۇرىي رايون نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، "شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن رايون دەرىجىسىدىكى" دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئۆلكىلىك ( ھۆكۈمەت )، ۋىلايەتلىك ( پارتكوم )، ناھىيىلىك ( سوت )، ئوبلاستلىق ( ئىدارە )، رايونلۇق ( خەلق قۇرۇلتىيى ).

6) ئۇلاغ ۋە بەزى قاتناش قوراللىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئۇلاغنى مىنىش ياكى شۇ قاتناش قورالىغا ئولتۇرۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاتلىق، ئېشەكلىك، ۋېلسىپىتلىك، ماشىنىلىق، ھارۋىلىق...

### 4.9.2. -سىز

بۇ، سۈپەت ياساشتا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى ياكى بەك ئازلىقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قورالسىز، ساۋاتسىز، چەكسىز، سۇسىز، كۈچسىز، جانسىز، روھسىز، پايدىسىز، بالىسىز...

### 4.9.3. -چان

بۇ قوشۇمچە بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى ياسايدۇ:

1) بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن



شەيئىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئەمگەكچان، ئىشچان، ئىجادچان، سۆزچان، خىيالچان، سوغۇقچان، ئىسسىقچان*.

2) كىيىم نامىنى بىلدۈرىدىغان بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ كىيىمنىڭ كىيىلگەنلىكىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كۆڭلەكچان، مايكىچان، جۇۋىچان...

### 4.9.4. -چى

بۇ قوشۇمچە ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە بولغاندىن تاشقىرى، بەزى ئىسىملاغا قوشۇلۇپ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە مايىل خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنىمۇ ياسايدۇ. مەسىلەن:

چاتاقچى، شاڭخوچى، پوچى، تەۋەككۈلچى.

### 4.9.5. -چىل

بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە مايىل خاراكتېرنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

خەلقچىل، ئەپچىل، ئىنقىلابچىل.

### 4.9.6. -سىمان

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

* بۇ يەردىكى "سوغۇق، ئىسسىق" سۆزلىرى ئىسىملاشقان سۈپەت ھېسابلىنىدۇ.

مايمۇنسمان، ئادەمسمان، ئايسمان، ئورۇندۇقسمان، ئېشەكسمان.

### 7.9.4. ـ ىي//ـ ۋى

بۇ قوشۇمچە ئاساسەن ئەرەبچىدىن، پارسچىدىن ۋە قىسمەن رۇسچىدىن كىرگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن خاراكتېرلەنگەن خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تارىخىي، ئىنقىلابىي، دىنىي، ئىقتىسادىي، ئەنئەنىۋى، نەزەرىيىۋى، پارتىيىۋى، ئىدىيىۋى

### 8.9.4. ـ پەرەس

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى قوغلىشىدىغان، شۇنىڭغا چوقۇنىدىغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئابرويپەرەس، پۇلپەرەس، ئەمەلپەرەس، كىيىمپەرەس، بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەس...*

### 9.9.4. ـ پەرۋەر

بۇ قوشۇمچە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى سۆيىدىغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرگۈچى سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر...

---

* بۇنداق ياسالغان بەزى سۆزلەر ئىسىم ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: "ئاتەشپەرەس"، "ئاپتاپپەرەس" دېگەنگە ئوخشاش.



### 10.9.4. ـ بى

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن ئالدى قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. بۇنداق ياسالغان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسى "ـ سىز" قوشۇمچىسى بىلەن ياسالغان سۈپەتلەرنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

بىتاقەت، بىھايا، بىئىختىيار، بىمەنە، بىئەدەپ، بىچارە، بىۋاستە، بىكار...

### 11.9.4. ـ نا

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن ئالدى قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

نائۈمىد، نائىنساپ، ناتايىن، ناكار...

### 12.9.4. ـ بەت

بۇ پارسچىدىن ئۆزلەشكەن قوشۇمچە بولۇپ، ئاساسەن ئەرەبچە، پارسچىدىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە ناچار، سەت دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بەتتەم، بەتخۇي، بەتمۇئامىلە، بەتقىلىق، بەتنىيەت...

## B. پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچىلار

### 13.9.4. ـ ق//ـ ك//ـ ىق//ـ ىك//ـ ۇق//ـ ۈك

بۇ قوشۇمچە پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ھالەتنى

بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاغرىق، يېپىق، ئېتىك، سۇنۇق، ئۆلۈك، چىرىك، قۇرۇق، تىزىق...

### 4.9.14. ـ ما// ـ مە

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ياكى ھەرىكەتكە لايىق بولغان خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاسما ( سائەت )، پۈكلىمە ( كارىۋات )، كۆتەرمە ( ئۆي )، كۆچمە ( لەۋھە )، ياسالما ( كۆلكە ).

### 4.9.15. ـ غاق// ـ قاق// ـ گەك// ـ كەك

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

توڭغاق، ئۇرۇشقاق، سىيگەك، تىيىلغاق، چىقىشقاق، چېپىلغاق، يېپىشقاق، كۈلگەك، تەپكەك...

### 4.9.16. ـ چاق// ـ چەك// ـ چۇق

بۇ قوشۇمچە ئۆزلۈك دەرىجىدىكى بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ماختانچاق، ئېرىنچەك، قىزغانچۇق، ياسانچۇق...

### 4.9.17. ـ ڭغۇ// ـ ڭگۈ// ـ اڭغۇ// ـ ەڭگۈ

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:



يىغلاڭغۇ، چېچىلاڭغۇ، كۆتۈرەڭگۈ، ئېزىلەڭگۈ...

### 4.9.18. ـ غۇر// ـ قۇر// ـ گۈر// ـ كۈر

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە مايىللىق خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

جىمغۇر، ئۇچقۇر، سەزگۈر، ئۆتكۈر...

### 4.9.19. ـ لىق// ـ لىك// ـ لۇق// ـ لۈك

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىللارنىڭ "ش" بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىمداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، بۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتكە يارايدىغان ياكى ھەرىكەت بىلەن ئالاقىدار خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يېيىشلىك ( تاماق )، مىنىشلىك ( ئات )، چۈشىنىشلىك ( مەسىلە )، ئولتۇرۇشلۇق، تۇرۇشلۇق.

بۇ قوشۇمچە يەنە بەزى پېئىللارنىڭ "ـ ئار// ـ ئەر" بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى قوزغاش خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك، خۇشاللىنارلىق، ئېچىنارلىق...

### 4.9.20. ـ غىن// ـ قىن// ـ گىن// ـ كىن// ـ غۇن// ـ قۇن// ـ گۈن// ـ كۈن

بۇ قوشۇمچە ئايرىم پېئىللارنىڭ ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ياكى ئورۇنلايدىغان ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كەسكىن، چۈشكۈن، قىزغىن، ئېقىن، تۇرغۇن، تۇتقۇن، سۈرگۈن،

## C. رەۋىشتىن سۈپەت ياسىغۇچىلار

### 4.9.21. ـقى// ـكى

بۇ قوشۇمچە ۋاقىت رەۋىشلىرىگە ياكى تەرەپنى كۆرسەتكۈچى رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىش ئىپادىلىگەن ۋاقىت ياكى تەرەپنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بۇرۇنقى، ئاۋۋالقى، كېيىنكى، كەچكى، بۈگۈنكى، هازىرقى، بۇلتۇرقى، بېرىقى، نېرىقى، ئىچكىرىكى.

## D. سان ـ مىقدار بىرىكمىسىدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

### 4.9.22. ـلىق// ـلىك// ـلۇق// ـلۈك

بۇ قوشۇمچە سان ـ مىقدار بىرىكمىسىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ سان ـ مىقدار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن

تۆت تونىلىق ( ماشىنا )، بىر كىلوگراملىق ( بوتۇلكا )، بەش مولۇق ( ئىتىز )، ئۈچ ئايلىق ( ۋەزىپە )، ئون كۈنلۈك ( مۇساپە )، ئەللىك ئۆيلۈك ( ئادەم ).

## E. سۈپەتتىن سۈپەت ياسىغۇچىلار

### 4.9.23. ـىش //ـۇچ //ـۈچ

بۇ قوشۇمچە رەڭنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ رەڭگە قارىغاندا ئاچراق رەڭنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئېقىش، كۆكۈچ، سارغۇچ، قىزغۇچ...



### 4.9.24. ـنا

بۇ قوشۇمچە ئەرەبچە، پارسچىدىن ئۆزلەشكەن ئايرىم سۈپەتلەرنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ناتوغرا، نامۇۋاپىق، نامەلۇم، نائۇستا...

# بەشىنچى باب سان

## 5.1. ساننىڭ مەنىسى

سان — شەيئىلەرنىڭ ھېسابىنى، رەت تەرتىپىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. سان "نەچچە (قانچە)"، "نەچچىلىك (قانچىلىك)"، "نەچچىنچى (قانچىنچى)" سوئاللىرىغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىر (1)، بەش (5)، سەككىز (8)، ئون بىر (11)، يىگىرمە (20)، سەكسەن ئىككى (82)، بىر يۈز سەكسەن ئالتە (186)، مىڭ (1000)، تۆتتىن بىر (1/4)، مىڭدىن بىر (1/1000)، يۈزچە، نەچچە مىڭ، مىڭلىغان، بەشىنچى (5-)، ئون ئالتىنچى (16-).

## 5.2. ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار تۈزۈلۈشىگە قاراپ، ئاددىي سان ۋە مۇرەككەپ سان دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاددىي سانلار بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى ئاددىي سانلار بار:

بىر (1)، ئىككى (2)، ئۈچ (3)، تۆت (4)، بەش (5)، ئالتە (6)، يەتتە (7)، سەككىز (8)، توققۇز (9)، ئون (10)، يىگىرمە (20)، ئوتتۇز (30)، قىرىق (40)، ئەللىك (50)، ئاتمىش (60)، يەتمىش (70)، سەكسەن (80)، توقسان (90)، يۈز (100)، مىڭ (1000)، مىليون (1000000)، مىليارد (1000000000)...



تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، "سەكسەن"، "توقسان" سانلىرىنىڭ "سەككىز ئون"، "توققۇز ئون" شەكلىدە ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى كۈندە ئۇلار ئىككى سۆزلۈك شەكلىدىن ئايرىلىپ قالغان. "يۈز"، "مىڭ"، "مىليارد" سانلىرىنىڭ ئالدىغا بەزىدە "بىر" سۆزى قوشۇلۇپ كېلىدۇ، لېكىن بۇ "بىر" سۆزى بۇ سانلارنىڭ مەنىسىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئاددىي سان ھېسابلىنىدۇ.

مۇرەككەپ سانلار ئاددىي سانلارنىڭ ياكى مۇرەككەپ سانلارنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. سانلار تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەردە بىرىكىدۇ:

1) قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا كىچىك خانىلىق سان چوڭ خانىلىق ساننىڭ كەينىدە كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئون بىر، ئوتتۇز بەش، ئەللىك ئالتە، يۈز بەش، مىڭ بىر.

2) ھەسسىلەش-ھەسسىلىنىش مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا كىچىك خانىلىق سان چوڭ خانىلىق ساننىڭ ئالدىدا كېلىپ ئۇنى ھەسسىلەيدۇ. مەسىلەن:

بەش يۈز، ئون مىڭ، بىر يۈز يىگىرمە مىڭ، ئۈچ مىليون.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ سانلار ئاز بولغاندا ئىككى، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئاددىي سانلارنىڭ يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلەر بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

ئون يەتتە (17)، ئىككى يۈز ئاتمىش (260)، تۆت يۈز توقسان ئالتە (496)، ئۈچ مىڭ تۆت يۈز قىرىق (3440)، يەتتە مىڭ ئالتە يۈز ئون بەش (7615)، ئون ئىككى مىڭ سەككىز يۈز توقسان ئۈچ (12893)، ئىككى يۈز ئون ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز

ئوتتۇز تۆت ( 213734 )، بىر مىليون بەش يۈز ئون ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك ( 1512850 )، ئىككى مىليون ئۈچ يۈز يىگىرمە بەش مىڭ ئىككى يۈز ئون تۆت ( 2325214 ).

## 3.5. ساننىڭ مورفولوگىيىلىك تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار تۈرلىنىش ۋە جۈپلىنىش يوللىرى بىلەن ساناق سان، مۆلچەر سان، تەرتىپ سان، كەسىر سان، تەقسىم سان، رەۋىش سان، كىشىلىك سان، ئالماش ساندىن ئىبارەت گرامماتىك تۈرلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

### 1.3.5. ساناق سان

ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئەسلىي شەكلى ساناق سان ھېسابلىنىدۇ. ساناق سانلار ئېنىق پۈتۈن ساننى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدە ئۈچ مىڭ ئوقۇغۇچى بار.

دۇنيادا بەش قىتئە، تۆت ئوكيان بار.

توخۇ، توشقان ئەللىك، پۈتى بىر يۈز ئىككى.

ساناق سانلار كۆپ ھاللاردا مىقدار سۆزلەرگە بېقىنىپ، سان مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەش جىڭ ( گۆش )، يۈز كىلومېتىر ( يول )، بىر يۈتۈم ( سۇ )، ئىككى قېتىم ( بارماق )، ئىككى سائەت ( كۈتمەك ).

### 2.3.5. مۆلچەر سان

مۆلچەر سانلار شەيئىلەرنىڭ تەخمىن ساننى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا مۆلچەر سانلار بىر نەچچە خىل ئۇسۇلدا ياسىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس مۆلچەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.



1. ساناق سانلارغا "-چە" ياكى "-دەك//-تەك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ساناق ساندىن سەل كەم ياكى ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن بولغان مۆلچەر ساننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇگۈنكى يىغىنغا ئەللىكچە ( ئەللىكتەك ) ئادەم قاتناشتى.

بىزنىڭ مەكتەپتە ئىككى مىڭدەك ( ئىككى مىڭچە ) ئوقۇغۇچى بار.

2. ئىككى ساناق ساننى جۈپلەشتۈرۈش يولى بىلەن بىر خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار شۇ ئىككى ساناق سان ئارىلىقىدىكى مۆلچەر ساننى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن سىزنى ئىزدەپ بەش-ئالتە قېتىم باردىم.

ئۇلارنىڭ مەكتىپىدە بەش-ئالتە مىڭ ئوقۇغۇچى بار.

بۇ ئون-يىگىرمە كۈنلۈك ئىش ئەمەس.

3. "نەچچە ( قانچە )" ياكى "بىر نەچچە ( بىر قانچە )" سۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر نەچچە خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ:

1) "نەچچە ( قانچە )" ياكى "بىر نەچچە ( بىر قانچە )" سۆزى يالغۇز قوللىنىلسا، بىرلەر خانىسى دائىرىسىدىكى مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىر نەچچە ئوقۇغۇچى، نەچچە پارچە كىتاب، بىر قانچە ئادەم.

2) "نەچچە" سۆزى ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى بولغان ساناق سانلارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ سانغا قوشۇلغان بىرلەر خانىسى دائىرىسىدىكى مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئون نەچچە ئادەم، ئوتتۇز نەچچە ئات، سەكسەن نەچچە قوي، يۈز نەچچە ئوقۇغۇچى…

3) ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى بولغان ئاددىي ساناق

سانلارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كەلسە، شۇ ساناق سان بىرلەر خانىسى دائىرىسىدە ھەسسىلەشتۈرۈلگەن مۆلچەر سان ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

نەچچە ئون (ئادەم)، بىرقانچە مىڭ (ئوقۇغۇچى)، قانچە يۈز مىڭ (ئەسكەر)

4. ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى بولغان ئاددىي ساناق سانلارنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە "يېقىن" سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىشى ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدە "ئارتۇق" ياكى "كۆپ" سۆزى بىلەن بىرىكىشى ئارقىلىق بىر نەچچە خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. "يېقىن" سۆزى بىلەن ياسالغىنى شۇ ساندىن سەل كەم بولغان مۆلچەرساننى بىلدۈرىدۇ. "ئارتۇق" ياكى "كۆپ" سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغىنى ساناق ساندىن ئارتۇق بولغان مۆلچەر ساننى بىلدۈرىدۇ.* مەسىلەن:

يىغىنغا مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشتى.

بۇ دۆلەتنىڭ يۈزگە يېقىن كالىسى، مىڭدىن كۆپ قويى بار.

5. يۈزلەر خانىسىدىن يۇقىرى خانىدىكى ساناق سانلارغا ياكى "نەچچە (قانچە)" سۆزى بىلەن ھەسسىلەشتۈرۈلگەن چوڭ مۆلچەر سانلارغا "-لىغان//-لىگەن" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر خىل مۆلچەر سان ياسىلىدۇ. بۇ خىل مۆلچەر سانلار بىر خىل تەسۋىرىي خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، سۆزلىگۈچىنىڭ "شۇ قەدەر كۆپ" دېگەن ھېسسىياتىنى قوشۇپ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ مىليونلىغان ئامما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش.

بۇ مەكتەپتىن نەچچە يۈزلىگەن ئالىملار يېتىشىپ چىققان.

مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار خەلق مەنپەئەتى

---

* "يېقىن"، "ئارتۇق"، "كۆپ" سۆزلىرى بۇ يەردە ياردەمچى سۆز رولىنى ئوينايدۇ.



ئۈچۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا باتۇرلارچە قۇربان بولدى.

مۆلچەر سانلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەللىكچە (ئەللىكتەك) ئادەم، بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى،

سەكسەن نەچچە قوي، مىڭغا يېقىن ئىشچى، ئوندىن ئارتۇق

ماشىنا، مىليونلىغان ئامما.

بەزى مۆلچەر سانلار خەۋەر بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قويى مىڭدىن ئارتۇق.

بەزى مۆلچەر سانلار يەنە مىقدار سۆزلەرگە بېقىنىپ، سان-مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

نەچچە جىڭ (گۆش)، ئون نەچچە مېتىر (رەخت)، نەچچە مىڭ

كىلومېتىر (يول)، بەش-ئالتە قېتىم (بارماق).

### 3.3.5. تەرتىپ سان

ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا "-ىنچى//-نچى" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەرتىپ سانلار ياسىلىپ، شەيئىلەرنىڭ رەت تەرتىپىنى، دەرىجىسىنى ياكى نومۇرلۇق بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى (1-)، ئىككىنچى (2-)، ئون يەتتىنچى (17-)،

يەتتە-سەككىزىنچى، ئون نەچچىنچى...

تەرتىپ سانلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز يەتتىنچى بىنانىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرىمىز.

ئوڭ قول تەرەپتىكى ئىككىنچى ئۆي بىزنىڭ ئىشخانىمىز.

ئۇلار يەتتە-سەككىزىنچى ئايلاردا كېلىشى مۇمكىن.

تەرتىپ سانلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى شۇكى، ئۇلار جۈملىدە قىستۇرما بولۇپ، نۇتۇق مەزمۇنىنى تۈرگە ئايرىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۈچ چوڭ ئىنتىزام تۆۋەندىكىچە:
بىرىنچى، بارلىق ھەرىكەتتە قوماندىغا بويسۇنۇش؛
ئىككىنچى، ئاممىنىڭ يىپ-يىڭنىسىنىمۇ ئالماسلىق؛
ئۈچىنچى، بارلىق غەنىيمەتلەرنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇش.

تەرتىپ سانلار بەزىدە خەۋەر ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ كىنىشكامنىڭ نومۇرى 1278 نچى.

تەرتىپ سانلار ھەرىكەت مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سان-مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىنچى قېتىم (كۆرمەك)، ئىككىنچى نۆۋەت (بارماق).

تەرتىپ سانلار بەزىدە "-دىن" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، باغلىغۇچى بولۇپ، بىر ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر نەچچە ئىشنى باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ قېتىم بارالمايمەن، چۈنكى، بىرىنچىدىن، سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئىككىنچىدىن بەزى ئىشلىرىم تېخى ئاخىرلاشمىدى.

ئۇيغۇر تىلىدا "تۇنجى"، "ئوتتۇرانچى"، "كەنجى" سۆزلىرىمۇ تەرتىپنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. بىراق بۇلاردىن پەقەت "تۇنجى" سۆزىنىلا "بىرىنچى" بىلەن مەنىداش تەرتىپ سان ھېسابلاشقا بولىدۇ. "ئوتتۇرانچى" سۆزى "ئوتتۇرىدىكى" دېگەن



مەنىنى بىلدۈرسە، "كەنجى" سۆزى ئاخىرقى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار سۈپەت ھېسابلىنىدۇ.

### 4.3.5. كەسىر سان

كەسىر سانلار بىردىن كىچىك پارچە ساننى بىلدۈرۈپ، ئادەتتە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

كەسىر سانلار مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ۋە سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ئىككى ساناق ساندىن تۈزۈلىدۇ. مەخرەجنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان "-دىن//-تىن" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالدىدا كېلىدۇ. ئاندىن سۈرەتنى ئىپادىلەيدىغان ساناق سان كېلىدۇ. مەسىلەن:

تۆتتىن ئۈچ (3/4)، ئوندىن يەتتە (7/10)، مىڭدىن بىر (1/1000)، يۈزدىن بەش (5/100)...

ئەگەر كەسىر سانلار ساناق سان (پۈتۈن سان) بىلەن قوشۇلۇپ كەلسە، ساناق ساندىن كېيىن "پۈتۈن" سۆزى قوشۇلۇپ، ئاندىن كەسىر سان ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر پۈتۈن ئوندىن يەتتە (1،7/10)، ئىككى پۈتۈن تۆتتىن بىر (2، 1/4)

كەسىر سانلار ئابستراكت سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەي، مەلۇم شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ كەلگەندە، ئادەتتە، بىۋاستە جۈملە بۆلىكى بولماستىن، بىر بولسا ئالماش سان شەكلىدە جۈملىگە قاتنىشىدۇ. (بۇ ھەقتە "ئالماش سان" دېگەن قىسىمغا قاراڭ)، بىر بولسا "قىسىم" ياكى "بۆلەك" دېگەن ئىسىمغا بېقىنغان ھالدا بىر ئىسىم بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىپ، بىر پۈتۈنلۈكنى ئىپادىلىگۈچى ئىسىم ياكى ئالماشنى ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئۆزىگە

بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قىز ئوقۇغۇچىلار ئىگىلەيدۇ.

بىزنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىمىز جەنۇبتىن كەلگەن.

بۇ دەرس پۈتۈن دەرس ۋاقتىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پارچە ساننى بىلدۈرىدىغان "يېرىم"، "چارەك" سۆزلىرىمۇ بار. بۇلاردىن "يېرىم" سۆزى ئىككىدىن بىر مەنىسىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ساناق سانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. "چارەك" سۆزى بولسا "تۆتتىن بىر" مەنىسىدە بەزى مىقدار سۆزلەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چارەك ئەسىر، چارەك سائەت، چارەك تونىنا.

### 5.3.5. تەقسىم سان

ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا "-دىن//-تىن" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەقسىم سانلار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بىردىن، ئۈچتىن، بەشتىن، يۈزدىن، ئون نەچچىدىن…

تەقسىم سانلار ئىسىمغىمۇ، پېئىلغىمۇ بېقىنىپ كېلىدۇ. ئىسىمغا بېقىنىپ كەلگەندە، شۇ سان كۆپلۈكىدىكى شەيئىنىڭ مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەربىرى بىلەن ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەلاچىلارغا بىردىن لۇغەت، ئىككىدىن دەپتەر، بىردىن قەلەم مۇكاپات بېرىلدى.

تۆتتىن ئات قوشۇلغان بەش ھارۋا يولغا چىقتى.

ھەربىرىڭلار ئىككىدىن دەپتەر تەييارلاڭلار.



پېئىللارغا بېقىنىپ كەلگەندە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە تەكشى بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دەپتەرلەر ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئىككىدىن بېرىلىدۇ.

بەشتىن تىزىلىڭلار.

تەقسىم سانلار تەكرار شەكىلدە ياكى تەكرار ساناق سانغا "-دىن//-تىن" قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكىلدىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنداق تەكرارلانغان تەقسىم سانلار، ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان بويىچە كەينى-كەينىدىن بۆلۈنۈشىنى ياكى كۆپ يەرگە بۆلۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىشىلەر ئىككىدىن-ئۈچتىن تارقىلىشقا باشلىدى.

يېڭى ئوقۇغۇچىلار ھەركۈنى يىگىرمىدىن-ئوتتۇزدىن كېلىۋاتىدۇ.

كىشىلەر بەشتىن-تۆتتىن توپلىنىپ مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە ساننىڭ بۇ تۈرى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار خىلمۇخىل. ئەمىر نەجىپ تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1960-يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا ساننىڭ بۇ تۈرى قىسقىچىلا بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ساننىڭ بىر گرامماتىك تۈرى ھېسابلانغان. قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دا ساننىڭ بۇ تۈرى ساننىڭ "-لاپ//-لەپ" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كەلگەن تۈرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ "توپلۇق سان" دەپ ئاتالغان. بىر مۇنچە ئەسەرلەردە ساننىڭ بۇ تۈرى توغرۇلۇق سۆز ئېچىلمايدۇ. ساننىڭ بۇ تۈرى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ ۋە خۇددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزىگە خاس گرامماتىك مەنە ئاڭلىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەلۋەتتە ساننىڭ گرامماتىك تۈرلىرى قاتارىدىن ئورۇن

ئېلىشى كېرەك.

### 6.3.5. رەۋىش سان

رەۋىش سانلار ساناق سانلارغا ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا "-لاپ//-لەپ" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ۋە كۆپىنچە تەكرارلانغان ياكى كىچىككى بىلەن چوڭى جۈپلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مىڭلاپ، يۈزلەپ-يۈزلەپ، يۈزلەپ-مىڭلاپ، بەشلەپ-ئونلاپ، بىرلەپ-ئىككىلەپ، نەچچە ئونلاپ...

رەۋىش سانلار ئاساسەن پېئىللارغا بېقىنىپ، كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ مەلۇم ھەرىكەت بىلەن تەخمىنەن شۇ سان كۆپلۈكىدىكى تۈركۈم بويىچە مۇناسىۋەتلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تاجاۋۇزچىلار مىڭلاپ-مىڭلاپ يوقىتىلماقتا.

يىگى ئوقۇغۇچىلار يىگىرمىلەپ-ئوتتۇزلاپ كېلىشكە باشلىدى.

كىشىلەر بىرلەپ-ئىككىلەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

سانىنىڭ بۇ تۈرى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر نۇرغۇن ئەسەرلەردە "مۆلچەر سانلار" نىڭ بىر تۈرى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. بىزنىڭچە، سانىنىڭ بۇ تۈرى مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن باشقا مۆلچەر سانلاردىن پەرقلىنىدۇ؛ باشقا مۆلچەر سانلارنىڭ ھەممىسى ئىسىملارغا بىۋاسىتە بېقىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. لېكىن سانىنىڭ بۇ تۈرى ئىسىم بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلىيالمايدۇ، ئۇ ھامان پېئىللارغا ياكى پۈتۈن جۈملىگە بېقىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى مۆلچەر سانلار بىلەن قوشۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئالدىنقى قىسىمدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇنى



تەقسىم سانلار بىلەن قوشۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، سانىنىڭ بۇ تۈرى مۆلچەر مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن تەقسىم سانلار ساناق سانلار ئاساسىدا ياسالغان ئېنىق سانني ئىپادىلەيدۇ؛ ئىككىنچىدىن، سانىنىڭ بۇ تۈرى پەقەت پېئىللارغىلا بېقىنىپ كېلىدۇ، لېكىن تەقسىم سانلار ئىسىملارغىمۇ بېقىنىپ كېلىدۇ، ئۈچىنچىدىن، سانىنىڭ بۇ تۈرى ئاساسەن ئادەملەرنىڭ ھەرىكىتى بىلەنلا مۇناسىۋەت باغلايدۇ، تەقسىم سانلار بولسا ھەرقانداق شەيئىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. دېمەك، سانىنىڭ بۇ تۈرىنى ئايرىم بىر تۈر ھېسابلاپ، "رەۋىش سان" دەپ ئاتاش بىر ئاز مۇۋاپىق.

### 7.3.5. كىشىلىك سان

كىشىلىك سانلار ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلارغا "-ئەيلەن" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ (بۇ قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سانلارغا قوشۇلغاندا، سانىنىڭ ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ). مەسىلەن:

بىرەيلەن، ئىككىيلەن، ئۈچەيلەن، بەش-ئالتەيلەن، ئون نەچچەيلەن، بىرنەچچەيلەن...

كىشىلىك سانلار شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ، بىراق، بۇنداق سانلارنى مەلۇم ساندىكى ئادەم كۆرسىتىلگەن جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا قوللىنىشقا بولمايدۇ.

كىشىلىك سانلار ئومۇمەن تۆۋەندىكى جايلاردا قوللىنىلىدۇ:

1) شەيئىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ھاجەتسىز بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ سانىنىلا ئېيتىش زۆرۈر بولغاندا، كىشىلىك سانلار ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

هېلىقى يېڭى كەلگەن ئىككىيلەنمۇ يىغىنغا قاتناشسۇن.

بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچەيلەننىڭ لۇغىتى يوق.

بىلەت يەنە بارمۇ؟ بۇ ئۈچەيلەنگە بىلەت تەگمىدى.

2) كۆپلۈك شەخس ئالماشلىرىدىن كېيىن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنى سان جەھەتتىن ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

بىز ئۈچەيلەن بىر گۇرۇپپا بولايلى، سىلەر تۆتەيلەن بىر گۇرۇپپا بولۇڭلار، ئۇلار بەشەيلەن بىر گۇرۇپپا بولسۇن.

3) ئاتاپ كۆرسىتىلگەن بىر قانچە ئادەمنى سانى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ چاغدا ئادەم ئىسىملىرى ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن، ئەخمەت، تۇرسۇن، تۇردى تۆتەيلەن ئاقسۇدىن.

سانىنىڭ بۇ تۈرى ئۇيغۇر تىلىغا دائىر گرامماتىكا ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك "تۆملۈك سان" ياكى "ئورتاق سان" دەپ ئاتىلىدۇ. بىزنىڭچە، بۇ نام سانىنىڭ بۇ تۈرىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ، چۈنكى سانىنىڭ بۇ تۈرىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ "تۆملۈك" ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ئادەمنى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىدە. "بىر" سانىنىڭ "بىرەيلەن" (مەسىلەن: سىنى بۈگۈن بىرەيلەن ئىزدەپ كەلدى.) بولۇپ مۇشۇ سان تۈرىدە كېلەلىشىمۇ "تۆملۈك سان" ياكى "ئورتاق سان" نامىنىڭ بۇ سان تۈرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سانىنىڭ بۇ تۈرىنى "كىشىلىك سان" دەپ ئاتاش بىر ئاز مۇۋاپىق.

### 8.3.5. ئالماش سان



ساناق سان، مۆلچەر سان، كەسىر سان ۋە تەرتىپ سانلارغا ئىسىمنىڭ كۆپلۈك تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئالماش سان ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككىمىز، تۆتىمىز، ئۈچىڭلار، ئون نەچچىسى، ئۈچتىن بىرى، بەشىنچىسى...

ئالماش سانلار تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) مەلۇم شەخستىكى ئېنىق سانلىق ئادەمنى بىلدۈرۈپ، كىشىلىك سانلار بىلەن ئوخشاش رولدا كېلىدۇ. مەسىلەن (سىلىشتۇرۇڭلار):

هېلىقى يېڭى كەلگەن ئىككىسىمۇ يىغىنغا قاتناشسۇن.

بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچىمىزنىڭ لۇغىتى يوق.

بىلەت يەنە بارمۇ؟ بۇ ئۈچىگە بىلەت تەگمىدى.

بىز ئۈچىمىز بىر گۇرۇپپا بولايلى، سىلەر تۆتىڭلار بىر گۇرۇپپا بولۇڭلار، ئۇلار بەشى بىر گۇرۇپپا بولسۇن.

مەن، ئەخمەت، تۇرسۇن، تۇردى تۆتىمىز ئاقسۇدىن.

بۇ رولدىكى I ۋە II شەخس ئالماش سانلار ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى III شەخس تەۋەلىك شەكلىدە كەلسىمۇ، ئالماش سانىنىڭكى بىلەن ئوخشاش شەخستىكى تەۋەلىك شەكلىدە كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ سىنىپتىن ئۈچىمىزنىڭ لۇغىتىمىز (لوغىتى) يوق.

سىلەر ئىككىڭلارنىڭ لۇغىتى (لۇغىتىڭلار) بارمۇ؟

2) مەلۇم ئومۇمىيەتنىڭ شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ياكى شۇ سان تەرتىپىدىكى بىرىگە ياكى بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئالماش سان ۋەكىللىك قىلغان ئومۇمىيەت ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئۇنىڭغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ياكى

ئالماشتىن مەلۇم بولىدۇ. بىراق تىل شارائىتى ئېنىق بولغاندا، بۇ خىل ئىسىم ياكى ئالماشلار چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بىز تۆت بالا، (بىزنىڭ) ئىككىمىز ئوغۇل، ئىككىمىز قىز.

بىزنىڭ بىرىمىز ئۇيغۇر، بىرىمىز ئۆزبېك.

بۇ كىتابلارنىڭ بەشى كۇتۇپخانىنىڭ، تۆتى ئوقۇتقۇچىنىڭ.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى جەنوبىي شىنجاڭدىن كەلگەن.

يوغان ئالمىلار ئىكەن، (ئۇلارنىڭ) ئىككىسى بىر جىڭ كېلىدۇ.

ئۆرە تۇرغانلارنىڭ ئوڭدىن ئىككىنچىسى بىزنىڭ تىل ئوقۇتقۇچىمىز.

بۇ بىنالارنىڭ بىرىنچىسى دەرسخانا بىناسى، ئىككىنچىسى ياتاق، ئۈچىنچىسى كۇتۇپخانا.

ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گرامماتىكا ئەسەرلىرىدە ساننىڭ بۇ تۈرى توغرۇلۇق سۆز ئېچىلمايدۇ. پەقەت ئەمىر نەجىپ ساناق سانلار ئۈستىدە توختالغىنىدا، ساناق سانلارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ ئىسىملىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.* ئەمەلىيەتتە، ساننىڭ بۇ تۈرى تىلدا، بولۇپمۇ جانلىق تىلدا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن "كىشىلىك سان" دىنمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئەلۋەتتە ساننىڭ ئايرىم بىر تۈرى ھېسابلاپ، ساننىڭ گرامماتىك تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

## 4.5. ساننىڭ ئالاھىدە قوللىنىلىشى

**1. ساننىڭ بىۋاستە ئىسىملىشىشى.** ئۇيغۇر تىلىدىكى ساناق سان ۋە كەسىر سانلار بەزىدە، بولۇپمۇ ماتېماتىكىدا ئابستراكت سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بىۋاستە

* ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 1960-يىل موسكۋا نەشرى.



ئىسىملىشىپ، كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە جۈملىدە ئىسىم ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

سەككىز — جۈپ سان

بەشكە تۆتنى قوشسا توققۇز بولىدۇ.

ئون بىردىن بەشنى ئالسا ئالتە قالىدۇ.

تۆتتىن بىرگە تۆتتىن بىرنى قوشسا، ئىككىدىن بىر بولىدۇ.

ئوننىڭ ئىچىدە بەش ئىككى بار.

ئىككى سەككىز ئون ئالتە.

**2. ساننىڭ بىۋاستە ئالماشلىشىشى.** ساناق سانلار ۋە بەزى مۆلچەر سانلار بەزىدە بىۋاستە ئالماشلىشىپ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ ۋە كونتېكستتا مەلۇم بولغان ياكى چىقىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەلۇم بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ شۇ سان ئېنىقلىغان قىسمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ قەلەمنى نەدىن ئالدىڭىز؟ مەنمۇ بىرنى ئالىمەن.

كونۋېرت ئالغىلى بارسىڭىز، ماڭىمۇ ئوننى ئالغاچ كېلىڭ.

ئالمىنىڭ جىڭى قانچە پۇل؟ ماڭا بەش-ئالتىنى تارتىپ بېرىڭ.

مۇشۇنداق قەلەمدىن مەنمۇ بىرنى ئالىمەن.

كونۋېرتتىن 10 نى، ئون پوچتا ماركىدىن 10 نى بېرىڭ.

**3. سانلارنىڭ ۋاقىت ئىسمى بولۇپ كېلىشى.** ئۇيغۇر تىلىدا بىر قىسىم ساناق سانلار بەلگىلىك كونتېكستتا ئىسىمغا ئايلىنىپ كېتىدۇ:

1) "ئايغا (چىسلاغا)" ياكى "ھەپتىگە" سۆزىنى بېقىندۇرۇپ كەلگەن ساناق سانلار خەۋەر بولۇپ، شۇ ئاي ياكى شۇ ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بوگۈن ئايغا ( چىسلاغا ) ئون بەش.

بۈگۈن 2-ئايغا يىگىرمە ئىككى.

ئەتە ھەپتىگە بەش، ئۆگۈنلۈككە ئالتە.

2) "ئاينىڭ" ياكى "ھەپتىنىڭ" سۆزىنى بېقىندۇرۇپ، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ساناق سانلار شۇ ئاي ياكى شۇ ھەپتىنىڭ شۇ سان تەرتىپىدىكى كۈنىنى بىلدۈرۈپ "...نچى كۈنى" دېگەن ئىبارە بىلەن تەڭداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

10-ئاينىڭ بىرى ( بىرىنچى كۈنى ) — بىزنىڭ دۆلەت بايرىمىمىز.

بۇ ئىش كېيىنكى ھەپتىنىڭ ئىككىسىگە ( ئىككىنچى كۈنىگە ) قالدى.

ئۆتكەن ئاينىڭ بەشىدىكى ( بەشىنچى كۈندىكى ) ئىش يادىڭىزدىمۇ؟

يىغىن كېيىنكى ئاينىڭ تۆتى ( تۆتىنچى كۈنى ) ئېچىلىدۇ.

3) "سائەت" سۆزىدىن كېيىن كەلگەن ساناق سانلار سائەت بويىچە ھېسابلانغان مەزگىل ئىسمىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمغا ئوخشاش تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھازىر سائەت بەش.

سائەت بەشتە كېلىمەن.

سائەت تۆتتىن بەش مىنۇت ئۆتتى.

سائەت ئىككىنىڭ بىلتى بارمۇ؟

سائەت ئىككىدىكى يىغىنغا سەنمۇ قاتنىشامسەن؟

يىغىن سائەت سەككىزدىن ئون بىرگىچە داۋام قىلىدۇ.

**4. سانلارنىڭ ياشنى ئىپادىلەپ كېلىشى.** ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلار بەلگىلىك كونتېكىستتا، بولۇپمۇ "كىرمەك"، "ئاشماق" پېئىللىرىغا بېقىنىپ كەلگەندە، شۇ سان كۆپلۈكىدىكى ياش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۇ يىل ساق يىگىرمىگە كىردى.



چوڭ بولدۇڭ، يىگىرمىدىن ئاشتىڭ.

ئۇ يەتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، داۋاملىق ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭ بالىسى ئون بەش-ئون ئالتىگە كىرىپ قالدى.

ئۇ ئادەممۇ ياشىنىپ قالدى، سەكسەن نەچچىگە كىرىپ قالدى.

**5. سانلارنىڭ نومۇرنى بىلدۈرۈپ كېلىشى.** ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلار بەزەن بىۋاسىتە، بەزەن چۈشۈم كېلىش شەكلىدە "ئالماق" ياكى "قويماق" پېئىلىغا بېقىنىپ، ئىمتىھان نومۇرىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ يىللىق ئىمتىھاندا تىلدىن 95، ماتېماتىكىدىن 98، سىياسىي ساۋاتتىن 100 ( نى ) ئاپتۇ.

مۇشۇنداق جاۋاب بەرسىڭىز 100 ( نى ) قويىمەن.

ھەربىر دەرستىن 100 ( نى ) ئالماق ئاسان ئەمەس.

**6. سانلارنىڭ خانا ئىسمى بولۇپ كېلىشى.** ئۇيغۇر تىلىدا "بىر"، "ئون"، "يۈز"، "مىڭ"، "بىر مىليون"، "ئون مىليون"، "يۈز مىليون"، "بىر مىليارد"، "ئون مىليارد"، "يۈز مىليارد"، ...... سانلىرى "-لار/-لەر" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ خانا ئىسمىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار، ئون مىڭلار......

بىرلەر خانىسى، ئونلار خانىسى، يۈزلەرخانىسى ، مىڭلار خانىسى، ئون مىڭلار خانىسى......

**7. سانلارنىڭ ھەرىكەت مىقدارىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى.** ئۇيغۇر تىلىدا ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلار بەزى كونتېكىستلاردا پېئىللارغا بېقىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال

تۆۋەندىكىچە ئىككى خىل بولىدۇ:

1) بەزىدە، بولۇپمۇ ماقال-تەمسىللەردە بەزى ساناق سانلار "قېتىم" مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، بىۋاستە پېئىلغا بېقىنىپ ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقتىڭىز بولسا بىر كېلىپ كەتسىڭىز.

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس. (ماقال)

يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا. (ماقال)

2) ساناق سان ۋە بەزى مۆلچەر سانلار چۇشۇم كېلىش شەكلىدە بەزى پېئىللارغا، ئاساسەن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۈستى-ئۈستىلەپ تەكرارلاشقا بولىدىغان ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارغا بېقىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تامدىكى ئاسما سائەت توققۇزنى سوقتى.

ئۇنىڭ تومۇرى ئىتتىك، مىنۇتىغا توقسان سەككىزنى سوقۇۋاتىدۇ.

ئۇ جىلى بولۇپ، ئېشەكنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن تۆت-بەشنى سالدى.

ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىپ، مەڭزىگە ئىككى-ئۈچنى سۆيۈپ قويدى.

ئۇ تەپكۈچ تېپىشكە ئۇستا ئىكەن، چۈشۈرمەي يۈز ئەللىكنى تەپتى.

8. "بىر" سانىنىڭ باشقىچە قوللىنىلىشى. ئۇيغۇر تىلىدا "بىر" سانى سان ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، يەنە تۆۋەندىكى ئالاھىدە مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

1) ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە.

ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل بىر ئادەم ئىكەن.



بۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر كۈن.

2) ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئېنىقلانغۇچى ئىپادىلىگەن بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ مەلۇم بىرىنى كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بىر ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالدى.

سىزنى بىر ئادەم ئىزدەپ كەلدى.

مەن بۇ ئادەمنى بىر چاغدا كۆرگەن.

3) ئوخشاشلىقنى ياكى بىللىلىكنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق مەنىدە كەلگەندە، جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، خەۋەر، ھالەت ۋەزىپىلىرىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بىز ئۇلار بىلەن بىر تۇرىمىز.

ئىككىمىز بىر تونۇشتا ئىكەنمىز.

ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر ئىكەن.

4) سۈپەت ۋە پېئىللارنىڭ ئالدىدا ھالەت بولۇپ كېلىپ، سۈپەت ياكى پېئىلنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بىر ياۋاش بالا ئىكەن بۇ.

ئۇ بىر ۋاقىرىۋىدى، ھەممەيلەن جىملا بولۇپ قالدى.

5) تەكرارلىنىپ باغلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىر ئۇ يانغا قارايدۇ، بىر بۇ يانغا قارايدۇ.

بىر ئۇنداق قىلىپ باقىمەن، بىر مۇنداق قىلىپ باقىمەن، ھېچلا ئەپلەشمەيۋاتىدۇ.

6) باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، سۆز ياساش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بىردەم ( رەۋىش )، بىرئاز، بىر تالاي، بىرمۇنچە ( سۈپەت )،
ھەربىر ( ئالماش ).

## 5.5. سان بېقىندىلىرى

سانلارنىڭ باشقا سۆزلەرنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىش ئەھۋالى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. سانلارغا پەقەت "تەخمىنەن"، "ساق"، "توپتوغرا" قاتارلىق ئايرىم سۈپەت ۋە رەۋىشلەر ھەم "سەل كەم"، "بىر كەم"، "ئىككى كەم" قاتارلىق ئايرىم سۆز بىرىكمىلىرى بېقىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بۇ يىغىنغا تەخمىنەن مىڭ ئادەم قاتناشتى.
ساندىم، ساق ئون ئىكەن.
بىزنىڭ سىنىپتا توپتوغرا ئون ئوقۇغۇچى بار.
ئۇ بىر كەم ئەللىك كۈندە كەلدى.



# ئالتىنچى باب مىقدار

## 1.6. مىقدارنىڭ مەنىسى

مىقدار — شەيئىلەرنىڭ ۋە ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. تۆۋەندىكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى تېگىگە سىزىلغان سۆزلەر مىقدار ھېسابلىنىدۇ:

بەش نەپەر ئادەم، ئىككى دانە كەتمەن، ئۈچ جىڭ گۆش، ئون مو يەر، يۈز كىلومېتىر يول، ئىككى نۇسخا گېزىت، بىر سىقىم گازىر، بىر يۇتۇم سۇ، بىر سېلىم چاي، بىر چىمدىم ئۇن، بەش تېغىق مال، ئۈچ تال بېلىق، تۆت ساندۇق كىتاب، بەش سائەت ئىشلىمەك، ئۈچ قېتىم بارماق، ئون كۈن تۇرماق…

## 2.6. مىقدارنىڭ تۈرى

**1) خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدارلار.** ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدارلار كېلىش مەنبەسىگە قاراپ، خاس مىقدار ۋە كۆچمە مىقدار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. خاس ياكى ئاساسەن مىقدار رولىدىلا كېلىدىغان سۆزلەر خاس مىقدارغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

جىڭ، سەر، مىسقال، پۇڭ، توننا، كىلوگىرام، گىرام، چارەك، قاداق، چاقىرىم، كىلومېتىر، مېتىر، سانتىمېتىر، گەز، چى، سۇڭ، غېرىچ، لىتىر، نەپەر، دانە، باغلام، تال، چىمدىم، يۇتۇم، سىقىم، قېتىم، نۆۋەت…

ئۇيغۇر تىلىدا بەلگىلىك سىغىمى بار شەيئىلەرنى ۋە ۋاقىتنى

بىلدۈرىدىغان ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كېلىشى مۇمكىن، ئىسىملار مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئىسمىغا خاس خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، مىقدارغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ (شەيئى ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن، مىقدار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ ۋە مىقدارغا خاس گراماتىك شەكىللەر بويىچە تۈرلىنىدۇ). شۇڭا مۇشۇنداق مىقدار ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىملارنى كۆچمە مىقدار دەپ ئاتايمىز. تۆۋەندىكى تېگىگە سىزىلغان سۆزلەر كۆچمە مىقدار ھېسابلىنىدۇ:

بىر ساندۇق كىتاب، بىر ئېغىز ئۆي، ئىككى چىنە چاي، بىر ماشىنا كۆمۈر، بىر قوشۇق تۇز، بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى، بەش يىل ئىشلىمەك، تۆت كۈن تۇرماق...

**2) شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى.** مىقدارلار مەنىسى ۋە بىرىكىش ئىقتىدارىغا قاراپ شەيئى مىقدارلىرى ۋە ھەرىكەت مىقدارلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ:

ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ، شەيئىنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار شەيئى مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى تال لىم، ئۈچ ئېغىز ئۆي، بىر قۇر كىيىم، ئىككى ماشىنا كۆمۈر، بەش توننا بوغداي، ئۈچ تاغار ئۇن، يىگىرمە مېتىر رەخت، تۆت لىتىر سۈت، ئەللىك كىلوگرام گۆش.

پېئىللار بىلەن بىرىكىپ ھەرىكەتنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ھەرىكەت مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى قېتىم بارماق، ئۈچ مەيدان ئويىنماق، ئىككى سائەت سۆزلەشمەك، بەش يىل ئوقۇماق، ئون مىنۇت دەم ئالماق.

**3) ساناق مىقدارلىرى ۋە ئۆلچەم مىقدارلىرى.** شەيئى مىقدارلىرى مەنىسىگە قاراپ، يەنە ساناق مىقدارلىرى ۋە ئۆلچەم



مىقدارلىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ساناق مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ساناق مىقدارلىرى خەنزۇ تىلىدىكىدەك كۆپ ئەمەس، چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا ساناشقا بولىدىغان نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنىڭ سانىنى بىۋاسىتە سان بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ (مەسىلەن: بىر دەريا، بەش تاغ، ئىككى ئايروپىلان، تۆت ئات، ئىككى جوزا). ئۇيغۇر تىلىدا ئادەمنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان "نەپەر" (مەسىلەن: ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى، بەش نەپەر جەڭچى)؛ تۈرلۈك بۇيۇم ۋە قورال-سايمانلارنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان "دانە" (مەسىلەن: بىر دانە تەخسە، تۆت دانە ئورۇندۇق)؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان "تۈپ" (مەسىلەن: بىر تۈپ ئالما، ئىككى تۈپ بەسەي)؛ بەزى ئۇزۇنچاق نەرسىلەرنىڭ ۋە بەزى مېۋىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان "تال" (مەسىلەن: بىر تال لىم، بىر تال ئاغامچا، ئىككى تال ئالما، ئون تال ئۆرۈك)؛ ياپىلاق نەرسىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان "پارچە" (مەسىلەن: ئىككى پارچە كىتاب، بىر پارچە خەت، بىر پارچە ماقالە) قاتارلىق بىر قانچە ساناق مىقدارلىرىلا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە "نەپەر"، "دانە" مىقدارلىرى بەزىدە ئىستىلىستىكىلىق زۆرۈرىيەت بىلەن قوللىنىلمىسىلا، ئادەتتە قوللىنىلمايدۇ.

ساناشقا بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ ھېسابلاش بىرلىكىنى ۋە ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ گەۋدە بىرلىكىدىن باشقا ئۆلچەمدىكى ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان مىقدارلار ئۆلچەم مىقدارلىرىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

بىر چېلەك سۇ، بىر قاپ سەرەڭگە، بىر خالتا ئۇن، بىر بوتۇلكا

پىۋا، بەش جىڭ گۆش، يۈز كىلومېتىر يول، بەش گاللون ماي،
بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى، بىر ماشىنا ئادەم، بىر قورۇ قوي

## 3.6. مىقدارنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيىتى

1) مىقدارلار ھېسابلاش بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە، سانلار بىلەن بىرىكىپ، سان-مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا مىقدارنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە سۆزلىگىنىمىزدە، ئاساسەن سان-مىقدار بىرىكمىسىنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز. سان-مىقدار بىرىكمىسى تۆۋەندىكى گرامماتىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) سان-مىقدار بىرىكمىسى مىقدارلارغا ساناق سان ۋە مۆلچەر سانلارنىڭ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. "-چە" ياكى "-دەك//-تەك" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان مۆلچەر سانلار ۋە تەقسىم سانلار مىقدار بىلەن بىرىككەندە، ساندىكى قوشۇمچە مىقدارغا يۆتكىلىدۇ؛ "يېقىن"، "ئارتۇق" سۆزلىرى بىلەن ياسالغان مۆلچەر سانلار مىقدار بىلەن بىرىككەندە، "يېقىن"، "ئارتۇق" سۆزلىرى مىقدارغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بەش تال (ئارغامچا)، يىگىرمە مو (يەر)، ئىككى جىڭ (گۆش)، ئىككى قېتىم (بارماق)، نەچچە مېتىر (رەخت)، ئىككى-ئۈچ توپ (دەرەخ)، بىر چىنىچە (سۇ)، تۆت سەردەك (ياغ)، ئىككى ئايچە (تۇرماق)، بىر پارچىدىن (ماقالە يازماق)، ئىككى قېتىمدىن (بارماق)، ئىككى جىڭدىن ئارتۇق (گۆش).

دەرىجە سانلارمۇ بەزى مىقدارلارنى ئېنىقلاپ، سان-مىقدار



بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئىككىنچى قېتىم (بارماق)، بىرىنچى مەيدان (كىنو).

(2) سان-مىقدار بىرىكمىسى جۈملىدە ئىسىم، ئىسىم بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، پېئىل، پېئىل بىرىكمىلىرىگە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بەش تال ئارغامچا، ئون جىڭ قوي مېيى، ئىككى قۇتا قىزىل رەڭ، بەش يىل ئوقۇماق، ئۈچ قېتىم قاتناشماق.

(3) سان-مىقدار بىرىكمىسى ئىسىمنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ئالماشلىشىدۇ ۋە كونتېكىستتا مەلۇم بولغان بىر شەيئىنىڭ ياكى ئىگىلىك كېلىشتە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ شۇ سان-مىقدار بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن كۆپلۈكتىكى قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

جەمئىي تۆت تونىنا كۆمۈر ئىكەن، ئۈچ تونىنىسىنى سەن ئال، بىر تونىنىسىنى مەن ئالاي.

بۇ ياغاچلارنىڭ ئون تېلى قارىغاي، بەش تېلى تېرەك، سەككىز تېلى قارىياغاچ.

بۇ يەرنىڭ بەش موسىغا بوغداي، بەش موسىغا شال تېرىيمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا شەيئىلەرنىڭ بىرلىك مىقدارىنىڭ باھاسى ئۈستىدە سۆز بولغاندا، شۇ مىقدارنىڭ "بىر" سانى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان سان-مىقدار بىرىكمىسىنىڭ ئالماشلاشقان شەكلى قوللىنىلىدۇ ۋە كۆپ ھاللاردا "بىر" سانى چۈشۈپ قېلىپ، مىقدارنىڭ ئۆزىلا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ نەشپۈتنىڭ (بىر) جىڭى نەچچە پۇل؟
بۇ رەختنىڭ (بىر) مېتىرى ئالتە يۈەن ئىكەن.

2) بىر قىسىم مىقدارلار "-لاپ//-لەپ" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن رەۋىشلىشىدۇ ۋە ھالەت سۆپىتىدە پېئىللارغا بېقىنىپ كېلىپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ شۇ مىقدار بويىچە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كېسەل جىڭلاپ كىرىپ، سەرلەپ چىقىدۇ. ( ماقال )

دۈشمەن قوشۇنلىرى تۈەنلەپ، شىلاپ يوقىتىلىشقا باشلىدى.

بىر شەھەردە بولساقمۇ، بەزىدە ئايلاپ كۆرۈشەلمەي قالىمىز.

بۇ نەرسە بىزدە كۆپ، ماشىنلاپ توشۇپمۇ تۈگىتەلمەيسەن.

ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گراماتىكا كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك مىقدارلار بىر سۆز تۈركۈمى ھېسابلانمايدۇ. ۋەھالەنكى خۇددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇر تىلىدا مىقدار سۆزلەر ئاز ئەمەس. ئۇلار مەيلى مەنە جەھەتتىن بولسۇن، ياكى گراماتىكا جەھەتتىن بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئايرىم بىر سۆز تۈركۈمى بولۇشقا پۈتۈنلەي لاياقەتلىك. ئەگەر گراماتىكىدا "مىقدار" دېگەن بىر سۆز تۈركۈمى ئاجرىتىلمىسا، بىرىنچىدىن، "توننا، كىلوگرام، سەر، مىسقال، چىمدىم، چىشلەم، چاقىرىم" قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خاس مىقدارلارنى ھېچقانداق سۆز تۈركۈمىگە كىرگۈزگىلى بولمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلار شەيئىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى، سان، تەۋەلىك ۋە كېلىشلەر بويىچە تۈرلەنمەيدىغانلىقى بىلەن ئىسىمدىن پەرقلىنىدۇ؛ شەيئىلەرنىڭ بەلگىلىك سانىنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى بىلەن ساندىن پەرقلىنىدۇ؛ سان تەرىپىدىن ئېنىقلىنىدىغانلىقى ۋە دەرىجە بويىچە تۈرلەنمەيدىغانلىقى بىلەن سۈپەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنى بۇلاردىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە كىرگۈزۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ؛



ئىككىنچىدىن، "بىر ماشىنا كۆمۈر، ئىككى ساندۇق كىتاب، بىر قوشۇق دورا" قاتارلىق بىرىكمىلەردە قاتار كەلگەن ئىككى ئىسىمنىڭ گراماتىك مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ؛ چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدا باش كېلىشتىكى ئىسىملار پەقەت مەلۇم مەنىدە ئۆزى بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغان شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ئىسىملارغىلا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، "بىر چىنە ماي، بىر خالتىدەك ئۇن، ھەر قېتىمدا بىر قوشۇقتىن ئىچمەك" قاتارلىق بىرىكمىلەردە كەلگەن "چىنە، خالتىدەك، قوشۇقتىن" شەكلىدىكى سۆزلەرنىڭ تەگلەشتۈرمە كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، چىقىش كېلىش مەنىلىرىنى ئىپادىلىمەي، مۆلچەر ۋە تەقسىم مەنىلىرىنى ئىپادىلىشىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى پەقەت مىقداردىن ئىبارەت بىر سۆز تۈركۈمىنى ئايرىپ چىقارغاندىلا، ئاندىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

# يەتتىنچى باب رەۋىش

## 1.7. رەۋىشنىڭ مەنىسى

رەۋىش — شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە بەلگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە بەلگىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال دېگىنىمىز، شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى، ئورنى، ئۇسۇلى، ھالىتى، سۈپىتى ۋە شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ دەرىجىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن، تۈنۈگۈن، بۇ يىل، بۇلتۇر، ھازىر، بايا، ھېلى، مەڭگۈ، قىشچە؛ نېرى، بېرى، قەستەن، ئومۇمەن، مەردلەرچە، ئارامخۇدا، سەللىمازا، ئالدىنئالا، قولمۇقول، چەمبەرچاس، ناھايىتى، تازا، ئەڭ، خويمۇ، تولىمۇ.

## 2.7. رەۋىشنىڭ مەنە بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈشى

رەۋىشلەر مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ؛

1. ۋاقىت رەۋىشلىرى:

بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈنلۈككە، ئىندىنلىققا، بۇ يىل، كېلەر يىلى، بولتۇر، ھازىر، ھېلى، ئابايا، دەرھال، كېيىن، بۇرۇن، ھازىرچە، يازچە، قىشچە، مەڭگۈ، ھەردائىم، ھامان...

2. ئورۇن رەۋىشلىرى:

نېرى، بېرى، ئاندا، مۇندا، ئىلگىرى، تاشقىرى، يۇقىرى.



3. دەرىجە رەۋىشلىرى:

ناھايىتى، ئىنتايىن، تولىمۇ، خويمۇ، خېلى، سەل، سەل - پەل، پۈتۈنلەي، ئۆزۈل - كېسىل، تېخىمۇ، سەللىمازا.

4. ھال رەۋىشلىرى:

باتۇرلارچە، ۋەھشىيلەرچە، دېھقانچىسىغا، قەستەن، شەكلەن، پائال، شارتتىدە، پاققىدە، ۋاللىدە،

## 3.7. رەۋىشنىڭ گىراماتىك خۇسۇسىيىتى

1. رەۋىشلەر ئاساسەن تۈرلەنمەيدۇ. ئاز بىر قىسىم رەۋىشلەر "-راق//-رەك" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، سەل ئاجىزلاشقان مەنىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ھېلى – ھېلىراق، بايا – بايىراق، نېرى – نېرىراق، پائال – پائالراق، كېيىن – كېيىنرەك،

2. رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىل، سۈپەت ۋە رەۋىشلەرگە قوشۇلما شەكىلدە بېقىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن كەلمەك، ھازىر بارماق، مەڭگۈ ئۇنتۇلماسلىق، نېرى ئولتۇرماق، ناھايىتى ياخشى، ئەڭ قىيىن، ناھايىتى بالدۇر، سەل كېيىن...

رەۋىشلەر ئىسىمغا بېقىنمايدۇ، بۇ رەۋىش بىلەن سۈپەتنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى.

3. رەۋىشلەر ئايرىم دەرىجە رەۋىشلىرىنى ھالەت سۈپىتىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

سەل كېيىن ( بارماق )، ناھايىتى بالدۇر ( باشلانماق ).

بەزى رەۋىشلەر بەزىدە بېرىش كېلىش ياكى چىقىش كېلىش

شەكلىدىكى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنى ئۆزگە بېقىندۇرۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ماشىنىدىن ئېرىراق تۇر.

ئەخمەتتىن كېيىن مەن سۆزلىدىم.

ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەخمەت سۆزلىدى.

4. بەزى رەۋىشلەر ئىسىملىشىپ، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىشى مۇمكىن، مەسىلەن:

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما (قويما).

بۈگۈندىن باشلاپ چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئىشقا چۈشىمىز.

بولتۇردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر كۈندە شۇنداق.

## 4.7. رەۋىشلەشكەن سۆز ـ ئىبارىلەر

ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشتىن باشقا سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىسىملارنىڭ بەزى گراماتىك شەكىللىرىنىڭ ياكى بەزى سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەرنىڭ رەۋىشلىشىش ئەھۋالى ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق سۆز ۋە بىرىكمىلەرنىڭ بەزىلىرى شەكلەن باشقا سۆز ياكى باشقا سۆز بىرىكمىسىگە (مەسىلەن، ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىگە) ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، پەقەت رەۋىش رولىنىلا ئوينايدۇ؛ مەسىلەن، "ھەر ۋاقىت" دېگەن بىرىكمە شەكلەن "ھەر ئادەم"، "ھەر مىللەت"، "ھەر ئۆي" قاتارلىق ئىسىم بىرىكمىلىرىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەقەت رەۋەش رولىنىلا ئوينايدۇ؛ بەزىلىرى مەلۇم كونتېكستلاردا ئۆز رولىدا كەلسە، مەلۇم كونتېكستلاردا رەۋىش رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: "قەشقەر كېچىسى" دېگەن بىرىكمىدىكى "كېچىسى" دېگەن سۆز ئۆزىنىڭ ئىسىملىق رولىدا III شەخس تەۋەلىك مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولسا، "بۇنداق ھايۋانلار



كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ" دېگەن جۈملىدىكى "كېچىسى" رەۋىش رولىدا كەلگەن. بىز مۇشۇنداق سۆز ۋە بىرىكمىلەرنى خاس رەۋىشلەردىن پەرقلەندۈرۈپ، رەۋىشلەشكەن سۆز ھەم بىرىكمىلەر دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇنلىغان ۋاقىت ئىسىملىرى ئىسىمنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ياكى باشقا سۆزلەر تەرىپىدىن ئېنىقلىنىپ كەلگەندە، رەۋىش رولىنى ئوينىيالايدۇ. مەسىلەن:

كېچىسى، كۈندۈزى، قىش كۈنى، ياز كۈنى، كۈز پەسلى، بىر يىلى، ئۆتكەن كۈنى، ئۆتكەن يىلى، ھەر كۈنى، ھەر يىلى.

ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئوتتۇرىسىغا "ـ مۇ" قوشۇمچىسىنى ئالغان ھالدا تەكرارلىنىپ، رەۋىش رولىدا كېلىدىغان ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس. مۇنداق ئىسىملار ئومۇمەن "شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ بىرىنىمۇ ئالا قويماستىن" دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيمۇئۆي، كوچمۇكوچا، ھويلىمۇھويلا، يىلمۇيىل، ئايمۇئاي، سائەتمۇسائەت، قۇرمۇقۇر.

بۇ خىل رەۋىشلەشكەن سۆز ـ ئىبارىلەردىن بىر مۇنچىلىرى پۈتۈنلەي رەۋىشكە ئايلىنىپ كەتكەن ۋە بەزىلىرىدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. مەسىلەن:

بۈگۈن (بۇ كۈن)، بۇ يىل، ئالغا (ئالدىغا)، تۇيۇقسىزدىن، بىردىن، يېڭىۋاشتىن، قولمۇقول…

## 5.7. رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

### 1.5.7. ـ لارچە// ـ لەرچە

بۇ قوشۇمچە، بەزى ئىسىملارغا ۋە ئىسىم رولىدا كەلگەن

سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس رەۋىشتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاكىلارچە، ئىنسانلارچە، قېرىنداشلارچە، قەھرىمانلارچە، ۋەھشىيلەرچە، ئەخمەقلەرچە.

### 7.5.2. -چىلاپ//-چىلەپ

بۇ قوشۇمچە، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

خورازچىلاپ (چىللىماق)، پاقىچىلاپ (ئۈزمەك)، ئۆچكىچىلەپ (مەرىمەك).

### 7.5.3. -چىسىغا//-چىسىگە

بۇ قوشۇمچە، بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە خاس ئۇسۇلدا ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

دېھقانچىسىغا (يۆگىمەك)، ئەسكەرچىسىگە (باغلىماق)، مەدداھچىسىغا (سۆزلىمەك).

### 7.5.4. -لاپ//-لەپ

بۇ قوشۇمچە، سان ۋە مىقدارلارنى رەۋىشلەشتۈرگەندىن تاشقىرى (سان ۋە مىقدار بابلىرىغا قارالسۇن)، بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىمۇ رەۋىشلەشتۈرىدۇ ھەم بەزى ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىگە قوشۇلۇپ مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى ئارقىلىق ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:



كۆپلەپ (ئىشلەپچىقارماق)، ياخشىلاپ (تەكشۈرمەك)، ئىككى قوللاپ (تۇتماق)، تۆت ئاياغلاپ (قاچماق).

### 7.5.5. -ئىدە

بۇ قوشۇمچە، بەزى تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلۇپ مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ تەقلىد سۆز ئىپادىلىگەن تەقلىدتە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ (بۇ قوشۇمچە، تەقلىد سۆزگە قوشۇلغاندا، تەقلىد سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋۇش تەكرارلىنىدۇ). مەسىلەن:

جىغغىدە (قىلماق)، لاسسىدە (ئولتۇرۇپ قالماق)، ۋاللىدە (يانماق)، تاققىدە (قويماق)، دىككىدە (تۇرماق).

### 7.5.6. -ئى

بۇ قوشۇمچە، بەزى ۋاقىت ئىسىملىرىغا "-لىق//-لىك//-لۇق//-لۈك" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ ۋاقىتتىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

يازلىقى، قىشلىقى، ئەتىيازلىقى، كەچلىكى، كۈزلۈكى، كۈنلۈكى، چۈشلۈكى.

### 7.5.7. -ئەن

بۇ قوشۇمچە، ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، ئەرەبچىدىن كىرگەن بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ئۇقۇم بويىچە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

شەكلەن، مەزمۇنەن، قەستەن، ئومۇمەن، جاۋابەن، تامامەن.

### 7.5.8. -چە

بۇ قوشۇمچە، بەزى ۋاقىت رەۋىشلىرىگە قوشۇلۇپ، شۇ

رەۋىش ئىپادىلىگەن ۋاقىت دائىرىسىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

هازىرچە، بۇگۈنچە، بۇ يىلچە، كېيىنچە.

### 9.5.7. ـ ئىچە

بۇ قوشۇمچە، بەزى ۋاقىت ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن ۋاقىت بويى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قىشىچە، يازىچە، كېچىچە.



# سەككىزىنچى باب ئالماش

## 1.8. ئالماشنىڭ مەنىسى

ئالماش ــ ئىسىم، سۈپەت، سان، سان-مىقدار، رەۋىشلەرنىڭ ئورنىدا كېلىدىغان، لېكىن شەيئىلەرنى، شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سان-مىقدارىنى، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالەتلەرنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، مەلۇم جەھەتتىن، ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان سۆز تۈركۈمى. مەسىلەن: "مەن" ئالمىشى ئىسىم ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر ئادەمنى ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچى (I شەخس) ئورنىدا تۇرغان ھەرقانداق ئادەمنى بىلدۈرىدۇ؛ "ھەرقانداق" ئالمىشى سۈپەت ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر بەلگىنى ئەمەس، بەلكى ھەرخىل بەلگىلەرنىڭ تامامەن مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ "ھەممە" ئالمىشى سان ياكى سان-مىقدار بىرىكمىسى ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت سان-مىقدارنى بىلدۈرمەيدۇ؛ "ھەرقاچان" ئالمىشى ۋاقىت رەۋىشى ئورنىدا كېلىدۇ، لېكىن ئۇ كونكرېت بىر ۋاقىتنى ئەمەس، بەلكى مەلۇم دائىرىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ.

## 2.8. ئالماشنىڭ تۈرى

ئالماشلار مەنىسىگە قاراپ تۆۋەندىكى يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) شەخس ئالماشلىرى. مەسىلەن:

مەن، سەن، ئۇ، بىز، سىلەر……

2) كۆرسىتىش ئالماشلىرى. مەسىلەن:

بۇ، ئۇ، شۇ، ماۋۇ، ئاۋۇ……

3) سوئال ئالماشلىرى. مەسىلەن:

كىم، نېمە، قانداق، قاچان……

4) ئۆزلۈك ئالمىشى. مەسىلەن:

ئۆزۈم، ئۆزۈڭ، ئۆزى، ئۆزىمىز……

5) بەلگىلەش ئالماشلىرى. مەسىلەن:

ھەممە، بارلىق، ھەركىم، ھەرقاچان……

6) بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى. مەسىلەن:

ھېچكىم، ھېچنېمە، ھېچقانداق……

7) ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى. مەسىلەن:

كىمدۇ، نېمىدۇ، قانداقتۇر، ئاللىكىم……

## 8.3. ئالماشنىڭ گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى

ئالماشنىڭ مەخسۇس بىر سۆز تۈركۈمى بولۇپ ئايرىلىشىدا، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىنى، سان-مىقدارىنى، ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالەتلىرىنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، مەلۇم جەھەتتىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشتەك ئورتاق لېكسىكىلىق-سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنغان. ئالماشتىن ئىبارەت بۇ سۆز تۈركۈمى ئۆز تەركىبىدىكى ھەممە ئالماشلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان گرامماتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئالماشلار ئاساسەن قايسى سۆز تۈركۈمىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىدا كەلسە، شۇ سۆز تۈركۈمىنىڭ ھەممە ياكى بىر قىسىم گرامماتىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئالماشنىڭ بەزى تۈرلىرى شۇ تۈردىكى ئالماشلارغا خاس بولغان بەزى گرامماتىك خۇسۇسىيەتلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئالماشلارنىڭ گرامماتىك



خۇسۇسىيىتىنى ئالماشنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ۋە كونكرېت ئالماشلار توغرىسىدىكى بايانلاردىلا ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بىز كونكرېت ئالماشلارنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلغاندا، ئىسىم ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى "ئىسىم ئالمىشى"، سۈپەت ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى "سۈپەت ئالمىشى"، سان ياكى سان-مىقدار بىرىكمىسى ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى "سان-مىقدار ئالمىشى"، رەۋىش ئورنىدا كەلگەن ئالماشلارنى "رەۋىش ئالمىشى" دەپ ئاتايمىز.

## 8.4. شەخس ئالماشلىرى

**8.4.1.** شەخس ئالماشلىرى شەيئىلەرنى سۆزلىگۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە سۆزلەنگۈچى نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن I شەخس (سۆزلىگۈچى)، II شەخس (ئاڭلىغۇچى)، III شەخس (سۆزلەنگۈچى) دېگەن ئۈچ شەخسكە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن I شەخس بىلەن II شەخس يەنە سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ II شەخس ئاتاش تۈرى جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ئاددىي تۈر، سىپايە تۈر، ھۆرمەت تۈرى ۋە سەتلىمە تۈر دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلاردىن ئاددىي تۈر بىلەن ھۆرمەت تۈرى سان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈككە بۆلۈنىدۇ؛ سىپايە تۈرى بىرلىكتىنلا، سەتلىمە تۈرى كۆپلۈكتىنلا ئىبارەت بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ شەخس ئالماشلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

مەن — I شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنى بىلدۈرىدۇ.

بىز — I شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلىگۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى بىلدۈرىدۇ.

سەن — II شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىنىڭ ئاددىي تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

سىز — II شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىنىڭ سىپايە تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى سىپايە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

سىلى ( ئۆزلىرى ) — II شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

سىلەر — II شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنىڭ ئاددىي تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى ئادەتتىكىچە ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

سەنلەر — II شەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشىنىڭ سەتلىمە تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى سەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

ھەرقايسىلىرى ( ھەر بىرلىرى ) — IIشەخس كۆپلۈك ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ئاڭلىغۇچىنى ياكى ئاڭلىغۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۈركۈم ئادەمنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ.

ئۇ — III شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشى بولۇپ، سۆزلەنگۈچى بىر ئادەم ياكى نەرسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇلار — IIIشەخس كۆپلۈك شەخس ئالمىشى بولۇپ، ئىككىدىن ئارتۇق ساندىكى سۆزلەنگۈچىنى بىلدۈرىدۇ.

شەخس ئالماشلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە كۆرستىشكە بولىدۇ:



| | | | |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك | | مەن |
| | كۆپلۈك | | بىز |
| II شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | سەن |
| | | سىپايە تۈرى | سىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | سىلى ( ئۆزلىرى ) |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | سىلەر |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ھەرقايسىلىرى ( ھەربىرلىرى ) |
| | | سەتلىمە تۈرى | سەنلەر |
| III شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۇ |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۇلار |

ئۇيغۇر تىلىدا I شەخس ئۆزىنى كەمسىندۈرۈپ ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان "پېقىر"، "كەمىنىلىرى"، II شەخسنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا (بەزىدە كىنايىنى بىلدۈرىدۇ) قوللىنىلىدىغان "جانابلىرى" قاتارلىق سۆزلەر بولۇپ، بۇلارنىمۇ شەخس ئالماشلىرى ھېسابلاشقا بولىدۇ.

**2.4.8.** شەخس ئالماشلىرى ئىسىم ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، خۇددى ئىسىملارغا ئوخشاشلا كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. "مەن"، "سەن"، "ئۇ" ئالماشلىرى بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەندە بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ( مەنىڭ ئەمەس )، ساڭا ( سەنگە ئەمەس )، ئۇنىڭدىن ( ئۇدىن ئەمەس ).

"ئۇ" ئالمىشى "بىلەن"، "ئۈچۈن" تىركەلمىلىرى بىلەن بىرىككەندە، ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە بولىدۇ؛ "مەن"، "سەن"، "بىز"، "سىز" ئالماشلىرى بۇ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەندە،

باش كېلىش شەكلىدە بولسىمۇ ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن،
مەن بىلەن // مېنىڭ بىلەن،
مەن ئۈچۈن // مېنىڭ ئۈچۈن، سەن بىلەن // سېنىڭ بىلەن،
سەن ئۈچۈن // سېنىڭ ئۈچۈن، بىز بىلەن // بىزنىڭ بىلەن،
بىز ئۈچۈن // بىزنىڭ ئۈچۈن، سىز بىلەن // سىزنىڭ بىلەن،
سىز ئۈچۈن // سىزنىڭ ئۈچۈن

كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن شەخس ئالماشلىرى جۈملىدە ئۆزى بىلەن ئوخشاش كېلىشتىكى ياكى ئوخشاش تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن ئىسىملارغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەن ئىشچى، سىز ئوقۇغۇچى، ئۇ كادىر.
ئەخمەت مېنىڭ يېقىن دوستۇم.
ئۇلار بىزگە كۆپ ياردەملەرنى قىلدى.
يۇرسىلە، مەن سىلنى باشلاپ باراي.
سەندە ئارتۇق بىلەت بارمۇ؟
مەن ئۇنىڭدىن بىر كۈن كېيىن كەلدىم.
سىلەردىكى ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى شۇمۇ؟
«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى.
مەن خەنزۇچىنى ئۇنىڭدەك ياخشى يازالمايمەن.
مېنىڭمۇ سىزچىلىك بىر ئىنىم بار.
بىز ئۇلار بىلەن توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدۇق.
سىز ئۇنىڭغا مەن توغرۇلۇق گەپ قىلدىڭىزمۇ؟
مەن پەقەت سىز ئۈچۈنلا كەلدىم.



**3.4.8.** شەخس ئالماشلىرى يەنە تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئىسىمدىن پەرقلىنىدۇ:

1) تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلەنمەيدۇ، بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

2) III شەخسنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سان كاتېگورىيىسى بويىچىمۇ تۈرلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپلۈك شەكىللىرى ئايرىم سۆز (لېكسىكىلىق بىرلىك) سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ قالغان. "بىز" ئالمىشى بەزىدە "بىزلەر" شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ، بىراق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ.

3) ئېنىقلىغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ.

4) ئىگە بولۇپ كەلگەندە ئۆزىگە خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتلەردىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (بۇنىڭ تەپسىلاتى پېئىلنىڭ شەخسلىك شەكىللىرى قىسمىدا سۆزلىنىدۇ)؛ ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىمۇ تەۋەلىك شەكلىدە ئېنىقلانغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ شەخس، سان ۋە ئاتاش تۈرى جەھەتلەردىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ توغرۇلۇق بىز ئىسىمنىڭ "ئىگىلىك كېلىش" قىسمىدا توختالغانىدۇق.

**4.4.8.** ئىگە بولۇپ كەلگەن I ۋە II شەخستىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مەنىسى خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىللارنىڭ شەخسلىك شەكىللىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن I، II شەخستىكى شەخس ئالماشلىرىنىڭ مەنىسىمۇ ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىگە بولۇپ كەلگەن ۋە ئىگىلىك كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن I، II

شەخستىكى شەخس ئالماشلىرى پەقەت ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ئەھۋال ئاستىدىلا قوللىنىلىدۇ. باشقا چاغلاردا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

— بۈگۈنكى يىغىنغا سىلەردىن كىم قاتنىشىدۇ؟

— مەن قاتنىشىمەن.

بۈگۈنكى يىغىنغا بىز قاتناشمايمىز. يېڭى ئوقۇغۇچىلار قاتنىشىدۇ.

بۇ سىنىپتىن سىلەرنىڭ سىنىپىڭلار يورۇق ئىكەن.

سىزنىڭ لۇغىتىڭىزدەك لۇغەتتىن مەنمۇ بىرنى ئالىمەن.

بۇ جۈملىلەردە ئىگە ياكى ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن شەخس ئالماشلىرىنى چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ جۈملىلەردە ئۇلار ئالاھىدە تەكىتلەنگەن ("مەن قاتنىشىمەن" دېگەن جۈملىدىكى "مەن" شۇ جۈملىدىكى ئاساسىي مەزمۇننى ئىپادىلەپ كەلگەن؛ "بىز قاتناشمايمىز" دېگەن جۈملىدىكى "بىز" كېيىنكى جۈملىدىكى "يېڭى ئوقۇغۇچىلار" نى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ؛ "سىلەرنىڭ سىنىپىڭلار"، "سىزنىڭ لۇغىتىڭىز" دېگەن بىرىكمىلەردىكى شەخس ئالماشلىرى ئىنىقلانغۇچىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ).

— بۈگۈنكى يىغىنغا قاتنىشامسەن؟

— قاتناشمايمەن.

سىنىپىڭلار يورۇق ئىكەن.

لۇغىتىڭىزنى كۆرۈپ باقايچۇ.

بۇ جۈملىلەردە ئىگە ۋە ئىنىقلىغۇچىلار ئالاھىدە تەكىتلەنمىگەن. شۇڭلاشقا ئالدىنقى ئىككى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن "سەن"، "مەن" ئالماشلىرى بىلەن كېيىنكى ئىككى جۈملىدە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن "سىلەرنىڭ"، "سىزنىڭ" ئالماشلىرى چۈشۈپ قالغان.



## 8.5. كۆرسىتىش ئالماشلىرى

**8.5.1.** كۆرسىتىش ئالماشلىرى شەيئىلەرنى ياكى تۈرلۈك بەلگە-ھالەتلەرنى ئىشارەت بىلەن ياكى كونتېكستقا باغلاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدۇ ياكى ئىنىقلايدۇ. مەسىلەن:

1) بۇ كىم؟

2) ياتىقىمىز ئاۋۇ بىنادا.

3) ئۇ يىغىنغا بىزمۇ قاتنىشىمىز.

4) سەن قانداق بارساڭ، مەنمۇ شۇنداق بارىمەن.

(1) جۈملىدىكى "بۇ" ئالمىشى سۆزلىگۈچى كۆرسەتكەن ۋە سۆزلىگۈچىگە يېقىن تۇرغان بىر ئادەمنى ئىپادىلەپ كەلگەن؛ (2) جۈملىدىكى "ئاۋۇ" ئالمىشى سۆزلىگۈچى كۆرسەتكەن يىراقراقتىكى بىر بىنانى ئىنىقلاپ كەلگەن؛ (3) جۈملىدىكى "ئۇ" ئالمىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان جۈملىگە باغلاش ئارقىلىق "يىغىن" نى ئىنىقلاپ كەلگەن؛ (4) جۈملىدىكى "شۇنداق" ئالمىشى ئالدىنقى جۈملىگە باغلاش ئارقىلىق "بارماق" ھەرىكىتىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مانا مۇشۇ خىلدىكى ئالماشلار كۆرسىتىش ئالماشلىرىغا كىرىدۇ.

**8.5.2.** ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى كۆرسىتىش ئالماشلىرى قوللىنىلىدۇ:

بۇ — بۇ ئالماش بىرىنچىدىن، سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان يېقىندىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئىنىقلايدۇ. مەسىلەن:

بۇ مېنىڭ ئاكام.

بۇ ئادەم مېنىڭ ئاكام بولىدۇ.

بۇنى ئۆزۈمگە، بۇنى ئۇكامغا ئالدىم.

بۇ كىتابنى ئۆزۈمگە، بۇ لۇغەتنى ئۇكامغا ئالدىم.

بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن 900 يىل بۇرۇن يېزىلغان.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋە سۆزلىگۈچىگە يېقىن بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يېقىن ھېسابلىغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ھېلىقى لۇغەتتىن يەنە بىرنى ئالدىم، بۇنى ئۇكامغا بېرىمەن.

يېقىندا مۇھىم بىر يىغىن ئېچىلىدۇ، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟

تۇرسۇن بىر ماقالە يازدى، بۇ ماقالە يېقىندا ئېلان قىلىندى.

ئۇ — بۇ ئالماش، بىرىنچىدىن، باشقا ئادەم كۆرسەتكەن ۋە سۆزلىگۈچىدىن يىراقراق بولغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

— بۇ بۇگۈنكى گېزىتمۇ؟

— ياق، ئۇ كونا گېزىت.

— بۇ كىتاب سېنىڭمۇ؟

— ياق، ئۇ كىتاب مېنىڭ ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋە سۆزلىگۈچىدىن يىراقراق بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يىراق ھېسابلىغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ھېلىقى لۇغەتتىن يەنە بىرنى ئالدىم، ئۇنى ئۇكامغا بېرىمەن.

ئەپەندىم بىر يېزىغا بارغانىكەن، ئۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى ئەپەندىگە ماختىنىشقا باشلاپتۇ.

— يېقىندا بىر مۇھىم يىغىن ئېچىلىدۇ.

— ئۇنىڭدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار.

شۇ — بۇ ئالماش، بىرىنچىدىن، سوئال چۈشكەن يىراقتىكى شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ ياكى



ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

— ئۇلارنىڭ ئۆيى ئاۋۇمۇ؟

— ھەئە، شۇ (سېلىشتۇرۇڭ: ياق، ئۇ ئەمەس).

— سېنىڭ دېگىنىڭ ئۇك تەرەپتىكىسىمۇ؟

— ھەئە، شۇ (سېلىشتۇرۇڭ: ياق، ئۇ ئەمەس).

— ئالماقچى بولغىنىڭ مۇنۇ كىتابمۇ ؟

— ھەئە، شۇ كىتاب (سېلىشتۇرۇڭ: ياق، ئۇ كىتاب ئەمەس).

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان ياكى ئاڭلىغۇچى بۇرۇندىنلا خەۋەردار بولغان يىراقتىكى شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ياكى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ياتاقا بارساڭ، تارتمامدا بىر كىتاب بار، شۇنى ئالغاچ كەل.

يېقىندا بىر يىغىن ئېچىلماقچى، شۇ يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈۋاتىمىز.

— ئەخمەتمۇ كەلدىمۇ؟

— شۇ كەلمىدى، قالغان ھەممىسى كەلدى.

— شۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بېرەلمەمسەن؟

ئۈچىنچىدىن، باش جۈملىنىڭ تەركىبىدە كېلىپ، بېقىندى جۈملىدە ئىزاھلىنىدىغان ياكى پەرەز قىلىنغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەر ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ.

كىم ياخشى بولسا، شۇنى سايلايمىز.

ماۋۇ — بۇ ئالماش "مانا" يۈكلىمىسى بىلەن "بۇ" ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بىرىنچى مەنىدىكى "بۇ" ئالمىشىنىڭ كۈچەيتىلمە تۈرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن:

ماۋۇنى ئۆزۈمگە، ماۋۇنى ئۇكامغا ئالدىم.

ماۋۇ كىتابنى ئۆزۈمگە، ماۋۇ لۇغەتنى ئۇكامغا ئالدىم.

بۇ ئالماش بەزىدە، بولۇپمۇ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە "ما" شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مانى ئۆزۈمگە، مانى ئۇكامغا ئالدىم.

ما كىتابنى ئۆزۈمگە، ما لۇغەتنى ئۇكامغا ئالدىم.

سېنىڭ سېسىپ قالغان كونا مەككورەڭ (مەپكورەڭ) ما زاماندا كارغا كەلمەيدۇ. (ت. سامساق)

مۇنۇ — بۇ "مانا" يۈكلىمىسى بىلەن "بۇ" ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان يەنە بىر ئالماش بولۇپ، "ماۋۇ" ئالمىشى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە "تۆۋەندىكى" دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇنۇنى ئۆزۈمگە، مۇنۇنى ئۇكامغا ئالدىم.

مۇنۇ كىتابنى ئۆزۈمگە، مۇنۇ لۇغەتنى ئۇكامغا ئالدىم.

مۇنۇلارغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

1) ......

2) ......

ئاۋۇ — بۇ ئالماش "ئەنە" يۈكلىمىسى بىلەن "ئۇ" ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، سۆزلىگۈچى ئىشارەت قىلغان يىراقراقتىكى شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى ئايرىپ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇنى ئۆزۈمگە، ئاۋۇنى ئۇكامغا ئالدىم.



ئاۋۇ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆجۈم مەھەللە 6-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى.

بۇ ئالماش بەزىدە، بولۇپمۇ ئېنىقلىغۇچى بولغاندا "ئا" شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئا مەھەللە 6-ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى.

ئا لۇغەتنى ئېلىپ بېقىڭا، كۆرۈپ باقاي.

بو ئالماش قانچە سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنسا، كۆرسىتىلگەن شەيئىنىڭ شۇنچە يىراقلىقى بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئاۋۇ بىزنىڭ ئۆي، ئا...ۋۇ ئەخمەتلەرنىڭ ئۆيى، ئا......ۋۇ تۇرسۇنلارنىڭ ئۆيى.

مۇشۇ — بۇ ئالماش "مانا" يۈكلىمىسى بىلەن "شۇ" ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ئىخچاملىنىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بىرىنچىدىن، سوئال چۈشكەن ياكى ئىزدىلىۋاتقان يېقىندىكى شەيئىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

— ئۇلارنىڭ ئۆيى ماۋۇمۇ؟

— ھەئە، مۇشۇ.

— سېنىڭ ئىزدىگىنىڭ ماۋۇ كىتابمۇ؟

— ھەئە، مۇشۇ كىتاب.

تاپتىم، مېنىڭ ئىزدىگىنىم مۇشۇ ئىدى.

ئىككىنچىدىن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياكى ئاڭلىغۇچىمۇ كۆرۈپ تۇرغان يېقىندىكى شەيئىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ ياكى ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ئازراق خالتا تەييارلاپ كەلدىم، مۇشۇنى ئۇكامغا ئالغاچ كەت.

مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمىدىم.

مۇشۇ قوغۇنلۇقنىڭ ھەممىسى ساڭا قارايدۇ، ئۆزۈڭ تاللاپ ئۈزۈۋال، باھار، — دەيتتىم. (ز. قادىر)

ئەشۇ (ئاشۇ) — بۇ ئالماش "ئەنە" يۈكلىمىسى بىلەن "شۇ" ئالمىشىنىڭ بىرىكىشى ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ئىخچاملىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى مەنىدىكى "شۇ" ئالمىشىنىڭ كۈچەيتمە تۈرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— ئۇلارنىڭ ئۆيى ماۋۇمۇ؟

— ھەئە، ئەشۇ.

— ئالماقچى بولغىنىڭ مۇشۇ كىتابمۇ؟

— ھەئە، ئەشۇ كىتاب.

ياتاققا بارساڭ، تارتمامدا بىر كىتاب بار، ئەشۇنى ئالغاچ كەل.

— ئەخمەتمۇ كەلدىمۇ؟

— ئەشۇ كەلمىدى، قالغان ھەممىسى كەلدى.

ئۇشبۇ (شۇبۇ) — بۇ ئالماش كىتابىي تىلغا خاس بولۇپ، ئايرىم ئورۇنلاردا "بۇ" ياكى "شۇ" ئالمىشىنىڭ ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇشبۇ خەت يولداش جۇرئەتكە تېگىدۇ. (بۇ يەردە "بۇ" ئورنىدا كەلگەن).

مۇراد داستان ئۈچۈن داستان ئەمەستۇر،
يېتىلسە ئەلگە خىزمەت ئۇشبۇ بەستۇر. (ئا. ئۆتكۈر)
(بۇ يەردە "شۇ" ئورنىدا كەلگەن)

مەشە — بۇ ئالماش "مۇشۇ يەر" بىرىكمىسىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنىلا شۇ مەنىدە



قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن مەشەدە تۇغۇلۇپ، مەشەدە ئۆسكەن.

ئەشە — بۇ ئالماش "ئەشۇ يەر" بىرىكمىسىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنىلا شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

سەن ھېلىمۇ ئەشەدىمۇ؟

مەيە — بۇ ئالماش "مۇنۇ يەر" بىرىكمىسىنىڭ ئىخچاملىنىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، يەنىلا شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مەيەگە كەلگىنە، ساڭا بىر گېپىم بار.

**3.5.8.** كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئاساسەن ئىسىم ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) سان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىپ، بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ - بۇلار، ئۇ - ئۇلار، شۇ - شۇلار،
ماۋۇ - ماۋۇلار، ئاۋۇ - ئاۋۇلار، مۇنۇ- مۇنۇلار،
مۇشۇ - مۇشۇلار، ئاشۇ - ئاشۇلار،

2) كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ، بىراق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىرلىك شەكلىدە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەندە، پەقەت ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىلا بىۋاستە قوبۇل قىلىدۇ، قالغان كېلىش قوشۇمچىلىرىنى بولسا ئاۋۋال "نىڭ" قوشۇمچىسى بىلەن

بىرىكىپ ئاندىن قوبول قىلىدۇ.* مەسىلەن:

بۇ — بۇنىڭ، بۇنى، بۇنىڭغا (بۇغا ئەمەس)، بۇنىڭدا (بۇدا ئەمەس)، بۇنىڭدىن (بۇدىن ئەمەس)، بۇنىڭدىكى (بۇدىكى ئەمەس)، بۇنىڭدەك (بۇدەك ئەمەس)، بۇنىڭغىچە (بۇغىچە ئەمەس)، بۇنىڭچە (بۇچە ئەمەس).

شۇ — شۇنىڭ، شۇنى، شۇنىڭغا، شۇنىڭدا، شۇنىڭدىن، شۇنىڭدىكى، شۇنىڭدەك، شۇنىڭغىچە، شۇنىڭچە.

مۇنۇ — مۇنۇنىڭ، مۇنۇنى، مۇنۇنىڭغا، مۇنۇنىڭدا، مۇنۇنىڭدىن، مۇنۇنىڭدىكى، مۇنۇنىڭدەك، مۇنۇنىڭغىچە، مۇنۇنىڭچە.

كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللىرى ئىسىمنىڭ شۇ خىل كېلىش شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش مەنىدە، ئوخشاش رولدا كېلىدۇ . مەسىلەن:

بۇ مېنىڭ، ئۇ ئەخمەتنىڭ. شۇ ياخشى. مۇنۇ كىم؟ بۇنىڭ ئېتى نېمە؟ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟ ھە، شۇنى ئېلىڭ! بۇنىڭغا قارا! بۇ ئاۋۇنىڭدىن ياخشى - ھە.

ئەشۇنىڭدا بار. بۇنىڭدىن ۋاز كەچ. ماۋۇنىڭدىكى دورا قېنى؟ بۇنىڭدەك لۇغەتنى تېپىش تەس. سىزمۇ مۇشۇنىڭدەك يېزىڭ. بۇنىڭچە بالىلار ئېتىزدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭغىچە نەدە ئىشلىدىڭ؟ مېنىڭ ئىزدىگىنىم مۇشۇ.

3) بەزى كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ قەدىمكى بەزى كېلىش شەكىللىرىمۇ ھازىرقى كېلىش شەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە قوللىنىلىدۇ. بۇ قەدىمكى كېلىش شەكىللىرىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسەتتۇق.

* بىز بۇ يەردە "مەشە"، "ئەشە"، "مەيە" ئالماشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز. چۈنكى ئۇلار ئىسىمدىن پۈتۈنلەي پەرقلەنمەيدۇ.



| باش كېلىش | بۇ | ئۇ | شۇ | مۇشۇ | ئاشۇ |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| يۆنىلىش كېلىش | بۇڭا | ئاڭا | شۇڭا | — | — |
| ئورۇن كېلىش | مۇندا/بۇندا | ئاندا/ئۇندا | شۇندا | — | — |
| چىقىش كېلىش | مۇندىن/بۇندىن | ئاندىن/ئۇندىن | شۇندىن | — | — |
| ئورۇن- بەلگە كېلىش | مۇندىكى/بۇندىكى | ئاندىكى/ئۇندىكى | شۇندىكى | — | — |
| چەك كېلىش | — | ئاڭغىچە | شۇڭغىچە | — | — |
| ئوخشاتما كېلىش | مۇنداق/بۇنداق | ئانداق/ئۇنداق | شۇنداق | مۇشۇنداق | ئاشۇنداق |
| تەڭلەشتۈرمە كېلىش | مۇنچە/مۇنچىلىك// بۇنچە/بۇنچىلىك | ئانچە/ئانچىلىك// ئۇنچە/ئۇنچىلىك | شۇنچە/ شۇنچىلىك | مۇشۇنچە/ مۇشۇنچىلىك | ئاشۇنچە/ ئاشۇنچىلىك |

كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ بۇ خىل قەدىمكى كېلىش شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكىللىرى كۆپىنچە شۇ ئالماشلارنىڭ ھازىرقى ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكىللىرى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ، بۇ ئالماشلارنىڭ ھازىرقى ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكىللىرىنىڭ ئۆزى بولسا ئانچە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن:

مۇنداق ئەھۋاللارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

مەن سېنى مۇنچىلىك كىچىكىدۇ دەپ ئويلىمىغان.

ھەي ئەخمەقلەر، ئۇنداق چوڭ قازان بولمىسا، سىلەرنىڭ كاۋاكلارنى نېمىدە پىشۇرىدۇ؟

ئانداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ. (ماقال)

ئۇلارنىڭ ئۆيى ئانچىلىك چوڭ ئەمەس.

— ئەپەندىم، شۇنداقمۇ چوڭ قازان بولامدۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ كىشىلەر. (نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى)

......شۇنداق تۈگىمەس-پۈتمەس خىياللار بىلەن كىچىچە پىيادە

يۇرۇپ چاي مەھەلدە دوتەي يامۇلنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندىم.
(ز. قادىر)

كىشىنى شۇنچىمۇ ساقلىتامسىز؟
بىز كوپىراتىپىمىزنىڭ مۇلۈكىنى جىنىمىزدەك قوغداپ، مۇشۇنداق
خامانى چەشلىيەلىدۇق.
(ت. سامساق)

سەن كۆرگەن ئاشۇنداق لۇغەتتىن مەندە يەنە بىرى بار.
مۇشۇنچە كۆپ ئادەم نەگە سىغىدۇ؟
تۆگە قانچىلىك، يىغرى شۇنچىلىك.

"مۇنچە"، "بۇنچە"، "شۇنچە" ياكى "مۇنچىلىك"، "بۇنچىلىك"، "شۇنچىلىك"، "ئانچىلىك" شەكىللىرى كۈچەيتىلگەندە، "مۇنچىۋالا"، "بۇنچىۋالا"، "شۇنچىۋالا"، "ئانچىۋالا" شەكلىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مۇنچىۋالا كۆپ ئادەم نەگە سىغىدۇ؟
شۇنچىۋالا ئېگىز يەرگە قانداق چىقتىڭ؟
ئانچىۋالا ۋارقىراشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

"مۇنداق (بۇنداق)" شەكلى يەنە "تۆۋەندىكىدەك" دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مۇسسۇلنى ئۇخلىيالمىدى، ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە مۇنداق
بىر ئىش كۆردى: ...... (ل. مۇتەللىپ)

ئۇ ئۆز ئۆزىگە مۇنداق دېدى: "ياق"، مۇنداق بولۇشى زادى
مۇمكىن ئەمەس.

"شۇنداق"، "شۇنچە" شەكىللىرى يەنە مەلۇم سۈپەتنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

سەن ئۇلارنىڭ ئېغىنى كۆردۈڭمۇ، شۇنداق چىرايلىق.



باغدا چىنار، تاغدا كۆرسەم قارىغاي،
يەردە مەشئەل، تاغدا چولپان، كۆكتە ئاي،
كېلىدۇ جۇ زۆكلى كۆزۈم ئالدىغا،
شۇنچە ئاددىي، شۇنچە تەمكىن، خۇش چىراي. (ئا. خوجا)

"بۇڭا، ئاڭا" — بۇلار شېئىرلاردا شۇ ئالماشلارنىڭ ھازىرقى يۆنىلىش كېلىش شەكىللىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

كېسىپ چاپ دۈشمىنىڭنىڭ باشىنى قويما يۇرتۇڭدا،
بۇڭا تەكلىپ قىلۇر قەلبىڭدە ۋىجدانىڭنىڭ شولاسى.
(نىم شېھىت)

جەمئىيەتىم ئايرىدى ساڭا بىر بۆلۈم خىزمەت،
مۇمكىن ئەمەس، ئورۇندىماي ئاڭا قىل دىققەت.
(نىم شېھىت)

"شۇڭا" — بۇ شەكىل شېئىرلاردا "شۇ" ئالمىشىنىڭ ھازىرقى يۆنىلىش كېلىش شەكلى بىلەن تەڭداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە سەۋەب-نەتىجە قوشما جۈملىلەرنى باغلايدىغان باغلىغۇچى سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

دېدى: "يەتكەچ ئانامىمۇ ھالىمىزغا،
دۇئاسىنى بېرىپ ئاق يولىمىزغا،
تۆكۈپ كۆز يېشىنى بولدى مەدەتكار،
نېمىكى دېسىڭىز مەن شۇڭا تەييار".
(ئا. ئۆتكۈر)

مىجەزىم يوق، شۇڭا بۈگۈنكى يىغىنغىمۇ قاتنىشالمىدىم.

"مۇندا (بۇندا)، ئاندا (ئۇندا)" — بۇلار شېئىرلاردا ئۆز رېتى بويىچە "بۇ يەردە"، "ئۇ يەردە" ياكى "بۇ يەرگە"، "ئۇ يەرگە" دېگەن

مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاندا بولايمىكىن، مۇندا بولايمىكىن،
يارىم ئاندا يالغۇز بولسا ھەمراھ بولايمىكىن.

( خەلق قوشىقى )

مەن بارايمىكىن ئاندا، يار كېلەرمىكىن مۇندا،
يارغا يار كېرەك بولسا، قول سېلىپ كېلەر مۇندا.

( خەلق قوشىقى )

"شۇندا" — شېئىرلاردا "شۇ يەردە" ياكى "شۇ چاغدا" دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن

كەڭ قوينىڭدا تۇغۇلغان ۋە شۇندا ئۆسكەن.
چىن ئىنسانلىق مەيدانىغا شۇندا چۈشكەن.

( نىم شېھىت )

شۇ ۋىسالدىن رىشتە ئۈزگەنلەرنى ئۇچراتسام شۇ چاغ،
نېمە دەر ئىغۋاسىنى سالسام يۈزىگە شۇندا مەن.

( ت. ئېلىيۇۋ )

"مۇندىن ( بۇندىن ) "، "ئاندىن ( ئۇندىن ) "، "شۇندىن" — بۇلار، بىرىنچىدىن، شېئىرلاردا شۇ ئالماشلارنىڭ ھازىرقى چىقىش كېلىش شەكىللىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆيدە گايى بۇندىن سۆزلەر قىلىشقاندۇ،
"قىز - ئايالنىڭ بەختى بۇ" دەپ ئېيتىشقاندۇ.

( نىم شېھىت )

ئۇدۇل كامىردا ئىش ئاندىن بۆلەكچە،
كېرىم ئالدى ساۋاق مىڭ - مىڭ ئېتەكچە.

( ئا. ئۆتكۈر)

بـۇلاردىن ۋاقىتنـى بىلدۈرىـدىغان بەزى بىـرىكمىلەردە



كەلگەنلىرى جانلىق تىلدىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مۇندىن ( بۇندىن ) كېيىن = بۇنىڭدىن كېيىن.
مۇندىن ( بۇندىن ) ئاۋۋال = بۇنىڭدىن ئاۋۋال.
ئاندىن ( ئۇندىن )كېيىن = ئۇنىڭدىن كېيىن.
ئاندىن( ئۇندىن ) بۇرۇن = ئۇنىڭدىن بۇرۇن.
شۇندىن ئېتىبارەن = شۇنىڭدىن ئېتىبارەن.

ئىككىنچىدىن، شېئىرلاردا ئۆز رېتى بويىچە "بۇ يەردە"، "ئۇ يەردىن"، "شۇ يەردىن" دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇندىن يۈرۈپ قاھىرەگە بارارمەن،
سېغىنغاننى يەنە شۇندىن يازارمەن.
پەرزەنتىڭنىڭ بۇيىن شۇندىن ئالارسەن،
تۇرلۇك - تۈمەن گۇللىرىڭنى سېغىندىم.

( نىم شېھىت )

"بۇندىكى ( مۇندىكى ) "، "ئاندىكى ( ئۇندىكى ) "، "شۇندىكى" — بۇلار ئاساسەن شېئىرلاردا شۇ ئالماشلارنىڭ ھازىرقى ئورۇن - بەلگە كېلىش شەكىللىرى بىلەن تەڭداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆز رېتى بويىچە "بۇ يەردىكى"، "ئۇ يەردىكى"، "شۇ يەردىكى" دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇندىكى توسقۇن قاياقتىن كەلدى دەپ گەر سورىساڭ،
كۆتۈرۈلدى ئوردا ياق دەرۋازىدىن بۇ شۇم بوران.

( «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى )

قويقۇرۇق بوپ قالدى دېمە خاتىرە مۇنار تۈۋى،
قەلبىمىزنى ئۇندىكى ياش داغلىرى ئىزھار ئېتەر.

( «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى )

گۈزەلدۇر گوياكى قويۇق ئورماندەك،
تىزىلغان ئاندىكى سانسىز ۋىشكىلار.

( ئا. توختى )

"ئاڭغىچە"، "شۇڭغىچە" — بۇلار ئۆز رېتى بويىچە "شۇ ئارىلىقتا"، "شۇ ۋاقىتقىچە" دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت كەلسە يىغىننى باشلاپ تۇرۇڭلار، ئاڭغىچە ئۆزۈممۇ قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى شۇڭغىچە جىم ئولتۇرغان تۇرسۇن بىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

4) كۆرسىتىش ئالماشلىرى بەزى تىركەلمىلەر بىلەنمۇ بىرىكىپ كېلىدۇ، بىراق بىرلىك شەكىلدە "بىلەن"، "ئۈچۈن" تىركەلمىلىرى بىلەن بىرىككەندە، ئالماشلارنىڭ ئاخىرىغا ئاۋۋال "-نىڭ" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭ ئۈچۈن.
ئۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن.
شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭ ئۈچۈن.
مۇنۇنىڭ بىلەن، مۇنۇنىڭ ئۈچۈن.
ماۋۇنىڭ بىلەن، ماۋۇنىڭ ئۈچۈن.
ئاۋۇنىڭ بىلەن، ئاۋۇنىڭ ئۈچۈن.
مۇشۇنىڭ بىلەن، مۇشۇنىڭ ئۈچۈن.
ئاشۇنىڭ بىلەن، ئاشۇنىڭ ئۈچۈن.

تىركەلمىلەر بىلەن بىرىككەن كۆرسىتىش ئالماشلىرى شۇ خىل تىركەلمىلەر بىرىككەن ئىسىم-تىركەلمە قۇرۇلمىلىرىغا ئوخشاش گراماتىك مەنىگە ئېرىشىپ، جۈملىدە شۇلار بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بۇ توغرۇلۇق مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق پاراڭلاشتىم.
مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ توغرۇلۇق سۆزلەشتىم.
ئۇ قەلەم بولمايدۇ، ماۋۇنىڭ بىلەن ياز.
بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كېرەك.



تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنلىرى ئېچىلدى، بۇ ئارىلىق كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى ئۆستى.
ماۋۇنىڭغا قارىغاندا ئاۋۇ ياخشى.

5) كۆرسىتىش ئالماشلىرى باش كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىش جەھەتتىن ئىسىملاردىن پەرقلىنىدۇ. ئىسىملار پەقەت ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مەلۇم جەھەتتىن بىر تىپقا كىرىدىغان شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ياكى ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يەنە بىر خىل نامىنى ئىپادىلىگۈچى ئىسىملارغىلا باش كېلىش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ (مەسىلەن، "ياغاچ ئۆي، ياغاچ كارىۋات، ئايال دوختۇر" دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن "ياغاچ سۇ، توپا دەرەخ" دېيىشكە بولمايدۇ). لېكىن كۆرسىتىش ئالماشلىرى بۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇلار باش كېلىش شەكلىدە ھەرقانداق ئىسىمغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئادەم، بۇ ئۆي، بۇ ئوت، بۇ تاغ، بۇ كۆڭۈل، بۇ مەسىلە، ئۇ شەھەر، ئۇ كىنو، ئۇ كىتاب، ئۇ دەرس، ئۇ دوختۇر، ئۇ تەرەپ، شۇ خەت، شۇ قىز، شۇ يىغىن، شۇ ناھىيە، شۇ دەريا، شۇ بوران، مۇنۇ دۆڭ، ئاۋۇ ئېتىز، ئاشۇ مەھەللە، مۇشۇ بۇغداي، ما ئالما.

6) بەزىدە "بۇ"، "مۇشۇ" ئالماشلىرىنىڭ ئالدىغا "مانا" يۈكلىمىسى، "شۇ" ئالمىشىنىڭ ئالدىغا "مانا" ياكى "ئەنە" يۈكلىمىلىرى قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ ئالماشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مانا بۇلار پارتىزان ئۇرۇشىنىڭ مۇنتىزىم ئۇرۇشتىن پەرقلىنىدىغان يەرلىرى.
مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مانا شۇلاردىن ئىبارەت.

مىنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەنە شۇ.

يېڭى دېموكراتىك سىياسىي بولسا، مانا شۇنداق يېڭى دېموكراتىك ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى.

## 6.8. سوئال ئالماشلىرى

**1.6.8.** سوئال ئالماشلىرى شەيئىلەرنىڭ نامى، بەلگىسى، سانى ياكى ھەرىكەتنىڭ بەلگىسى، ۋاقتى قاتارلىقلارغا سوئال بولۇپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى سوئال ئالماشلىرى قوللىنىلىدۇ:

كىم — ئادەمگە سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مەجلىسكە بىزدىن كىم قاتنىشىدۇ؟

بۇياق كىم بولىدۇ؟

نېمە — بىرىنچىدىن، ئادەمدىن باشقا شەيئىلەرگە سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

نېمە يېزىۋاتىسەن؟

نېمە مىنىپ كەلدىڭ؟ ئات مىنىپ كەلدىڭمۇ؟

ئىككىنچىدىن، شەيئىلەرنىڭ ئېنىقلىمىسىغا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن نېمە دەرس بار؟

ئاخشام نېمە كىنو كۆردۈڭلار؟

ئۈچىنچىدىن، "قىلماق"، "بولماق" پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتكە سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— خەت يېزىۋاتىمەن.

— قولۇڭ نېمە بولدى؟

— قايرىلىپ كەتتى.



قايسى — بىر تىپتىكى شەيئىنىڭ مەلۇم بىرىنىڭ ئېنىقلىمىسىغا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— بۈگۈن قايسى مۇئەللىم دەرس ئۆتتى؟

— تۇرسۇن مۇئەللىم.

— سىلەر قايسى ئۆيدە ئولتۇرىسىلەر؟

— 15-ئۆيدە.

قانداق — مەلۇم بەلگە ياكى ھالەتكە سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— بۇ قانداق كىتاب؟

— ياخشى كىتاب.

— بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭ؟

— كەينى ئىشىكتىن كىردىم.

بۇ ئالماش بەزىدە سۈپەتلەرگە ئۈندەشلىك كۈچەيتمە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قارا، بۇ باغ قانداق ياخشى!

ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق!

قاچان — ۋاقىتقا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— قاچان كەلدىڭ؟

— تۈنۈگۈن كەلدىم.

— ئىشىڭ قاچان تۈگەيدۇ؟

— بىر ئازدىن كېيىن.

بۇ ئالماش بەزىدە "ئۇزۇن بولدى"، "نەۋاق"، "نەكەم" دېگەن مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ . مەسىلەن:

— يېزىپ بولدۇڭمۇ؟

— قاچان ( نەۋاق، نەكەم ) مەن يېزىپ بولغىلى.

— قاچان كەلدىڭ؟

— مەن كەلگىلى قاچان (نەۋاق، نەكەم)!

قانچە (نەچچە) — سانغا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— قانچە ئادەم كەلدى؟

— 15 ئادەم كەلدى.

— بۇگۇن ئايغا نەچچە؟

— بۇگۇن ئايغا تۆت.

"قانچە" ئالمىشى بەزىدە "نۇرغۇن" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قانچە يىللار ئۆتتى، ئۇ چاغدىكى ئىشلار كىمنىڭ ئېسىدە قالسۇن!

قانچىلىك (نەچچىلىك) — سانغا ياكى مەلۇم مىقدارغا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— قانچىلىك ئادەم كەلدى؟

— 15 ئادەم كەلدى.

— بۇ تۇڭغا قانچىلىك ماي سىغىدۇ؟

— بەش كىلو ماي سىغىدۇ.

— ئۇلارنىڭ ئۆيى قانچىلىك بار؟

— مۇشۇ ئۆيچىلىك بار.

قەيەر — بۇ ئالماش "قاي" دېگەن قەدىمكى سوئال ئالمىشى بىلەن "يەر" دېگەن ئىسىمنىڭ قوشۇلۇپ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئورۇن، يەر-جايغا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— شىنجاڭدا قەيەر ئەڭ ئىسسىق؟

— تۇرپان ئەڭ ئىسسىق.

— سەن قەيەردە چوڭ بولغان؟

— ئۇرۇمچىدە چوڭ بولغان.



نە — بۇ ئالماش "نە" دېگەن قەدىمكى سوئال ئالمىشى بىلەن "يەر" دېگەن ئىسىمنىڭ قوشۇلۇپ، "نەيەر" بولۇشى ۋە كېيىن "يەر" سۆزىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، "قەيەر" ئالمىشى بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

شىنجاڭدا نە (قەيەر) ئەڭ ئىسسىق؟

سەن نەدە چوڭ بولغان؟

قاياق — بۇ ئالماش "قاي" دېگەن قەدىمكى سوئال ئالمىشى بىلەن "ياق" دېگەن ئىسىمنىڭ قوشۇلۇپ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، تەرەپ ياكى ئورۇنغا سوئال بولىدۇ. مەسىلەن:

— ئەخمەت قاياققا كەتتى؟

— كۇتۇپخانا تەرەپكە كەتتى.

— قاياقتىن كېلىۋاتىسەن؟

— يېزىدىن كېلىۋاتىمەن.

قېنى — بۇ ئالماش "نەدە"، "يوققۇ" دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— تۇرسۇن قېنى؟

— بار، ھازىر كېلىدۇ.

ھەممەيلەنگە بەردىڭ، ماڭا قېنى؟

نېمىشقا (نېمىشكە) — بۇ ئالماش "نېمە ئىش" بىرىكمىسىنىڭ يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە تۇراقلىشىپ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، "نېمە ئۈچۈن" دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— نېمىشقا دەرسكە بارمىدىڭ؟

— نېمشقا بۇگۈن ئادەم ئاز؟

نەكەم — بۇ ئالماش ”نە“ دېگەن قەدىمكى سوئال ئالمشى بىلەن ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ”كەم“ سۆزىنىڭ قوشۇلۇپ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ”قايسى ۋاقىت“ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— تۈنۈگۈن نەكەمدە كەلدىڭ؟

— سائەت ئۈندا كەلدىم.

بۇ ئالماشمۇ بەزىدە ”ئۈزۈن بولدى“ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— قاچان كەلدىڭ؟

— مەن كەلگىلى نەكەم!

نەۋاق — بۇ ئالماش ”نە“ دېگەن قەدىمكى سوئال ئالمشى بىلەن ”ۋاقىت“ دېگەن ئىسىمنىڭ قوشۇلۇپ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ”نەكەم“ ئالمشى بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— تۈنۈگۈن نەۋاقتا كەلدىڭ؟

— سائەت ئۈندا كەلدىم

قانداقسىگە — بۇ ئالماش ”قايسى ئاساس بويىچە“ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قانداقسىگە بۇ ئىشقا مەن جاۋابكار بولىمەن؟

ئۇ قانداقسىگە بىزگە تۇغقان بولىدۇ؟

نېچۈن — ئەدەبىي ئەسەرلەردە ”نېمە ئۈچۈن“ مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نېچۈن تولغانماس،

ئاشىقى كۆتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق روجەكلەرنى؟!

( ل.مۇتەللىپ )



قانداقلارچە — بۇ ئالماش ”قانداق سەۋەبلەر بىلەن“ ياكى ”قانداق ئۇسۇللار بىلەن“ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

سەن قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

شۇنچە ئىشنى قانداقلاچە تۈگەتتىڭ؟

نېمانداق، نېمانچە — بۇ ئالماشلار ”نېمە“ ئالمشى بىلەن ”ئانداق“، ”ئانچە“ ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇپ ئىخچاملىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ”نېمە سەۋەبتىن شۇ دەرىجىدە...“ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئادەم نېمانداق ( نېمانچە ) كۆپ؟

ئاستا گەپ قىل، نېمانچە ( نېمانداق ) ۋارقىرايسەن؟

”نېمانداق“ ئالمشى يەنە ”نېمشقا شۇنداق غەلىتە“ دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

نېمانداق نەرسە بۇ ؟!

تىنچ تۇرساڭچۇ، نېمانداق قىلىسەن؟!

”نېمانچە“ ئالمشى بەزىدە ”نېمانچىلا“ ياكى ”نېمانچىۋالا“ شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئادەم نېمانچىلا كۆپ؟

ئاستا گەپ قىل، نېمانچىۋالا ۋارقىرايسەن؟

”نېمە دېگەن“، ”نەقەدەر“، ”نەقاتارلىق“ — بۇ ئالماشلار شەكلەن سوئال ئالمشى بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، سۈپەت ياكى پېئىللارنىڭ ئالدىدا ئۈندەشلىك كۈچەيتمە رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بۇ نېمىدېگەن ئېگىز ئىمارەت!

ئۇ ھازىر نەقەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەن-ھە؟!

ئۇھۇ! نەقاتارلىق يېقىملىق ناخشا ئېيتىدىغان ئادەملەر بۇ؟

نېمسى — بۇ ئالماش "نېمە" ئالمىشىنىڭ III شەخس تەۋەلىك شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئادەتتە "نەرى" دېگەن مەنىدە ئىسىملاشقان سۈپەتداشلاردىن كېيىن "قانداق ئىش" دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

— ھەي، چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟ — پەرھاد ياشلارغا خاس تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتتى.

(م. كېۋىر)

بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

تونۇگۇن كەلمىگىنىڭ نېمىسى؟

بىلمەيمەن، دېگىنىڭىز نېمىسى؟

**2.6.8.** سوئال ئالماشلىرى ئۆزىنىڭ گىراماتىك خۇسۇسىيىتىنىڭ خىلمۇ خىللىقى جەھەتتىن، ئالماشنىڭ ئەڭ تىپىك تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوئال ئالماشلىرىنى ئۇلارنىڭ گىراماتىك خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئىسىم ئالماشلىرى، سۈپەت ئالماشلىرى، سان ئالماشلىرى، رەۋىش ئالماشلىرى، دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) "كىم، نېمە، قايەر، نە، قاياق، نەكەم، نەۋاق" ئالماشلىرى ئىسىم ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىمنىڭ سان، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بويىچە تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىملارغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەجلىسكە كىملەر قاتناشتى؟

ساڭا يەنە نېمىلەر كېرەك؟

كىمنى سايلىدىڭلار؟

نېمىدىن قورقىسەن؟

قەيەرلەرنى ئايلىنىپ كەلدىڭ؟

نەگە كەتتىڭ؟ نەلەردە يۈردۈڭ؟



قاياقلارنى ئايلىنىپ كەلدىڭ؟

قاياق شىمال؟

نەكەمدىن نەكەمگىچە سۆزلەشتىڭلار؟

نەۋاقلاردا ئۇخلىدىڭ؟

"نېمە، قايەر، نە" ئالماشلىرى تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بويىچىمۇ تۈرلىنىدۇ ("نە" ئالمىشىغا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ئالماشنىڭ ئاخىرىدا بىر "ر" تاۋۇشى پەيدا بولىدۇ). مەسىلەن:

يەنە نېمەڭ كەم؟

بىزنىڭ نېمىمىز يوق؟ ھەممە نەرسىمىز بار.

تۆردى ئۇنىڭ نېمىسى؟ ئاكىسىمۇ؟

بۇ يەرنىڭ قايېرى ئوي، قايېرى دۆڭ مەن تېخى بىلمەيمەن.

نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟

"كىم" ئالمىشى "سەن كىمىڭنى ئەخمەق قىلىسەن؟ مېنىڭ سىلەردىن باشقا كىمىم بار؟" دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم ئورۇنلاردا تەۋەلىك شەكلىدە كەلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلەنمەيدۇ. "قاياق" ئالمىشىمۇ ئاساسەن تەۋەلىك كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلەنمەيدۇ.

2) "قانداق، قايسى، نېمانداق" ئالماشلىرى سۈپەت ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، جۈملىدە بىۋاسىتە ئىسىملارغا بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ؛ "قانداق، نېمانداق" ئالماشلىرى يەنە پېئىل، سۈپەتلەرگە بېقىنىپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ساڭا قانداق كىتابلار كېرەك؟ سىلەر قايسى بىنادا ئولتۇرىسىلەر؟

سەن قانداق كەلدىڭ؟

نېمانداق ئۆي بۇ؟

ئادەم نېمانداق كۆپ.

"قانداق" ئالمىشى بەزىدە سۈپەتنىڭ كېمەيتمە دەرىجە قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئىشلار قانداقراق؟

قانداقراق كىتابلار بار ئىكەن؟

"قانداق" ئالمىشى يەنە سۈپەتلەرگە ئوخشاش ئىسىمنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم ئالمىشلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

— ئاۋۇ ئاياغلارنى كۆرۈپ باقايچۇ؟

— قاندىقى كېرەك، قىشلىقمۇ، يازلىقى؟

— مەن بىر ۋېلىسپىت ئالدىم.

— قاندىقىنى ئالدىڭ؟

"قايسى" ئالمىشى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ (I شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەنلا بىرىكىدۇ.) شەخس ئالمىشلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە كېلىش بىلەن تۈرلىنىپ جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

قايسىمىز بارىمىز؟

قايسىڭ بارىسەن؟

قايسىڭلارنىڭ لۇغىتى يوق؟

ئۇ قايسىڭلار بىلەن سۆزلەشتى؟

ئەپەندىم، دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئىشلارغا دۇچ كەلدىم، قايسىسىنى ئۇنتۇپ، قايسىسىنى يادىمدا ساقلاشنىمۇ بىلمەي قالدىم.

(نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى)

بۇ خىل شەكىللەر ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ



كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلى ئادەتتە بىردەك III شەخستە بولىدۇ. پەقەت II شەخس شەكلى تەرىپىدىن ئېنىقلانغان ئىسىملا بەزىدە II شەخستە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

قايسىمىزنىڭ لۇغىتىنى ئالسەن؟

قايسىڭلارنىڭ لۇغىتى (لۇغىتىڭلار) يوق؟

ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ لۇغىتى يوق؟

3) "قانچە (نەچچە)"، "قانچىلىك (نەچچىلىك)" ئالماشلىرى سان-مىقدار ئالماشلىرىغا كىرىدۇ. بۇلاردىن "قانچە (نەچچە)" ئالمىشى ساناق سانغا سوئال بولۇپ، بىۋاستە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، تەرتىپ سان، تەقسىم سان، كىشىلىك سان، ئالماش سان قاتارلىق سان تۈرلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن بىرىكىپ، ساننىڭ شۇ تۈرلىرىگە سوئال بولۇپ، جۈملىدە ساننىڭ شۇ تۈرلىرىگە ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

قانچە ئادەم كەلدى؟

سىلەر نەچچىنچى بىنادا؟

بىرىڭلارغا قانچىدىن دەپتەر بەردى؟

قانچەيلەن كەلدى؟

قانچىمىز بارىمىز؟ قانچىڭلارنى چاقىردى؟

قانچىسىغا بىلەت يەتمىدى؟

"قانچىلىك (نەچچىلىك)" ئالمىشى سان-مىقدارغا سوئال بولۇپ، بىۋاستە ئېنىقلىغۇچى ياكى ھالەت بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، مۆلچەر سان ياسىغۇچى "-چە" قوشۇمچىسى بىلەن ۋە تەقسىم سان قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، مۆلچەر سان-مىقدارغا ۋە تەقسىم سان-مىقدارغا سوئال بولۇپ، جۈملىدە شۇ خىل سان-مىقدارلارنىڭ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا قانچىلىك ئادەم قاتناشتى؟

بۇ يىل قانچىلىك ھوسۇل ئالدىڭلار؟

ئورۇمچىدە قانچىلىك تۇردۇڭ؟

ئۇلار يولۇڭلارغا قانچىلىك تەلمۈرگەندۇ؟

بۇ يىل قانچىلىكچە ھوسۇل ئالدىڭلار؟

ھەربىر ئەمگەك كۈنىگە قانچىلىكتىن پۇل كەلدى؟

بۇ ئالماش يەنە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن (كۆپىنچە III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن) بىرىكىپ، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ، بۇ چاغدا مەلۇم شەيئىنىڭ بىر قىسمىغا سوئال بولۇپ، كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە جۈملىدە ئىسىمنىڭ رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئاشلىقنىڭ قانچىلىكى بۇغداي، قانچىلىكى گۈرۈچ؟

بۇ دەرسنى ئىككىڭلار ئۆتسەڭلار، قانچىلىكىنى سەن ئۆتىسەن؟

بۇ پۇلنىڭ قانچىلىكىگە كىتاب ئالىمىز؟

4) "قاچان، قانداقىسىگە، نېچۈك، قانداقلارچە، نېمانچە، نېمىدىگەن، نەقەدەر، نەقاتارلىق" ئالماشلىرى رەۋىش ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، جۈملىدە بىۋاستە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. (يۇقىرىدىكى مىساللارغا قاراڭسۇن). بۇلاردىن پەقەت "قاچان" ئالمىشىلا بەزىدە ئايرىم كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن، ياكى بەزى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ، ھالەت بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بۇ مەسىلە قاچانغىچە ھەل بولمايدۇ؟

قاچاندىن باشلاپ بۇ ئىشقا كىرىشىمىز؟

قاچاندىن بۇيان شۇ يەردە ئىشلەۋاتىسەن؟

5) "نېمىسى" ئالمىشى گەرچە ئىسىم ئالمىشىغا تەۋە بولسىمۇ،



لېكىن كېلىش بويىچە تولۇق تۈرلەنمەيدۇ، تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكمەيدۇ. كۆپىنچە باش كېلىش شەكلىدە ئىگە ياكى خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار؟

بارمايمەن دېگىنىڭ نېمىسى؟

6) "قېنى" ئالمىشىنىڭ زادى قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىر ئاز تەس، ئۇ ئالاھىدە بىر خىل سوئال ئالمىشى بولۇپ، جۈملىدە پەقەت خەۋەر بولۇپلا كېلىدۇ*. مەسىلەن:

تۇرسۇن قېنى؟ ماڭا قېنى؟

## 7.8. ئۆزلۈك ئالماشلار

**1.7.8.** ئۆزلۈك ئالمىشى بىر "ئۆز" سۆزىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ھامان ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

| | | | |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۆزۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۆزىمىز |
| II شەخس | بىرلىك | ئاددىي تۈرى | ئۆزۈڭ |
| | | سىپايە تۈرى | ئۆزىڭىز |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ئۆزلىرى |
| | كۆپلۈك | ئاددىي تۈرى | ئۆزۈڭلار |
| | | ھۆرمەت تۈرى | ئۆزلىرى |
| III شەخس | بىرلىك تۈرى | | ئۆزى |
| | كۆپلۈك تۈرى | | ئۆزلىرى |

* "قېنى، مەن بىر كۆرەي"، "قېنى مەجلىسنى باشلايلى"، "كەلسۇنچۇ قېنى!" قاتارلىق ئورۇنلاردا كەلگەن "قېنى" ئالماش ئەمەس، يۆكلىمە ھېسابلىنىدۇ.

ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ بۇ شەكىللىرى گەرچە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن بولسىمۇ، لېكىن تەۋەلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالماش ۋە ئىسىملارغا شەخس، سان ۋە (II شەخستە) ئاتاش تۈرى جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆزۈم، بىز ئۆزىمىز، سەن ئۆزۈڭ، سىز ئۆزىڭىز، سىلى ئۆزلىرى، سىلەر ئۆزۈڭلار، ئۇ ئۆزى، ئۇلار ئۆزلىرى، قاسىمنىڭ ئۆزى، بۇ خەتنىڭ ئۆزى.

ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ بۇ شەكىللىرى ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تولۇق تۈرلىنىدۇ ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزۈم، ئۆزۈمنىڭ، ئۆزۈمگە، ئۆزۈمنى، ئۆزۈمدە،
ئۆزۈمدىن، ئۆزۈمدىكى، ئۆزۈمگىچە، ئۆزۈمدەك،
ئۆزۈمچە، ئۆزۈم بىلەن، ئۆزۈم توغرۇلۇق، ئۆزۈم ئۈچۈن...
ئۆزىمىز، ئۆزىمىزنىڭ، ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىزنى،
ئۆزىمىزدە، ئۆزىمىزدىن، ئۆزىمىزدىكى، ئۆزىمىزگىچە،
ئۆزىمىزدەك، ئۆزىمىزچىلىك، ئۆزىمىز بىلەن، ئۆزىمىز توغرۇلۇق، ئۆزىمىز ئۈچۈن...
ئۆزۈڭ، ئۆزۈڭنىڭ، ئۆزۈڭگە، ئۆزۈڭنى، ئۆزۈڭدە، ئۆزۈڭدىن،
ئۆزۈڭدىكى، ئۆزۈڭگىچە، ئۆزۈڭدەك، ئۆزۈڭچىلىك.
ئۆزۈڭ بىلەن، ئۆزۈڭ توغرولۇق، ئۆزۈڭ ئۈچۈن...

ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ جۈملىدىكى رولى ئىسىمنىڭ جۈملىدىكى رولى بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ.

**2.7.8.** ئۆزلۈك ئالمىشى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) جۈملىنىڭ ئوبيېكتى شۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدە جۈملىنىڭ



باشقا بىر بۆلىكى بولۇپ تەكرارلانسا، ئۆزلۈك ئالمىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۆزلۈك ئالمىشى باشقا بىر سۆز سۈپىتىدە ئايرىم جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆزۈمنى تەنقىد قىلدىم.
(سەن) بۇ چاپاننى ئۆزۈڭگە ئالدىڭمۇ؟
ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

2) سۇبيېكتنىڭ پائالىيەتچانلىقى ياكى مۇستەقىللىقى تەكىتلەنگەندە، ياكى سۇبيېكتنى شۇ جۈملىنىڭ ئۆزىدە تەكرارلاشقا توغرا كەلگەندە، شۇ سۇبيېكتنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار بىلەن بىرلىكتە شۇلارغا مۇۋاپىق شەكىلدىكى ئۆزلۈك ئالمىشى قوللىنىلىدۇ. بەزىدە سۇبيېكتنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىم بىلەن ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ ئارىسىدا باشقا جۈملە بۆلەكلىرى كېلىشىمۇ مۇمكىن، مەسىلەن:

مېنى ھېچكىم چاقىرمىدى، (مەن) ئۆزۈم كەلدىم.
بۇ ستانوك ۋاقىت توشقاندا ئۆزى توختايدۇ.
سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قىينىما.
بۇ مەسىلىنى بىز ئۆزىمىز ھەل قىلىۋالىمىز.
مەشۇراخۇن بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

3) مەلۇم شەيئىنى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىپ، ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلىگەندىمۇ شۇ شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار بىلەن بىرلىكتە شۇلارغا مۇۋاپىق ئۆزلۈك ئالمىشى قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا شەيئىنى ئىپادىلىگۈچى ئالماش ياكى ئىسىملار ئىگىلىك كېلىشتە (بەزىدە كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ) ئۆزلۈك ئالمىشىغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشقا شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى سەۋەبچى بولدى.

ئىختىيار سېنىڭ ئۆزۈڭدە.

لۇغەتنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن (مېنىڭ) ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بەر.

بۇنداق ماتېرىيال مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىنمۇ چىقىدۇ.

4) "ئۆزۈمنى ئۆزۈم…"، "ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ…"، "ئۆزىدىن ئۆزى…" قاتارلىق بىرى باش كېلىشتە، يەنە بىرى باشقا كېلىشتە قاتارلىشىپ كەلگەن ئۆزلۈك ئالماشلىرى بەزىدە "ئۆز-ئۆزۈمنى…"، "ئۆز-ئۆزۈڭگە…"، "ئۆز-ئۆزىدىن…" شەكلىدە ئىخچاملىنىشىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

نېمىشقا شۇنداق قىلدىم دەپ ئۆز-ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم.

(سەن) ئۆز-ئۆزۈڭگە ئىشەنمىسەڭ، باشقىلار ساڭا قانداق ئىشەنسۇن.

ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى — ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش.

بىز ھازىر ئاشلىقتىمۇ ئۆز-ئۆزىمىزنى تەمىنلەيدىغان بولدۇق.

5) ئۆزلۈك ئالمىشى بىلەن قاتار كەلگەن ياكى ئۇنىڭغا بېقىنىپ كەلگەن I ۋە II شەخستىكى شەخس ئالماشلىرى كۆپ ھاللاردا چۈشۈپ قالىدۇ، تىل شارائىتى ئېنىق بولغاندا، III شەخستىكى شەخس ئالمىشى ياكى ئىسىملارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

(سەن) ئۆزۈڭ يالغۇز كەلدىڭمۇ؟

(مېنىڭ) ئۆزۈمدىن سورىساڭ بولمامدۇ؟

بۇ ئىشنى ئەخمەت بىلەمدۇ؟ (ئەخمەتنىڭ) ئۆزىدىن سوراپ باق.

6) I ۋە II شەخستىكى ئۆزلۈك ئالمىشى ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىم ئادەتتە III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ، بەزىدە ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭكىگە ئوخشاش تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشىمۇ



مۇمكىن. مەسىلەن:

رەمچىنىڭ رېمىدىن ئۆزۈڭنىڭ خىيالى (خىيالىڭ) دۇرۇس.

سەن ئۆزۈڭنىڭ ئۆيۈڭدە (ئۆيىدە) تۇرۇۋاتامسەن؟

مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ قارىشىنى (قارىشىمنى) قويۇپ باقاي.

7) ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئۆزلۈك ئالمىشى كۆپ ھاللاردا قىسقارتىلىپ "ئۆز" شەكلىدىلا قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇ چاغدا ئىسىم جەزمەن ئۆزلۈك ئالمىشىنىڭ تولۇق شەكلىنىڭكىگە ئوخشاش تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىشى كېرەك. مەسىلەن:

ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت-قولۇمنىڭ بوشلۇقى. (ماقال)

سەنمۇ ئۆز پىكرىڭنى توغرا دەيسەن، ئۇمۇ ئۆز پىكرىنى توغرا دەيدۇ.

بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىشنى ئاساس قىلىمىز.

## 8.8. بەلگىلەش ئالماشلىرى

**1.8.8.** بەلگىلەش ئالماشلىرى مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىلەرنىڭ ياكى ھەرخىل بەلگە، سان-مىقدار، ۋاقىتلارنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكى بەلگىلەش ئالماشلىرى قوللىنىلىدۇ.

ھەممە — مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان-مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا مەكتىپىمىزدىكى ھەممە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

ھەممە سۇ مۇشۇ تەرەپكە ئېقىۋاتىدۇ.

بۇ ئالماش بەزىدە "خىلمۇخىل" ياكى "ھەرقانداق" دېگەن مەنىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ھازىر بازاردا ھەممە مال بار (خىلمۇخىل مەنىسىدە).

بۇنچىلىك ئىشنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ (ھەرقانداق مەنىسىدە).

پۇتـۇن ( پۇتكـۇل ) ــــ بىرىنچىـدىن، ”ھەمـمە“ ئالمىشـىغا ئوخشاش مەلۇم كـۆپ سانلىق شـەيئىنىڭ تولۇق سان-مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا مەكتىپىمىزدىكى پۇتۇن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

پۇتۇن سۇ مۇشۇ تەرەپكە ئېقىۋاتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بىر شەيئىنىڭ ھەممە قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

پۇتۇن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار!

بۇ خەۋەر بىردەمدىلا پۇتۇن شەھەرگە تارقالدى.

بارلىق ــــ ”ھەممە“ ئالمىشىغا ئوخشاش مەلۇم كـۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان-مىقدارى ئورنىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

بارلىق سۇ مۇشۇ تەرەپكە ئېقىۋاتىدۇ.

بارچە ــــ ئايرىم ئورۇنلاردا ”بارلىق“ ئالمىشى بىلەن مەنىداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا مەكتىپىمىزدىكى بارچە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى.

ھەر ــــ ئۆزى يالغۇز ياكى ”بىر“ سانى بىلەن بىرىكىپ، مەلـۇم كـۆپ سانلىق شـەيئىنىڭ ھەربىرىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئىككىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سانلار بىلەن بىرىكىپ، مەلـۇم كـۆپ سانلىق شـەيئىنىڭ شـۇ سان كۆپلۈكىدىكى بىرلىكلىرىنىڭ ھەربىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەركىشى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرسۇن.

ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر پارچىدىن ماقالە يازدى.

ھەر بەش ئوقۇغۇچىغا بىر ئوقۇتقۇچى توغرا كېلىدۇ.

بۇ دورىنى ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئىچىسىز.



بـۇ ئالمـاش ۋاقىـت بىرلىكلىرىنىـڭ ھەربىرىنـى بىلـدۈرۈپ كەلگەندە، ئادەتتە شۇ ۋاقىت بىرلىكلىرىنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر بىلەن بىۋاستە بىرىكىدۇ (”بىر“ سانى كەلمەيدۇ). مەسىلەن:

ھەر كۈنى، ھەر يىلى، ھەر ئايدا، ھەر ھەپتىدە

”ھەر“ سـۆزى ”ھەر ئىككىمىزدىن سورىدى“، ”ئۇنىڭ ئۆيىدە ھەر كىتابلار بار“ قاتارلىق ئورۇنلاردا كەلگەندە، ئالماش ھېسابلانمايدۇ، ئالدىنقى جۈملىدىكىسى يۈكلىمە، كېيىنكى جۈملىدىكىسى بىر خىل ئالاھىدە سۈپەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەركىم ــــ مەلۇم كۆپ سانلىق ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىش ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

بۇنداق پۇرسەت ھەركىمگە كېلىۋەرمەيدۇ.

ھەرنېمە ــــ ”ھەرقانداق ئىش“، ”ھەرقانداق نەرسە“ مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ قولىدىن ھەرنېمە كېلىدۇ.

بۇ ماتېرىيال ھەرنېمىگە يارايدۇ.

ھەرقانداق ــــ خىلمۇخىل بەلگىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ھەرقانداق ئىشتا بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىز بۇ يولدا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە تەييار.

بەزىـدە بـۇ ئالمـاش ”ھەر“ شـەكلىدىلا كېلىشـى مـۇمكىن. مەسىلەن:

بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

ھەر ئىشتا بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

ھەرقايسى — مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەم ھەربىرىنى ھەم پۈتۈن سانىنى كۆرسىتىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىغىنغا مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەردىنمۇ ۋەكىل قاتناشتى.

ھەرقايسى ئەللەر خەلقى بىلەن بولغان ئالاقىمىز تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

ھەرقاچان — ۋاقىتنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىرىمىز دېگۈچىلەرگە كوپىراتىپىمىزنىڭ ئىشىكى ھەرقاچان ئوچۇق.

يولغا چىقىشقا ھەرقاچان تەييار تۇرۇڭلار.

”ھەرقاچان سەنمۇ بارمىغانسەن؟“ قاتارلىق جۈملىلەردىكى ”ھەرقاچان“ ئالماش ئەمەس، يۆكلىمە ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقانچە — دەرىجىنىڭ مۇستەسناسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقانچە ئېغىر نەرسىنىمۇ كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ.

ھەرقانچە يامان بولسام، خىيالىڭغا يېتەرمەنغۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ”كىم“، ”نېمە“، ”قانداق“، ”قايسى“، ”قانچە“، ”قاچان“، ”نە“، ”قەيەر“ قاتارلىق سوئال ئالماشلىرىمۇ بەزى ئورۇنلاردا بەلگىلەش ئالمىشى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، پەرەز قىلىنغان دائىرىدىكى ئادەم، نەرسە، بەلگە، سان-مىقدار، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ ھەرقاندىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىم ياخشى بولسا، شۇنى سايلايمىز.

نېمىنى ياخشى كۆرسەڭ شۇنى ئال.

بۇ دۇكاندىن قانداق كىيىم ئىزدىسەڭ تېپىلىدۇ.



سەن قايسى كىتابنى ياخشى كۆرسەڭ، مەنمۇ شۇ كىتابنى ياخشى كۆرىمەن.

سەن قانچە ياشقا كىرگەن بولساڭ، مەنمۇ شۇنچە ياشقا كىردىم.

قاچان چاقىرساڭ، شۇ چاغدا كېلىمەن.

سەن نەگە بارساڭ، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن.

**2.8.8.** بەلگىلەش ئالماشلىرى ئۇلارنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، سان-مىقدار ئالماشلىرى، سۈپەت ئالماشلىرى، ئىسىم ئالماشلىرى، رەۋىش ئالماشلىرىغا بۆلۈنىدۇ:

1) ”ھەممە، پۈتۈن، بارلىق، بارچە، ھەر، ھەرقايسى“ ئالماشلىرى سان-مىقدار ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، بىۋاسىتە ئىسىملارغا ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھەممە ئادەم، پۈتۈن خەلق، بارلىق مەكتەپ، بارچە ئادەم، ھەر مىللەت، ھەرقايسى ئەل......

”ھەممە“ ئالمىشى بەزىدە بىۋاسىتە ئىسىملىشىپ، ”ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە، ھەممە ئىش“ دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ ۋە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەممە ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭراتتى.

باشقىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماي ھەممىگە پۇت كېرىۋالساق بولمايدۇ.

ھېچكىم ھەممىنى بىلمەن دېيەلمەيدۇ.

”ھەممە، ھەرقايسى“ ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ I ۋە II شەخس كۆپلۈك ۋە III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەممىسى ۋە ھەربىرىنى ئىپادىلەپ ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىغىنغا ( بىز ) ھەممىمىز قاتنىشىمىز.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلدى.

بۇ ( سىلەرنىڭ ) ھەممىڭلارغا تېگىشلىك ئىش.

بۈگۈن ئوقۇتقۇچى ( بىزنىڭ ) ھەممىمىزنى دوسكىغا چىقاردى.

ئۇ ھەممىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

بۇ ( بىزنىڭ ) ھەرقايسىمىزغا تېگىشلىك ئىش.

ھەرقايسىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار.

ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى بىلەن سۆھبەتلىشىش كېرەك.

بۇ شەكىللەر ئىگىلىك كېلىشتە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئىنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى كۆپىنچە بىردەك III شەخستە بولىدۇ. مەسىلەن:

— ھەممىڭلارنىڭ لۇغىتى يوقمۇ؟

— ھەئە، ھەممىمىزنىڭ لۇغىتى يوق.

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لۇغىتى يوق ئىكەن.

ھەرقايسىڭلارنىڭ لۇغىتى يوق ئىكەن.

ھەرقايسىڭلارنىڭ بىلەتنى ھەرقايسىڭلارنىڭ جوزىسىغا قويۇپ قويدۇم.

ھەرقايسىمىزنىڭ بىلەتنى ھەرقايسىمىزنىڭ جوزىسىغا قويۇپ قويۇپتۇ.

ھەرقايسىسىنىڭ بىلەتنى ھەرقايسىسىنىڭ قولىغا بەر.

بىراق، "ھەممە" ئالمىشىنىڭ بۇ خىل شەكلى تەرىپىدىن ئىنىقلانغان ئىسىملار بەزىدە شۇ ئالماشتىكى بىلەن ئوخشاش تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

— ھەممىڭلارنىڭ لۇغەتىڭلار يوقمۇ؟

— ھەئە، ھەممىمىزنىڭ لۇغىتىمىز يوق.

"بارلىق" ئالمىشىمۇ ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن



بىرىكىپ، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ، بىراق بۇنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن شەكىللىرى "ھەممە" ئالمىشىنىڭ شۇ خىل شەكىللىرى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆزى بىلەن بىر شەخستىكى ئادەمگە تېگىشلىك "بارلىق نەرسە" مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىغىنغا بارلىقىمىز قاتنىشىمىز.

بۇ ( سىلەرنىڭ ) بارلىقىڭلارغا تېگىشلىك ئىش.

بۈگۈن ئوقۇتقۇچى ( بىزنىڭ ) بارلىقىمىزنى دوسكىغا چىقاردى.

ئۇ بارلىقىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

بارلىقىڭلارنىڭ لۇغىتى ( لۇغىتىڭلار ) يوقمۇ؟

بارلىقىمنى ۋەتەنگە بېغىشلايمەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنقىلابقا تۆھپە قىلدى.

2) "ھەرقانداق" ئالمىشى سۈپەت ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاسىتە بېقىنىپ، ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بەزىدە پېئىللارغا بېقىنىپ ھالەت بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ھەرقانداق ئىشقا يارايدۇ.

ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىمىز.

ھەرقانداق ماڭساڭمۇ بۈگۈن يېتەلمەيسەن.

بۇ ئالماش يەنە ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ (I شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەنلا بىرىكىدۇ)، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ھەرقانداق بىرىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ شاھماتتا ئۇستا، ( بىزنىڭ ) ھەرقاندىقىمىزنى ( ھەرقاندىقىڭلارنى ) يېڭىۋېتىدۇ.

ئۇ داڭلىق شاھماتچىلارنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن ئوينىيالايدۇ.

3) "ھەرقاچان، ھەرقانچە" ئالماشلىرى رەۋىش ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، جۈملىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقاچان كەلسەڭ مەن بار.

ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ بارغىنىم بارغان.

4) سوئال ئالماشلىرى بەلگىلەش ئالمىشى رولىدا كەلگەندىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ سوئال ئالمىشى ۋاقتىدىكى گرامماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە ئايرىم توختالمايمىز.

## 8.9. بولۇشسىز ئالماشلىرى

**8.9.1.** بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى پەقەت بولۇشسىز جۈملىلەردىلا قوللىنىلىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان-مىقدار، ۋاقىتلارنىڭ ھەرقاندىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى بولۇشسىزلىق ئالماشلىرى "ھېچ" سۆزىدىن ۋە سوئال ئالماشلىرى بىلەن بەزى ئايرىم سۆزلەرنىڭ "ھېچ" سۆزىگە بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان قوشما سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ ئالماشلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

ھېچ — "بىرمۇ" ياكى "ھەرقانداق بىر" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچ كىشى يوق.

ھېچ تەرەپكە ماڭغىلى بولمايدۇ.

ھېچكىم — "ھەرقانداق بىر ئادەم" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچكىم كەلمىدى.



ھېچنېمە — "ھەرقانداق بىر نەرسە" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچنېمە كەم ئەمەس.

ھېچقانداق — "ھەرقانداق بىر خىلدىكى" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقانداق قىيىنچىلىقىمىز يوق.

ھېچقايسى — "ھەرقانداق بىر" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقايسى ئۆي بىكار ئەمەس.

ھېچقاچان — "ھەرقانداق ۋاقىتتا" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان ئىش.

ھېچقانچە — كۆپرەك سان-مىقدار ياكى كۈچلۈكرەك دەرىجىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقانچە ئادەم يوق.

ھېچقانچە يىراق ئەمەس.

ھېچنە — "ھەرقانداق بىر يەر" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ھېچنەگە بارمىدىم.

ھېچقەيەر — "ھېچنە" بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن:

بۈگۈن ھېچقايەرگە بارمىدىم.

ھېچقاياق — "ھەرقانداق بىر تەرەپ" ياكى "ھەرقانداق بىر" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقاياققا بۇرالماي، ئۇدۇل ماڭ.

بۈگۈن ھېچقاياققا بارمىدىم.

ھېچبىر — "ھېچقايسى" بىلەن مەنىداش. مەسىلەن:

ھېچبىر ئۆي بىكار ئەمەس.

ھېچ نەرسە — "ھېچنىمە" بىلەن مەنىداش. مەسىلەن:

ھېچ نەرسەم كەم ئەمەس.

**2.9.8.** بولۇشسىزلىق ئالماشلىرىنى ئۇلارنىڭ گىراماتىك خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئىسىم ئالماشلىرى، سۈپەت ئالماشلىرى، سان-مىقدار ئالماشلىرى، رەۋىش ئالماشلىرى دېگەن تۆرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) "ھېچكىم"، "ھېچنىمە"، "ھېچ نەرسە"، "ھېچنە"، "ھېچقەيەر"، "ھېچقاياق" ئالماشلىرى ئىسىم ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ، كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە بەزى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ھېچكىم كەلمىدى. ھېچكىمنىڭ لۇغىتى يوق. ھېچكىمگە ئېيتما.

ھېچكىمنى كۆرمىدىم. ھېچكىمدىن سورىمىدىم.

ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدىم. ھېچنىمە يېتمىدى.

ھېچنىمىنىڭ تايىنى يوق. ھېچنىمىگە ھاجىتىم يوق.

ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ. ھېچنەنى كۆرمىدىم. ھېچنەدىن تاپالمىدىم......

2) "ھېچقانداق"، "ھېچقايسى"، "ھېچبىر" ئالماشلىرى سۈپەت ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقانداق ئادەم، ھېچقانداق ئىش، ھېچقانداق ۋاقىت،

ھېچقايسى ئۆي، ھېچقايسى دەرس، ھېچقايسى مۇئەللىم،

ھېچبىر يەر، ھېچبىر ئادەم، ھېچبىر كىتاب.

"ھېچقانداق" ئالمىشى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى



بىلەن بىرىكىپ (I شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرىكىدۇ)، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم شەيئىنىڭ ھەرقانداق بىرىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ (كۆپىنچە III شەخس شەكلى قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

ئۇ شاھماتقا ئۇستا، ھېچقاندىقىڭلار تەڭ كېلەلمەيسىلەر.

ئۇ شاھماتقا ئۇستا، ھېچقاندىقىمىز تەڭ كېلەلمەيمىز.

ھەر تۈرلۈك ئاياغلارنى كۆرسەتتىم، ھېچقاندىقىنى ياراتمىدى.

"ھېچقايسى، ھېچبىر" ئالماشلىرى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ (I شەخستە پەقەت كۆپلۈك شەكلى بىلەن بىرىكىدۇ)، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ بىرىنىڭمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ھېچقايسىمىز (ھېچبىرىمىز) بارمايمىز.

ھېچقايسىمىزنىڭ (ھېچبىرىمىز)لۇغىتى يوق.

ھېچقايسىڭلارغا( ھېچبىرىڭلارغا )ياردەم بېرەلمىدىم.

ھېچقايسىڭلارنى (ھېچبىرىڭلارنى ) كۆرمىدىم.

ھېچقايسىنى (ھېچبىرىنى ) ياراتمىدى.

بۇ شەكىللەر ئىگىلىك كېلىشتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئېنىقلانغۇچى ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكلى ئادەتتە بىردەك III شەخستە بولىدۇ، بىراق ئالماشنىڭكى بىلەن ئوخشاش شەخستە بولسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

— ھېچقايسىڭلارنىڭ ( ھېچبىرىڭلارنىڭ ) لۇغىتى ( لۇغىتىڭلار) يوقمۇ؟

— ھەئە، ھېچقايسىمىزنىڭ ( ھېچبىرىمىزنىڭ ) لۇغىتى (لۇغىتىمىز) يوق.

ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ( ھېچبىرىنىڭ ) لوغىتى يوق ئىكەن.

3) "ھېچقانچە" ئالمىشى سان-مىقدار ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاسىتە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. سۈپەت، پېئىللارغا بىۋاسىتە ھالەت بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقانچە ۋاقىت ( بولمىدى )، ھېچقانچە ئادەم ( يوق )،

ھېچقانچە ئېگىز ( ئەمەس )، ھېچقانچە بىلمەيدىكەن.

4) "ھېچقاچان" ئالمىشى رەۋىش ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، پېئىللارغا بىۋاسىتە بېقىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېچقاچان يادىمدىن چىقمايدۇ.

مەن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولمىغان.

## 10.8. ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى

**1.10.8.** ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سۆزلىگۈچىگە ئېنىقسىز بولغان مەلۇم بىر شەيئى، مەلۇم بىر بەلگە، مەلۇم سان-مىقدار، مەلۇم ۋاقىت قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى سوئال ئالماشلىرىنىڭ كەينىگە "-دۇ//-دۇر" قوشۇمچىسىنى قوشۇش ياكى ئالدىغا "ئاللا" قوشۇمچىسىنى قوشۇشتەك ئىككى خىل يول بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ ئالماشلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ مەنىسى تۆۋەندىكىچە:

كىمدۇ — كىملىكى ئېنىقسىز بىر ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە كەينىدىن يەنە "بىرى" ياكى "بىرسى" سۆزى كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىمدۇ ئېرىقى بۇلۇڭدىن لوقما تاشلىدى. ( ق. تۇردى )

...كىمدۇ بىرى ئىشىكنى چەكتى.

...كىمدۇر بىرسى دۇتارنى كونا خەلق ئاھاڭلىرىغا چېلىپ، يىقىملىق ناخشا كۈيلەشكە باشلىدى.



نېمىدۇ — نېمىلىكى ئېنىقسىز بىر نەرسىنى بىلدۈرىدۇ، كەينىدىن يەنە "بىر نېمە" ياكى "بىر نەرسە" سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

سېلىم ئاكا...ئىشىك تەرەپتىكى كاتتىن ( كارىۋاتتىن ) نېمىندۇ ئېلىپ بىلىگە تۈگدى. ( ق. تۇردى )

كۆزۈمگە نېمىدۇ بىرنەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى.

قانداقتۇر — ئېنىقسىز بىر بەلگىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئالماشتىن كېيىن دائىم دېگۈدەك يەنە "بىر" سۆزى كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئەترەت ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە قانداقتۇر بىر جەدۋەللەرنى سىزىپ ئولتۇرغان 18-19 ياشلاردىكى كاتىپ يىگىت مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ( ئە. ھاشىم )

مېھرىبان ئالىمنى ئىزدەپ ياتىقىغا كىرسە، ئالىم پۈتۈن دىققىتى بىلەن قانداقتۇر بىر كىتابنى ئوقۇۋېتىپتۇ. ( پ. جېلىل )

قايسىدۇ — "قايسىبىرى ئىكەنلىكى ئېنىقسىز" دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. كەينىدىن يەنە "بىر" سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

قايسىدۇ بىر ئۆيدىن بىر ئادەم چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

قاچاندۇ — ئېنىقسىز بىر ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. كەينىدىن يەنە "بىر چاغدا" سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن بۇ ئادەمنى قاچاندۇ بىر كۆرگەنىدىم.

قاچاندۇ بىر چاغدا مەن ئۇ يەرگە بىر بارغان.

نەدۇ//قەيەردۇ — قەيەرلىكى ئېنىقسىز بىر جاينى بىلدۈرىدۇ، كەينىدىن يەنە "بىر يەر" سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەجابا، بۇ چىراينى قەيەردىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن...

ئۇ نەدۇ بىر يەرگە كېتىپتۇ.

قاياقتۇ — ئېنىقسىز بىر تەرەپ ياكى بىر جاينى بىلدۈرىدۇ، كەينىدىن يەنە "بىر ياق" سۆزى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ قاياققىدۇ كېتىپ قالغان ئىدى.

ئۇ قاياققىدۇ بىر ياققا كېتىپ قالغان ئىدى.

نېمىشقىدۇ — ئېنىقسىز بىر سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

نېمىشقىدۇ بۇ ئادەمنى كۆرسەملا ھاياجانلىنىپ كېتىمەن.

ئاللىكىم — "كىمدۇ" بىلەن مەنىداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە "نەدىكى تونۇمايدىغان بىر ئادەم" مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ... مانا شۇ پايانسىز چۆل ئىچىدىن ئاللىكىمنى ئىزدەۋاتقاندەك، يىراق - يىراقلارغا خېلىغىچە قاراپ قۇيااتتى. (ق. تۇردى)

ئاللىكىملەردىن دەككە يەپ كېلىپ، بىزگە نېمە ھۆركىرەيسەن؟

ئاللىنېمە — "نېمىدۇ" بىلەن مەنىداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە "غەلىتە بىر نەرسە" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ئاللىنېمىلەرنى دېيىشكىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى.

خىيالىمغا ئاللىنېمىلەر كەلگىلى تۇردى.

ئاللىقانداق — "قانداقتۇر" بىلەن مەنىداش قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يەنە "غەلىتە" مەنىسىدىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ... ئۆزىمۇ تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن ئاللىقانداق بىر خىل ئىللىق سېزىمنىڭ پەيدا بولغىنىنى سەزدى...

كاللامغا ئاللىقانداق خىياللار كەلگىلى تۇردى.

ئاللىقاياق — "ئېنىقسىز يىراق بىر يەر" مەنىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

...شۇ سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق ئىپادىسىدىمۇ بىردەملىككە ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.



ئۇ بىچارە ھازىر ئاللىقاياقلاردا يۈرگەندۇ.

**2.10.8.** ئېنىقسىزلىق ئالماشلىرى ئۆزىنىڭ گراماتىك خۇسۇسىيىتى بويىچە ئىسىم ئالمىشى، سۈپەت ئالمىشى ۋە رەۋىش ئالمىشىغا بۆلۈنىدۇ.

1) "كىمدۇ"، "نېمىدۇ"، "نەدۇ"، "قايەردۇ"، "قاياقتۇ"، "ئاللىنېمە"، "ئاللىقاياق" ئالماشلىرى ئىسىم ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا ئوخشاش سان كاتېگورىيىسى ۋە كېلىش كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرلىنىدۇ ۋە تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ (يۇقىرىدىكى مىساللارغا قاراڭلار).

"-دۇ" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ياسالغانلىرىغا قوشۇمچە قوشۇشقا توغرا كەلگەندە، قوشۇمچىلار "-دۇ" نىڭ ئالدىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

كىملەردۇ، نېمىلەرنىدۇ، كىمنىڭدۇ، نەگىدۇ، قاياققىدۇ.

ئەگەر ئالماشلاردىن كېيىن "بىرى (بىرسى)"، "بىر نېمە"، "بىر يەر"، "بىر ياق" قاتارلىق ئىبارىلەر كەلسە، قوشۇمچىلار ھەر ئىككىسىگە قوشۇلىسىمۇ، ياڭغۇز كېيىنكى ئىبارىگە قوشۇلىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

كىمنىڭدۇ بىرسىنىڭ//كىمدۇ بىرسىنىڭ.

نەگىدۇ بىر يەرگە//نەدۇ بىر يەرگە.

قاياقتىندۇ بىر ياقتىن//قاياقتۇر بىر ياقتىن.

بۇ ئالماشلارنىڭ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. مەسىلەن:

كىم بىلەندۇ، نېمە توغرۇلۇقتۇ، قايەر ئارقىلىقتۇ، كىم بىلەندۇ بىرسى بىلەن//كىمدۇ بىرسى بىلەن، نېمە توغرۇلۇقتۇ بىر نەرسە توغرۇلۇق//نېمىدۇ بىر نەرسە توغرۇلۇق، قايەر ئارقىلىقتۇ بىر يەر ئارقىلىق//قايەردۇ بىر يەر ئارقىلىق.

2) "قانداقتۇر"، "قايسدۇ"، "ئاللىقانداق" ئالماشلىرى سۈپەت ئالمىشىغا تەۋە بولۇپ، ئىسىملارغا بىۋاستە بېقىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قانداقتۇر بىر كىتاب، قايسدۇ بىر ئۆي، ئاللىقانداق خەتلەر.

"قايسدۇ" ئالمىشى ئىسىمنىڭ كۆپلۈك تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىم ئالمىشىلىق خۇسۇسىيەتكە ئېرىشىدۇ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ئېنىقسىز بىرىنى ئىپادىلەپ، ئىسىم رولىدا كېلىدۇ (تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى "-دۇ" قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىدا بولىدۇ). مەسىلەن:

قايسىمىزدۇر، قايسىڭلاردۇ، قايسىسىدۇ.

بۇ شەكىللەردىن كېيىن هامان "بىرىمىز"، "بىرىڭلار"، "بىرى (بىرسى)" سۆزلىرى كېلىدۇ. مەسىلەن:

قايسىمىزدۇ بىرىمىز، قايسىڭلاردۇ بىرىڭلار، قايسىدۇ بىرى.

بۇ شەكىللەرنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى ياكى تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىدىكى "كىمدۇ" قاتارلىق ئالماشلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

قايسىمىزنىڭدۇ بىرىمىزنىڭ//قايسىمىزدۇ بىرىمىزنىڭ

قايسىڭلارغىدۇ بىرىڭلارغا//قايسىڭلاردۇ بىرىڭلارغا

قايسىدىندۇ بىرىدىن//قايسىدۇ بىرىدىن

قايسىڭلار توغرۇلۇقتۇ بىرىڭلار توغرۇلۇق//قايسىڭلاردۇ بىرىڭلار توغرۇلۇق

3) "قاچاندۇ"، "نېمىشقىدۇ" ئالماشلىرى رەۋىش ئالماشلىرىغا تەۋە بولۇپ پېئىللارغا بىۋاستە بېقىنىپ هالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قاچاندۇ بىر بارغان يادىمدا.

نېمىشقىدۇ كەلمىدى.



# توققۇزىنچى باب
# پېئىل توغرۇلۇق ئومۇمىي چۈشەنچە

## 9.1. پېئىلنىڭ مەنىسى

پېئىل شەيئىلەرنىڭ هەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى. بۇ يەردىكى "هەرىكەت" سۆزى كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان گراماتىك ئاتالغۇ بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئىش-هەرىكىتى، هالىتى، ئۆزگىرىشى، ئىپادىسى، سېزىمى قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ-*، ئىشلە-، ياز-، تۇر-، ئۇخلا-، ئازاي-،

سەمرى-، گۈللەن-، ۋارقىرا-، جاراڭلا-، هۆرمەتلە-،

سۆي-، كۆر-، توي-......

## 9.2. پېئىلنىڭ تۈرى

### 9.2.1. تۈپ پېئىل، ياسالما پېئىل ۋە قوشما پېئىل

پېئىللار تۈزۈلۈشىگە قاراپ، تۈپ پېئىل، ياسالما پېئىل ۋە قوشما پېئىل دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئەسلىي ئۆزىكىنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان پېئىللار تۈپ پېئىلغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

ماڭ-، تۇر-، كۈل-، ئۇچ-، سەكرە-......

* ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ئۆزىكى پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى II شەخس شەكلى بىلەن ئاهاڭداش كېلىدۇ. بىز يېزىقتا ئاخىرىغا سىزىقچە قويۇش يولى بىلەن پېئىل ئۆزىكىنى كۆرسىتىمىز.

**2)** سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان پېئىللار ياسالما پېئىلغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسالما پېئىللار تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ.

**(1) ـ لا// ـ لە**

بۇ قوشۇمچە بىرىنچىدىن، بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ئومۇمەن مەلۇم شەيئىنى شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئىگە قىلىش، شۇ شەيئىگە ئايلاندۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ياكى مەلۇم شەيئىنىڭ شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئايلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تەقدىرلە – ( تەقدىر + لە )، تەربىيلە – ( تەربىيە + لە )،

لايىھىلە – ( لايىھە + لە )، داۋالا – ( داۋا + لا )، مۇزلا – ( مۇز + لا )، گۈللە – ( گۈل + لە )…

ئىككىنچىدىن، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئەسۋاب بويىچە ئۆلچەش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

جىڭلا – ( جىڭ + لا )، مېترلا – ( مېتر + لا )، غۇلاچلا – ( غۇلاچ + لا )، كەملە – ( كەم + لە )

ئۈچىنچىدىن، بىر قىسىم سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، مەلۇم شەيئىنى شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ياكى مەلۇم شەيئىنىڭ شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تۈزلە – ( تۈز + لە )، ياخشىلا – ( ياخشى + لا )، كىچىكلە – ( كىچىك + لە )، سالقىنلا – ( سالقىن + لا )……

**(2) ـ لاش// ـ لەش**

بۇ قوشۇمچە بىرىنچىدىن، بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ،



شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنى ھاسىل قىلىش ياكى ئومۇمىيۈزلۈك شۇ شەيئى ئاساسىغا ئۆتۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاخىرلاش – ( ئاخىر + لاش )، داۋاملاش – ( داۋام + لاش )،

سانائەتلەش – ( سانائەت + لەش )، ماشىنىلاش – ( ماشىنا + لاش )،

پاراڭلاش – ( پاراڭ + لاش )، سالاملاش – ( سالام + لاش )……

ئىككىنچىدىن، بىر قىسىم سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قاراڭغۇلاش – ( قاراڭغۇ + لاش )، قانۇنىيلاش – ( قانۇنىي + لاش )،

ئېغىرلاش – ( ئېغىر + لاش )، چىرىكلەش – ( چىرىك + لەش )……

**(3) ـ لان// ـ لەن**

بۇ قوشۇمچە بىرىنچىدىن، بىر قىسىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە ئىگە بولۇش ياكى شۇ شەيئىنى كۆرسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قورallan – ( قورال + لان )، ئادەتلەن – ( ئادەت + لەن )، غەزەپلەن – ( غەزەپ + لەن )، ئىلھاملان – ( ئىلھام + لان )……

ئىككىنچىدىن، يوقلۇق ياكى كەملىكنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى ھېس قىلىش ياكى نامايان قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ماغدۇرسىزلان – ( ماغدۇرسىز + لان )، ئۈمىدسىزلەن – ( ئۈمىدسىز + لەن )، روھسىزلان – ( روھسىز + لان )……

**(4) ـ ا// ـ ە**

بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا ياكى بەزى سۈپەتلەرگە

قوشۇلۇپ، مەلۇم شەيئى ياكى بەلگىنى بارلىققا كەلتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سانا- ( سان +ا ) ، قانا- ( قان +ا ) ، ئاتا- ( ئات -ا ) ، ئۈينا-
( ئويۇن +ا ) ، تۈزە- ( تۈز+ە ) ، يوقا- ( يوق +ا ) ...

**(5) -سىرا// -سىرە**

بۇ قوشۇمچە بەزى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى كېمىيىپ كېتىش ياكى شۇ شەيئىنى تەلەپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قانسىرا- ( قان + سىرا ) ، ھالسىرا- ( ھال + سىرا ) ، ئۇيقۇسىرا-
( ئۇيقۇ + سىرا ) ، ئەرسىرە- ( ئەر+ سىرە ) ...

**(6) -اي// -ەي// -ي**

بۇ قوشۇمچە بەزى سۈپەت، ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، مەلۇم بەلگە ياكى شەيئىگە ئىگە بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

زوراي- ( زور+ اي ) ، ئازاي- ( ئاز+ اي ) ، پەسەي-
( پەس + ەي ) ، قاراي- ( قارا+ ي ) ، كۈچەي- ( كۈچ + ەي ) ،
مۆكاي- ( مۆك + اي ) ...

**(7) -ار// -ەر// -ر**

بۇ قوشۇمچە بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئاقار- ( ئاق + ار ) ، ياشار- ( ياش + ار ) ، كۆكەر- ( كۆك + ەر ) ،
قىسقار- ( قىسقا+ ر ) ...

**(8) -ى**

بۇ قوشۇمچە بەزى سۈپەتلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۈپەت



ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە بولۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

كېمى- ( كەم+ ى ) ، بېيى- ( باي + ي ) ، تىنچى- ( تىنچ + ى ) ،
بېكى- ( بەك- ى ) ...

**(9) -دا// -دە**

بۇ قوشۇمچە ئايرىم ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، ھەرخىل مەنىدىكى پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

ئورۇندا- ( ئورۇن + دا ) ، ئىزدە- ( ئىز+ دە ) ، ئۈندە- ( ئۈن+ دە ) ،
خاڭدا- ( خاڭ + دا ) ...

**(10) -شتۇر// -شتۇر// -ىشتۇر// -ىشتۇر**

بۇ قوشۇمچە بەزى پېئىل ئۆزەكلىرىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئەپلەپ- سەپلەپ ئورۇنلاش، قولنىڭ ئۇچىدىلا ئورۇنلاش، تەكرارلاپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكۈزۈش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

سىلاشتۇر- ( سىلا- + شتۇر ) ، يىغىشتۇر- ( يىغ - + شتۇر ) ،
تۈزەشتۈر- ( تۈزە- + شتۈر ) ، يۆمەشتۈر- ( يۆمە- + شتۈر ) ...

**(11)** تۆۋەندىكى پېئىللارمۇ ياسالما پېئىللارغا كىرىدۇ. بىراق بۇ پېئىللارنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىنتايىن ئۈنۈمسىز. مەسىلەن:

كۆلۈمسىرە- ( كۈل- + ۈمسىرە ) ، سۇغار- ( سۇ + غار ) ، باشقۇر-
( باش + قۇر ) ، يولۇق- ( يول + ۇق ) ، كېچىك- ( كەچ + ىك ) ،
ياشنا- ( ياش + نا ) ، تەڭشە- ( تەڭ + شە ) ، چىڭقىل-
( چىڭ + قىل ) ، كەمسىت- ( كەم + سىت ) ، جىمىق-
( جىم + ىق ) ...

**(12)** ئۇيغۇر تىلىدا تەقلىد سۆزلەر ناھايىتى كۆپ

قوللىنىلىدۇ. بۇ تەقلىد سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن پېئىلغا ئايلىنالايدۇ. بۇ ھەقتە "تەقلىد سۆزلەر" بابىدا توختىلىمىز.

**(13)** پېئىلنىڭ ئەسلىي دەرىجىدىن باشقا دەرىجە شەكىللىرىنى پېئىل ئاساسىدا ياسالغان ياسالما پېئىللار دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى سۆزلىگەندە تونۇشتۇرىمىز.

3) ئىككى سۆزنىڭ تاۋۇش جەھەتتىن ياكى مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بىر لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار قوشما پېئىللارغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەپچىقار-، قارشى ئال-، قارشى تۇر-، تارمار بول-، تارمار قىل-، چارە كۆر-

### 9.2.2. ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار

پېئىللار تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلىش-قىلماسلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، ئۆتۈملۈك پېئىل ۋە ئۆتۈمسىز پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار ئۆتۈملۈك پېئىل دېيىلىدۇ. بۇنداق پېئىللار ھەم دائىم ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە ياكى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدە ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

خەتنى ياز-، دۇتارنى چال-، كىتابنى ئوقۇ-، تاماقنى يە-، ۋەتەننى سۆي-......

باشقا پېئىللار ئۆتۈمسىز پېئىل دېيىلىدۇ. مەسىلەن:



ماڭ-، ئولتۇر-، يۈگۈر-، كەل-، مەغرۇرلان-...

بەزى ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ تولدۇرغۇچىسى چۈشۈم كېلىش شەكلىدە بولۇشىمۇ، يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاتنى مىن- ~ ئاتقا مىن-
سۆزۈڭنى چۈشەنمىدىم ~ سۆزۈڭگە چۈشەنمىدىم
ئەخمەتنى ئەگەش- ~ ئەخمەتكە ئەگەش-

بەزى پېئىللار بەزىدە ئۆتۈملۈك مەنىدە كەلسە، بەزىدە ئۆتۈمسىز مەنىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

| ئۆتۈملۈك | ئۆتۈمسىز |
| --- | --- |
| توپنى ئوينا- | مەيداندا ئوينا- |
| گېزىتنى ئوقۇ- | مەكتەپتە ئوقۇ- |
| تاپشۇرۇقنى ئىشلە- | زاۋۇتتا ئىشلە- |

### 9.2.3. ھەرىكەت پېئىللىرى ۋە ھالەت پېئىللىرى

پېئىللار مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ھەرىكەت پېئىللىرى ۋە ھالەت پېئىللىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ھەرىكەت پېئىللىرى مەلۇم ھەرىكەت پاكىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، "يازدىم" دېسەك، "ياز-" ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. "بارىسەن" دېسەك، "بار-" ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مانا مۇشۇ "ياز-"، "بار-" پېئىللىرى ھەرىكەت پېئىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھەرىكەت پېئىللىرىغا كىرىدۇ.

ھالەت پېئىللىرى مەلۇم ھەرىكەت پاكىتىنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، "ئەخمەت ھازىر سىنىپتا ئولتۇرىدۇ" دېسەك، بۇ يەردە "ئولتۇر-" ھەرىكىتىنىڭ

بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى “ئولتۇر-” ھەرىكىتى بارلىققا كەلگەن ھالەتنىڭ ئىزچىل مەۋجۇتلۇقى ئىپادىلىنىدۇ. مانا مۇشۇ “ئولتۇر-” پېئىلى ھالەت پېئىلى ھسابلىنىدۇ. دېمەك، ھالەت پېئىللىرى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئاساسىدا ئىزچىل تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللاردۇر.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھالەت پېئىللىرى ئايرىم بىر بىرلىك سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بەزى ھەرىكەت پېئىللىرىنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا ھالەت پېئىلى رولىدا كېلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەت پېئىللىرىنىڭ ھالەت پېئىلى رولىدا كەلگەنلىكى كونتېكىست ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: “ئەخمەت كەلسە، ماۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ” دېسەك، بۇ يەردە “ئولتۇر-” ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردىكى “ئولتۇر-” پېئىلى ھەرىكەت پېئىلى ھېسابلىنىدۇ؛ “ئەخمەت ھازىر سىنىپتا ئولتۇرىدۇ” دېسەك، بۇ يەردە “ئولتۇر-” ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ئىزچىل ھالىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردىكى “ئولتۇر-” پېئىلى ھالەت پېئىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا “ئولتۇر-”، “يات-”، “تۇر-”، “يۇر-” پېئىللىرىلا بەلگىلىك شارائىتتا ھالەت پېئىلى بولۇپ كېلىدۇ.

## 4.2.9. مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىللار

پېئىللار ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىش-كېلەلمەسلىكىگە قاراپ مۇستەقىل پېئىل ۋە ياردەمچى پېئىل دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدىغان پېئىللار مۇستەقىل پېئىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، “ئەخمەت كەلدى” دېگەن جۈملىدە “كەل-” پېئىلى خەۋەر بولۇپ كەلگەن؛ “تىرىشىپ



ئوقۇيمەن” دېگەن جۈملىدە، “تىرىش-” پېئىلى ھالەت بولۇپ كەلگەن: “گۈللەنگەن شىنجاڭ” دېگەن ئىبارىدە “گۈللەن-” پېئىلى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇ پېئىللار مۇستەقىل پېئىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇستەقىل پېئىلغا كىرىدۇ.

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ گىراماتىك مەنە بىلدۈرىدىغان پېئىللار ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، “مەن ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە ئىدىم” دېگەن جۈملىدە، “ئىدىم” پېئىلى “ئۈرۈمچىدە” دېگەن ئىسىم بىلەن بىرلىكتە خەۋەر بولۇپ كېلىپ، ۋاستىسىز ھۆكۈم، ئۆتكەن زامان، I شەخس بىرلىك قاتارلىق گىراماتىك مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ “ئادەم بول-”، “قىزىل قىل-” دېگەن قۇرۇلمىلاردا “بول-”، “قىل-” پېئىللىرى ئۆزى بىرىككەن ئىسىم ياكى سۈپەتنى پېئىل شەكلىگە كىرگۈزۈش رولىدا كەلگەن؛ “ھاۋا ئىسسىپ كەتتى”، “سائەت توشۇپ قالدى”، “باللار ئويناپ يۈرىدۇ” دېگەن جۈملىلەردە، “كەت-”، “قال-”، “يۈر-” پېئىللىرى پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، كۈچەيگەنلىك، تۇيۇقسىزلىق، ئىزچىللىق قاتارلىق تۇس مەنىلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مانا مۇشۇ “ئىدىم”، “بول-”، “قىل-”، “كەت-”، “قال-”، “يۈر-” پېئىللىرى ياردەمچى پېئىل ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللارنى رولىغا قاراپ تۇس ياردەمچىلىرى ۋە باغلامچىلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1.4.2.9. تۇس ياردەمچىلىرى

تۇس ياردەمچىلىرى ئاساسەن پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ تۇسلۇق ئۆزەك شەكىللىرىنى

ھاسىل قىلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تۇس ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۇس ياردەمچىلىرى ئاساسەن بىر قىسىم مۇستەقىل پېئىللارنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ياكى گراماتىكىلىق رولىنى ئۆزگەرتىپ، تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئىسسىپ كەت-"، "توشۇپ قال-"، "يېزىپ باق-" قۇرۇلمىلىرىدا "كەت-"، "قال-"، "باق-" پېئىللىرى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، تۇس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە تۆۋەندىكى پېئىللار تۇس ياردەمچىسى رولىدا كېلىدۇ.

ئال-، بەر-، باق-، كۆر-، باشلا-، قال-، قوي-، كەت-، تاشلا-، بول-، چىق-، كەل-، ئۆت-، يات-، ئولتۇر-، يۈر-، تۇر-.

بەزى تۇس ياردەمچىلىرىنىڭ رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە مەخسۇس تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان بىرقانچە قوشۇمچە بارلىققا كەلگەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

— "-ۋات-// -يۋات-// -ۋۇات-// -ۋات-". بۇ قوشۇمچە تۇس ياردەمچىسى "يات-" نىڭ چېتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، ئىزچىل تۇس ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

— "-لا-// -لە-( -يالا-// -يەلە-)// -الا-// -ەلە-". بۇ قوشۇمچە تۇس ياردەمچىسى "ئال-" نىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش



قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ ئىمكان تۇس ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

— "-ۋەر-// -يۋەر-". بۇ قوشۇمچە تۇس ياردەمچىسى "بەر-" نىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، چەكلىمىسىز تۇس ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ.

— "-ۋەت-// -يۋەت-// -ۋۇەت-// -ۋەت-". بۇ قوشۇمچە تۇس ياردەمچىسى "ئەۋەت-" نىڭ چېتىلما رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، كۈچەيگەنلىك، كەسكىنلىك تۇسلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

— "-ۋال-// -يۋال-// -ۋۇال-// -ۋال-". بۇ قوشۇمچە تۇس ياردەمچىسى "ئال-" نىڭ چېتىلما رەۋىشداش بىلەن قوشۇلۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، پېئىل ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ، سوبيېكتقا يۆنەلگەنلىك تۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

### 2.4.2.9. باغلامچىلار

باغلامچىلار تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن باغلايدىغان ياردەمچى پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

باغلامچىلارنى ئۇلارنىڭ رولى ۋە شەكلىگە قاراپ، تولۇق باغلامچىلار ۋە تولۇقسىز باغلامچىلار دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

تولۇق باغلامچىلار بىرىنچىدىن، تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق

ئۇلارنى پېئىللىڭ ھەممە ياكى بىرمۇنچە گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ (مەسىلەن: مۇئەللىم بول-، چىرايلىق بول-، بەش بول-، ئەسكەر قىل-، ياخشى قىل-، بەش قىل-)، ئىككىنچىدىن پېئىلنىڭ سۈپەتداش ۋە بەزى ئىسىمداش شەكىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرىنى ياسايدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى پېئىلنىڭ باشقا گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ (مەسىلەن: يازغان بول-، يازىدىغان بول-، يېزىۋاتقان بول-، يازماقچى بول-، يازغان قىل-، يازىدىغان قىل-، يازغاندەك بول-، يېزىۋاتقاندەك قىل-، يازغۇدەك بول-).

ئۇيغۇر تىلىدا "بول-، قىل-، تۇر-، كەل-، ھېسابلا-، ھېسابلان-، چىق-، كۆر-، چاغلا-" قاتارلىق پېئىللار بەلگىلىك شارائىتتا تولۇق باغلامچى رولىدا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە "بول-" بىلەن "قىل-" بۇ رولدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

تولۇقسىز باغلامچىلار مەلۇم بىر ئۆزەك ئاساسىدا تۈرلەنمەستىن، بەلكى بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالغان ياردەمچى پېئىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر تۇتاش ئۆزەك شەكلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلىرى پېئىلغا ئەمەس، بەلكى قوشۇمچىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

تولۇقسىز باغلامچىلار بىرىنچىدىن، تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل مەيل، زامان ۋە شەخسكە خاس خەۋەر شەكىللىرىنى، بولۇشسىز شەكىللىرىنى ۋە ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكىللىرىنى ياسايدۇ (مەسىلەن: ئوقۇغۇچىمەن، ئوقۇغۇچى ئىدىم، ئوقۇغۇچىسەن، ئوقۇغۇچى ئىدىڭ، ئېگىز ئىكەنسىز، يىراق ئىمىش، ئاز ئوخشايدۇ، ئىككىنچى دېمەك، مەن ئەمەس، قىيىن ئىكەنلىك...)، ئىككىنچىدىن، پېئىلنىڭ بىرمۇنچە ھال-زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ (مەسىلەن: يازغانمەن، يازغانىدىم، يېزىۋەتكەن،



يازاتتىڭ، يازماقچىمەن، يازماقچىدىم، يازماقچىكەن).

تولۇقسىز باغلامچىلارنى ئۇلارنىڭ گراماتىكىلىق رولىغا قاراپ، ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى، ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى، ئاگاھلاندۇرما ھۆكۈم باغلامچىسى، سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى، ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى، بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ۋە ئىسىمداش ھۆكۈم باغلامچىسى دېگەن يەتتە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئالدىنقى بەش تۈرى ھامان شەخس بىلەن باغلىنىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ شەخسلىك ھۆكۈم باغلامچىلىرى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ؛ كېيىنكى ئىككى تۈرى شەخس بىلەن باغلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى شەخسسىز ھۆكۈم باغلامچىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

بىز تۆۋەندە تولۇقسىز باغلامچىلارنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى ئاساسەن شەكىل جەھەتتىن تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. ئۇلارنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى بولسا مۇناسىۋەتلىك بابلاردا چۈشەندۈرىمىز.

**1) ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ باغلامچى زامان ۋە شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ:

| شەخس / زامان | | ھازىرقى زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | -مەن | ئىدىم |
| | كۆپلۈك تۈرى | -مىز | ئىدۇق |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | -سەن | ئىدىڭ |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | -سىز | ئىدىڭىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | -لا | ئىدىلە |
| | كۆپلۈك تۈرى | -سىلەر | ئىدىڭلار |
| III شەخس تۈرى | | -دۇر// -تۇر | ئىدى |

ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكىللىرى كۆرۈنۈشتە شەخس قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بىراق، ئۇلار ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قەدىمكى ھازىرقى زامان شەكىللىرى بولغان "تۇرۇرمەن > دۇرۇرمەن > دۇرمەن"، "تۇرۇرمىز > دۇرۇرمىز > دۇرمىز"، "تۇرۇرسەن > دۇرۇرسەن > دۇرسەن"، "تۇرۇر > دۇرۇر > دۇر" ياكى "ئېرۇرمەن"، "ئېرۇرمىز"، "ئېرۇرسەن"... شەكىللىرىنىڭ قىسقارغان تۈرى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە باشقا ھۆكۈم باغلامچىلىرى بىلەن ئىزچىل نۆۋەتلىشىپ، ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زمان شەكلىگە خاس گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن يەنىلا ياردەمچى پېئىل ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ II شەخس ھۆرمەت تۈرىدىكى ھازىرقى زامان شەكلى "-لا" پەقەت پېئىلنىڭ ھال-زامان شەكىللىرىنى ياساشتىلا قوللىنىلىدۇ.

**2) ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ باغلامچى شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ.

| I شەخس | | II شەخس | | | | III شەخس تۈرى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بىرلىك تۈرى | كۆپلۈك تۈرى | بىرلىك ئاددىي تۈرى | بىرلىك سىپايە تۈرى | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | كۆپلۈك تۈرى | |
| ئىكەنمەن | ئىكەنمىز | ئىكەنسەن | ئىكەنسىز | ئىكەنلا | ئىكەنسىلەر | ئىكەن |

دېمەك، ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى ئاساسەن زامان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. بەزىدە پەقەت III شەخس شەكلىنىڭلا "ئىكەندۇق" شەكلىدىكى ئۆتكەن زامان شەكلى ئۇچراپ قالىدۇ.



**3) ئاگاھلاندۇرۇش ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ باغلامچى زامان ۋە شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ.

| شەخس \ زامان | | ھازىرقى زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | -دەكمەن (ئىمىشمەن) | ئىكەنمىشمەن (ئىكەنمەنمىش) |
| | كۆپلۈك تۈرى | -دەكمىز (ئىمىشمىز) | ئىكەنمىشمىز (ئىكەنمىزمىش) |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | -دەكسەن (ئىمىشسەن) | ئىكەنمىشسەن (ئىكەنسەنمىش) |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | -دەكسىز (ئىمىشسىز) | ئىكەنمىشسىز (ئىكەنسىزمىش) |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | -دەكلا (ئىمىشلا) | ئىكەنمىشلا (ئىكەنلامىش) |
| | كۆپلۈك تۈرى | -دەكسىلەر (ئىمىشسىلەر) | ئىكەنمىشسىلەر (ئىكەنسىلەرمىش) |
| III شەخس | | -دەك (ئىمىش) | ئىكەنمىش |

**4) سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى.** بۇ باغلامچى زامان ۋە شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ.

| شەخس \ زامان | | ھازىرقى زامان | ئۆتكەن زامان |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | -دۇرمەن (-دىمەن) | بولغىدىم (ئىدىمغۇ دەيمەن) |
| | كۆپلۈك تۈرى | -دۇرمىز (-دىمىز) | بولغىدۇق (ئىدۇقغۇ دەيمەن) |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | -دۇرسەن (-دىسەن) | بولغىدىڭ (ئىدىڭغۇ دەيمەن) |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | -دۇرسىز | بولغىدىڭىز (ئىدىڭىزغۇ دەيمەن) |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | -دۇرلا (-دىلا) | بولغىدىلا (ئىدىلاغۇ دەيمەن) |
| | كۆپلۈك تۈرى | -دۇرسىلەر | بولغىدىڭلار (ئىدىڭلارغۇ دەيمەن) |
| III شەخس | | -دۇر (-دۇ) | بولغىدى (ئىدىغۇ دەيمەن) |

5) ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسى. بۇ باغلامچى شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، تۆۋەندىكى شەكىللەردە كېلىدۇ.

| شەخس تۈرى | | شەكىللىرى |
| --- | --- | --- |
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | ئوخشايمەن (بولسام كېرەك//چىغىمبا) |
| | كۆپلۈك تۈرى | ئوخشايمىز (بولساق كېرەك//چىغىمىزۋا) |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | ئوخشايسەن (بولساڭ كېرەك//چىغىڭۋا) |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | ئوخشايسىز (بولسىڭىز كېرەك//چىغىڭىزۋا) |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | ئوخشايلا (بولسىلا كېرەك//چىغىلىرىۋا) |
| | كۆپلۈك تۈرى | ئوخشايسىلەر (بولساڭلار كېرەك//چىغىڭلارۋا) |
| III شەخس | | ئوخشايدۇ (بولسا كېرەك//چىغىۋا//چىغى) |

6) بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى. بۇ باغلامچى "ئەمەس" شەكلىدە كېلىدۇ.

7) ئىسمداش ھۆكۈم باغلامچىسى. بۇ باغلامچى "ئىكەنلىك" شەكلىدە كېلىدۇ.

### 5.2.9. پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى توغرىسىدا

پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى دېگەندە، پېئىلنىڭ تۈرلىنىش يولى بىلەن (قوشۇمچە قوشۇلۇش ياكى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىش ئارقىلىق) ئېرىشكەن ھەرخىل گرامماتىكىلىق شەكىللىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار مورفولوگىيىلىك شەكىللەرگە ئىنتايىن باي سۆز تۈركۈمى بولۇپ، تۈرلىنىش يولى بىلەن ھەرخىل شەكىللەرگە كىرىپ، خىلمۇ خىل گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ياكى تۇرغۇن سۆزلەر ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش



قوللىنىلىدۇ.

پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى ۋە پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى دېگەن ئۈچ تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ.

پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى پېئىلنىڭ جۈملىدە خەۋەر ھاسىل قىلىپ كېلىدىغان شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى مەيل ۋە شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، مەيل كاتېگورىيىسى بىلەن شەخس كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇلارنىڭ بىر نەچچە خىلى يەنە ھال-زامان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ھال-زامان كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، "ياز-" پېئىلىنىڭ تۆۋەندىكى خەۋەر شەكىللىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە مەيل جەھەتتىن پەرقلىنىپ، مەيل كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئوڭدىن سولغا شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، شەخس-سان كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ:

— يازدىم، يازدۇق، يازدىڭ، يازدىڭلار، يازدى.
— يېزىپتىمەن، يېزىپتىمىز، يېزىپسەن، يېزىپسىلەر، يېزىپتۇ.
— يېزىپتۇدەكمەن، يېزىپتۇدەكمىز، يېزىپتۇدەكسەن، يېزىپتۇدەكسىلەر، يېزىپتۇدەك.
— يازغاندۇرمەن، يازغاندۇرمىز، يازغاندۇرسەن، يازغانسىلەر، يازغاندۇ.
— يازاي، يازايلى، يازغىن، يېزىڭلار، يازسۇن.
— يازسام، يازساق، يازساڭ، يازساڭلار، يازسا.
— يازسام ئىكەن، يازساق ئىكەن، يازساڭ ئىكەن، يازساڭلار ئىكەن، يازسىكەن.
— يازسام ئىدىم، يازساق ئىدۇق، يازساڭ ئىدىڭ، يازساڭلار ئىدى، يازسا ئىدى.
— يازغىدىم، يازغىدۇق، يازغىدىڭ، يازغىدىڭلار، يازغىدى.

— يازسامچۇ، يازساڭچۇ، يازساڭلارچۇ، يازسچۇ.

— يازسام بولىدۇ، يازساق بولىدۇ، يازساڭ بولىدۇ، يازساڭلار بولىدۇ، يازسا بولىدۇ.

"ياز-" پېئىلىنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىگە تەۋە بولغان تۆۋەندىكى خەۋەر شەكىللىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ھال-زامان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ھال-زامان كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئوڭدىن سولغا شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، شەخس كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

— يازىمەن، يازىمىز، يازىسەن، يازىسىلەر، يازىدۇ.

— يازاتتىم، يازاتتۇق، يازاتتىڭ، يازاتتىڭلار، يازاتتى.

— يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىمىز، يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىسىلەر، يېزىۋاتىدۇ.

— يېزىۋاتاتتىم، يېزىۋاتاتتۇق، يېزىۋاتاتتىڭ، يېزىۋاتاتتىڭلار، يېزىۋاتاتتى.

— يازماقچىمەن، يازماقچىمىز، يازماقچىسەن، يازماقچىسىلەر، يازماقچى.

— يازماقچىدىم، يازماقچىدۇق، يازماقچىدىڭ، يازماقچىدىڭلار، يازماقچىدى.

— يازدىم، يازدۇق، يازدىڭ، يازدىڭلار، يازدى.

— يازغانمەن، يازغانمىز، يازغانسەن، يازغانسىلەر، يازغاندۇ.

— يازغاندىم، يازغاندۇق، يازغاندىڭ، يازغاندىڭلار، يازغاندى

پېئىلنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرى پېئىلنىڭ تۈرگۈن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېئىلنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرى پېئىلنىڭ سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان سۈپەتداش شەكىللىرىنى، رەۋىشكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان رەۋىشداش شەكىللىرىنى، ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان ئىسىمداش شەكىللىرىنى ۋە بىر خىل مەقسەت پېئىلى شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېئىلنىڭ سۈپەتداش، رەۋىشداش ۋە ئىسىمداش شەكىللىرىنىڭ ھەربىرى



ئوخشاش بولمىغان گرامماتىكىلىق مەنە ياكى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئەگەر "ياز-" پېئىلىنىڭ تۈرگۈن سۆز شەكىللىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك مۇنداق بولىدۇ.

سۈپەتداش شەكىللىرى — يازغان، يازىدىغان، يېزىۋاتقان، يازار،

رەۋىشداش شەكىللىرى — يازا، يېزىپ، يازغىچە، يازغاچ، يازغاچقا، يازغانسېرى، يازغىلى.

ئىسىمداش شەكىللىرى — يازماق، يېزىش، يازغانلىق، يازىدىغانلىق، يېزىۋاتقانلىق، يازغۇ، يازغۇچى.

مەقسەت پېئىل شەكلى — يازماقچى.

پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى بىلەن تۈرگۈن سۆز شەكىللىرىگە ئورتاق ئاساس بولىدىغان پېئىل شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: "ياز-" پېئىلىنىڭ "يازدىم" دېگەن خەۋەر شەكلى بىلەن "يازغان" دېگەن تۈرگۈن سۆز شەكلى ئورتاق ھالدا "ياز-" شەكلىنى ئاساس قىلغان، "يازمايمەن" دېگەن خەۋەر شەكلى بىلەن "يازمايدىغان" دېگەن تۈرگۈن سۆز شەكلى ئورتاق ھالدا "يازما-" شەكلىنى ئاساس قىلغان، "يازدۇرۇپتۇ" دېگەن خەۋەر شەكلى بىلەن "يازدۇرغىچە" دېگەن تۈرگۈن سۆز شەكلى ئورتاق ھالدا "يازدۇر-" شەكلىنى ئاساس قىلغان، "يېزىپ بولسۇن" دېگەن خەۋەر شەكلى بىلەن "يېزىپ بولغاچقا" دېگەن تۈرگۈن سۆز شەكلى ئورتاق ھالدا "يېزىپ بول-" شەكلىنى ئاساس قىلغان، "يازىۋېرىمەن" دېگەن خەۋەر شەكلى بىلەن "يازىۋېرىش" دېگەن تۈرگۈن سۆز شەكلى ئورتاق ھالدا "يازىۋەر-" شەكلىنى ئاساس قىلغان. "ياز-" پېئىلىنىڭ مانا مۇشۇ "ياز-"، "يازما-"، "يازدۇر-"، "يېزىپ بول-"، "يازىۋەر-"

شەكىللىرى ئۇنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىپ، دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق جەھەتتىن پەرقلىنىپ، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇلاردىن مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرى يەنە تۈس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، تۈس كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھال جەھەتتىن پەرقلىنىپ ھال كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر "ياز-" پېئىلىنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك، مۇنداق بولىدۇ:

دەرىجە شەكىللىرى — ياز-، يازدۇر-، يېزىل-، يېزىش-.

بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق شەكىللىرى — ياز-، يازما-.

تۈس شەكىللىرى — ياز-، يازىۋەر-، يېزىۋەت-، يېزىۋات-، يېزىپ تۇر-، يېزىپ يات-، يېزىپ ئولتۇر-. يېزىپ يۈر-، يېزىپ بول-، يېزىپ چىق-، يېزىپ قوي-، يېزىپ باق-، يېزىۋال-، يېزىپ بەر-، يازغىلى تۇر-...

ھاللىق شەكىللىرى — يازغان بول-، يازىدىغان بول-، يېزىۋاتقان بول-، يازماقچى بول.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، پېئىلنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى توغرىسىدا مۇنداق چۈشەنچىگە كېلىشىمىز مۇمكىن: ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار جۈملىگە كىرگەندە، يا خەۋەر شەكلىدە كېلىدۇ، يا تۈرگۈن سۆز شەكلىدە كېلىدۇ. خەۋەر شەكلىدە كەلگەنلىرى جۈملىدە خەۋەر ياكى خەۋەر يادروسى بولۇپ، مەيل، شەخس كاتېگورىيىلىرىنى ياكى مەيل، ھال-زامان، شەخس كاتېگورىيىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ؛ تۈرگۈن سۆز شەكلىدە كەلگەنلىرى سۈپەتكە ئوخشاش ياكى رەۋىشكە ئوخشاش



ياكى ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ ھەم ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى بىلەن تۈرگۈن سۆز شەكىللىرى ئورتاق ھالدا پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىنى ئاساس قىلىدۇ، پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىدە دەرىجە، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، تۈس، ھال كاتېگورىيىلىرى ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، پېئىللار مەيلى خەۋەر شەكلىدە كەلسۇن ياكى تۈرگۈن سۆز شەكلىدە كەلسۇن، جەزمەن پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا ئىپادىلەنگەن دەرىجە، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، تۈس، ھال كاتېگورىيىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، خەۋەر شەكلىدە كەلگەن ھەرقانداق پېئىلدا بىر ۋاقىتتىلا دەرىجە، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، تۈس، ھال، مەيل، شەخس كاتېگورىيىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك گرامماتىكىلىق مەنىلەر ئىپادىلىنىدۇ، ھەرخىل بايان مەيلىدە كەلگەنلىرىدە يەنە ھال-زامان كاتېگورىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ياز-" پېئىلنىڭ "يازدۇردۇم" شەكلى مەجبۇرىي دەرىجە، بولۇشلۇق، ئاددىي تۈس، ۋاستىلىك بايان مەيلى، ئاددىي ئۆتكەن زامان، I شەخس بىرلىك قاتارلىق گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. "يازالمىساڭ" شەكلى ئۆزلۈك دەرىجە، ئىمكانىيەت تۈسى، بولۇشسىزلىق، پەرەز-قارشىلىق مەيلى، II شەخس، ئاددىي بىرلىك قاتارلىق گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، "يازىۋېرىدىغان" شەكلى ئەسلىي دەرىجە، بولۇشلۇق، چەكلىمىسىزلىك تۈسى، پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداش قاتارلىق گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر پېئىلنىڭ گرامماتىكىلىق سىستېمىسىنى سخېمىلاشتۇرساق، مۇنداق بولىدۇ:

## پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى

| دەرىجە كاتېگورىيىسى | بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسى | تۈس كاتېگورىيىسى | ھال كاتېگورىيىسى |
|---|---|---|---|
| ياز- | ياز- | ياز- | ياز- |
| | يازما- | يازىۋەر- | يازىدىغان بول- |
| يېزىل- | يېزىل- | يېزىۋەت - | يازغان بول- |
| | يېزىلما- | يازالا- | يېزىۋاتقان بول- |
| يازدۇر- | يازدۇر- | يېزىۋات - | يازماقچى بول- |
| | يازدۇرما- | يېزىپ قوي - | يازغۇدەك بول- |
| يېزىش- | يېزىش - | يېزىپ بول- | يازغان قىل- |
| | يېزىشما- | يېزىپ باق - | يازىدىغان قىل- |
| | | يېزىۋال- | يازغاندەك قىل- |
| | | يېزىپ بەر- | |
| | | يېزىپ تۇر- | |
| | | يېزىپ يۈر- | |
| | | يېزىپ ئولتۇر- | |

## پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى

| مەيل كاتېگورىيىسى | ھال - زامان كاتېگورىيىسى | شەخس كاتېگورىيىسى |
|---|---|---|
| يازدىم | يازدىم | يازدىم |
| يېزىپتىمەن | يازغانمەن | يازدۇق |
| يېزىپتۇدەكمەن | يازغاندىم | يازدىڭ |
| يازغاندىمەن | يازىمەن | يازدىڭىز |
| يازغان ئوخشايمەن | يازاتتىم | يازدىلا |
| يازاي | يېزىۋاتىمەن | يازدىڭلار |
| يازسام | يېزىۋاتاتتىم | يېزىشتىلا |
| يازسام ئىكەن | يازماقچىمەن | يېزىشتىڭ |
| يازسام ئىدىم | يازماقچى ئىدىم | يازدى |

## پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى

| | |
|---|---|
| سۈپەتداش | يازغان، يازىدىغان، يازار، يېزىۋاتقان |
| ئىسمداش | يازماق، يېزىش، يازغۇ، يازغانلىق، يازىدىغانلىق، يېزىۋاتقانلىق، يازغۇچى |
| رەۋىشداش | يازا، يېزىپ، يازغىلى، يازغىچە، يازغاچ، يازغاچقا، يازغانسېرى |
| مەقسەت پېئىلى | يازماقچى |



## 6.2.9. پېئىل بېقىندىلىرى

مۇستەقىل پېئىللار جۈملىگە كىرگەندە رەۋىش ياكى رەۋىش بىرىكمىلىرىنى، سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى، بىر قىسىم سان - مىقدار بىرىكمىلىرىنى، پېئىل ياكى پېئىل بىرىكمىلىرىنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىنى، ئىسىم، ئىسىم بىرىكمىسى ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن كېلىش، چىقىش كېلىش، ئوخشاتما كېلىش، تەڭلەشتۈرمە كېلىش، چەك كېلىش شەكىللىرىنى، ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ "بىلەن، ئۈچۈن، توغرۇلۇق، ئارقىلىق" قاتارلىق تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم - تىركەلمە قۇرۇلمىلىرىنى ھالەت سۈپىتىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلەلەيدۇ؛ ئۆتۈملۈك پېئىللار ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكىللىرىنى (جۈملىدىن يوشۇرۇن چۈشۈم كېلىش شەكىللىرىنى) تولدۇرغۇچى سۈپىتىدە ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھازىر كەلدىم. دەرھال ماڭسۇن. ھەممىدىن كېيىن سۆزلىدى.

ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. ئىككى سائەت كېچىكىپ قالدى.

ئالدىرىماي ئوقۇڭ. دەرس ئاخىرلاشقىچە كۈتۈڭ.

ئۇرۇمچىگە بارىمەن. ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

بىز خوتەندىن كەلدۇق. مەن سىزدەك يازالمايمەن.

ئۇ تۇرسۇنچىلىك يۇگۇرەلمەيدۇ. 15-بەتكىچە ئوقۇڭ.

سىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىڭ. ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى ئىنتىزام توغرۇلۇق سۆزلىدى. شاگىخەي ئارقىلىق ماڭىمىز.

ئەخمەتنى كۆردۇڭمۇ. كىتاب ئوقۇشنىڭ پايدىسى كۆپ...



# ئونىنچى باب
# پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى

## 1.10. ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تۈرلىنىش ئارقىلىق تۇرغۇن سۆزلەر ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىشى مۇمكىن، بىز پېئىلنىڭ مۇشۇنداق شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى دەپ ئاتايمىز. پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى ئاساسەن پېئىلنىڭ سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان سۈپەتداش شەكىللىرىنى (مەسىلەن: يازغان، يازىدىغان، يېزىۋاتقان)، ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان ئىسىمداش شەكىللىرىنى (مەسىلەن: يازما، يېزىش، يازغۇ، يازغانلىق)، رەۋىشكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان رەۋىشداش شەكىللىرىنى (مەسىلەن: يازا، يېزىپ، يازغىچە، يازغىلى، يازغاچقا) ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پېئىلنىڭ مەقسەت پېئىلى دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل شەكلى (مەسىلەن: يازماقچى) گەرچە مەلۇم بىر خىل تۇرغۇن سۆزنىڭ ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن قوللىنىش جەھەتتە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇنىمۇ پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ.

پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلىدىغانلىقىغا قاراپلا ئۇلارنى پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى،

پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى بىلەن پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق بار. بىرىنچىدىن، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى گەرچە تۇرغۇن سۆزلەر خۇسۇسىيىتىگە ئىرىشسىمۇ، تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش قوللىنىلسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويمايدۇ، ئۇلار پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا ئىپادىلىنىدىغان دەرىجە، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، تۈس، ھال قاتارلىق گرامماتىك كاتېگورىيىلەرنى ئاساس قىلىپ، دەرىجە، بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق، تۈس، ھال قاتارلىق جەھەتلەردىن پەرقلىنەلەيدۇ. (مەسىلەن: يازغان-يېزىلغان-يازدۇرغان-يېزىشقان-يازمىغان-يازغىچە-يازمىغىچە-يېزىلغىچە-يازدۇرغىچە-يېزىش-يېزىلىش-يازدۇرۇش-يېزىشىش-يازماسلىق-يازىۋېرىپ-يېزىۋەتكەچكە-يېزىپ بولمىغىچە...)، پېئىلغا بېقىنىدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى بېقىندۇرۇپ كېلەلەيدۇ (مەسىلەن: بۇ خەتنى يازغان، ئورۇمچىگە خەت يازىدىغان، خەتنى چىرايلىق يازىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن نەچچە يىل خەت يېزىشىپ...). پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەر بولسا، پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، تامامەن تۇرغۇن سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن: "كىر-، چىق-، ئاچ-، قوي-، ئوتا-، ئەسلە-، قاچ-، سىنا-، ھار-" پېئىللىرىدىن ياسالغان "كىرىم، چىقىم، ئاچقۇ، قويماق، ئوتىغۇچ، ئەسلىمە، قاچقۇن، سىناق، ھاردۇق" سۆزلىرى پۈتۈنلەي ئىسىمغا ئايلىنىپ كەتكەن، "قورۇ-، كۆچ-، يىپىش-، ماختان-، چېچىل-" پېئىللىرىدىن ياسالغان "قورۇق، كۆچمە، يىپىشقاق، ماختانچاق، چېچىلاڭغۇ"سۆزلىرى پۈتۈنلەي سۈپەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق پېئىللىق خۇسۇسىيەت قالمىغان، ئىككىنچىدىن، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يۇكسەك دەرىجىدە



ئابستراكتلاشقان بولۇپ، پېئىللارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك قوشۇلالايدۇ. مەسىلەن: پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىنى ياسىغۇچى "-غان//-قان//-گەن//-كەن" قوشۇمچىسىنى ھەرقانداق بىر پېئىلغا قوشۇپ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش ياساش مۇمكىن، لېكىن پېئىلدىن تۇرغۇن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى پەقەت بىر قىسىم پېئىللارغىلا قوشقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى "-م//-ىم//-ۇم//-ۈم" قوشۇمچىسىنى "كىر-، چىق-، كىي-، ئۆلچە-، ئاق-، سايلا-، بىل-، بول-، ئۆل-، تىن-" قاتارلىق ئاز بىر قىسىم پېئىللارغىلا قوشقىلى بولىدۇ. "ماڭ-، ئۇخلا-، ئوقۇ-" دېگەنگە ئوخشاش كۆپ ساندىكى پېئىللارغا قوشقىلى بولمايدۇ. پېئىلدىن سۈپەت ياسىغۇچى "-ق//-ك//-ىق//-ىك//-ۇق//-ۈك" قوشۇمچىسىنىمۇ پەقەت "ئاغرى-، ياپ-، سۇن-، ئەت-، چىرى-، قورۇ-، تىز-" قاتارلىق ئاز بىر قىسىم پېئىللارغىلا قوشقىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىدە پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن: "ياز-" پېئىلىنىڭ "يازغان"، "يازىدىغان"، "يېزىۋاتقان"، "يېزىپ"، "يازغىچە"، "يازغىلى"، "يازغۇ"، "يېزىش" قاتارلىق تۇرغۇن سۆز شەكىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىرلا بولۇپ، ھەممىسى بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، پېئىلدىن ياسالغان تۇرغۇن سۆزلەردە ئەسلى پېئىلنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، "ياز-" پېئىلى يېزىش ھەرىكىتىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدىن ياسالغان "يېزىق" سۆزى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش بەلگىنى بىلدۈرىدۇ، "ماختان-" پېئىلى ئۆزىنى ماختاش ھەرىكىتىنى بىلدۈرسە، ئۇنىڭدىن ياسالغان "ماختانچاق" سۆزى

ئۆزىنى ماختاشنى ياخشى كۆرىدىغان، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، "ياز-" بىلەن "يېزىق" بىر سۆز ئەمەس، بەلكى باشقا سۆز، "ماختان-" بىلەن "ماختانچاق" مۇ شۇنداق.

دېمەك، پېئىلنىڭ تۇرغۇن سۆز شەكىللىرى پېئىلنىڭ ھەم پېئىل خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، ھەم تۇرغۇن سۆز خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2.10. سۇپەتداشلار

### 1.2.10. سۇپەتداشلارنىڭ خاراكتېرى

سۇپەتداشلار پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۇپەت ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە سۇپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى بولۇپ، ھەرىكەتنى بەلگە سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "ئېچىلغان گۈل" دېگەن بىرىكمىدە "ئېچىل-" پېئىلى بىر خىل سۇپەتداش شەكلىدە "گۈل" دېگەن شەيئىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ھالەتتىكى بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. "ئۇچار ئات" دېگەن بىرىكمىدە "ئۇچ-" پېئىلى بىر خىل سۇپەتداش شەكلىدە "ئات" دېگەن شەيئىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بەلگىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

### 2.2.10. سۇپەتداشلارنىڭ تۈرى

سۇپەتداشلار ھال جەھەتتىن پەرقلىنىپ، پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش، ئىزچىل ھاللىق سۇپەتداش ۋە پۈتمىگەن ھاللىق سۇپەتداش دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1)** پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش

سۇپەتداشنىڭ بۇ تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە "-غان//-قان//-گەن//-كەن" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:



ياز + غان ← يازغان، قاچ + قان ← قاچقان.

كۆر + گەن ← كۆرگەن، پۈت + كەن ← پۈتكەن.

يازما + غان ← يازمىغان، پۈتمە + گەن ← پۈتمىگەن.

پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى بارلىققا كەلگەن بەلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئېچىلغان گۈل، پىشقان قوغۇن، كەلگەن مېھمان

**2)** ئىزچىل ھاللىق سۇپەتداش

سۇپەتداشنىڭ بۇ تۈرى ھالەت پېئىلى رولىدىكى "يات-"، "ئولتۇر-"، "تۇر-"، "يۈر-" پېئىللىرىغا ۋە پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەك شەكلىگە ("-ۋات//-ىۋات//-ۋۇات//-ۇۋات" قوشۇمچىسى قوشۇلغان ياكى "يات-، تۇر-، ئولتۇر-، يۈر-" قاتارلىق تۈس ياردەمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللارغا) يۇقىرىدىكى پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

دېمەك، ئىزچىل ھاللىق سۇپەتداش شەكلى قارىماققا پۈتكەن ھاللىق سۇپەتداش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھالەت پېئىللىرى ياكى پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈس شەكلى ئاساسىدا ياسالغانلىقى بىلەن ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

ياتقان، ئولتۇرغان، تۇرغان، يۈرگەن، يېزىلىۋاتقان، يېزىپ ئولتۇرغان، قاراپ تۇرغان، ئوتلاپ يۈرگەن، ئۇخلاپ ياتقان.

ئىزچىل ھاللىق سۇپەتداش ئۆزى ئىپادىلىگەن ئىزچىل ھالەت ياكى ئىزچىل ھەرىكەتنى بەلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ياتقان بالا، ئولتۇرغان كىشى، تۇرغان كىتاب، يۈرگەن ئادەملەر، يېزىلىۋاتقان خەت، خەت يېزىپ ئولتۇرغان بالا، قاراپ تۇرغان كىشىلەر، ئوتلاپ يۈرگەن قويلار، ئۇخلاپ ياتقان بوۋاق.

**3)** پۈتمىگەن ھاللىق سۇپەتداش

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداش ئىككى خىل بولىدۇ، ئادەتتە بىز بۇلارنى پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-غان" شەكلى ۋە "-ار" شەكلى دەپ پەرقلەندۈرىمىز.

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-غان" شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە "-يدىغان//-ىدىغان" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا + يدىغان ← قارايدىغان، ياز + ىدىغان ← يازىدىغان، دە + يدىغان ← دەيدىغان، كۆر + ىدىغان ← كۆرىدىغان.

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-ار" شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە "-ر//-ار//-ەر" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا + ر ← قارار، ياز + ار ← يازار، كۆر + ەر ← كۆرەر، ئېيت + ار ← ئېيتار.

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-ار" شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى بولۇشسىز پېئىل ئۆزىكىگە "-س" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قايتما + س ← قايتماس، بارما + س ← بارماس،

كۆرمە + س ← كۆرمەس، تۈگىمە + س ← تۈگىمەس.

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداش ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى دائىم ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ياكى كېيىن ئىپادىلىنىدىغان بەلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

تونۇيدىغان ئادەم، بىلىدىغان دەرس، يازالمايدىغان خەت، ئۇچار ئات، ئاقار يۇلتۇز، تۈگىمەس بايلىق.



### 3.2.10. سۈپەتداشلارنىڭ قوللىنىلىشى

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

**1)** سۈپەتداشلار كۆپىنچە ئىسىملارغا بېقىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار شۇ سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى ئېنىقلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

كەلگەن ئادەم، خەت يازغان بالا، مېنى تونۇيدىغان ئادەم، دەرس ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار.

باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتىدە كېلىپ، شۇ سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق تولدۇرغۇچىسى ياكى لوگىكىلىق ھالىتى بولغان ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بىز تىككەن كۆچەتلەر، بالىلار ئوينايدىغان مەيدان، سىلەر كېتىۋاتقان شەھەر.

پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-ار" شەكلى بەزى تۇراقلىق ئىبارىلەرنى نەزەرگە ئالمىغاندا، ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە ئانچە كۆپ كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاقار يۇلتۇز، ئۇچار ئات، تۈگىمەس بايلىق، يېڭىلمەس ئارمىيە.

**2)** سۈپەتداشلار ئۆزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسىغا ۋەكىللىك قىلىپ، ئالماشلىشىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا ئۇلار جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ھېلى ئۆيگە كىرگەن كىم؟ (ئۆيگە كىرگەن كىشى)

ياتاقتا ئۇخلاۋاتقانلارنى چاقىر! (ئۇخلاۋاتقان بالىلارنى)

تەتىلدە ئۆيگە قايتمايدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار! (قايتمايدىغان ئادەملەر)

كۆرگەن كۆرگەننى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار.

(كۆرگەن ئادەم كۆرگەن ئىشنى قىلىدۇ، كۆرمىگەن ئادەم نېمىنى قىلىدۇ.)

تاراقلىغان نېمە؟ (تاراقلىغان نەرسە)

ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئادەممۇ، باشقا نەرسىمۇ؟ (كۆرۈنگەن نەرسە).

ئەگەر سۈپەتداشنىڭ ۋەكىللىك قىلغىنى مەلۇم كۆپ سانلىق

شەيئىنىڭ بىر قىسمى بولسا ياكى شەخس تەكىتلەنسە، سۈپەتداش تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ. مەسىلەن:

بارنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمچى (قالغان نەرسىنى).

تونۇگۇن بارمىغانلىرىمىز بۈگۈن باردۇق (بارمىغان ئوقۇغۇچىلار).

هازىر دېگىنىڭنى يەنە دېگىنە (دېگەن گېپىڭنى).

**3)** پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشلار ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، شۇ ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بەلگە قىلىنغان ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ، ھالەت بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق سۈپەتداشلار ھامان ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شىنجاڭ ئازاد بولغاندا، ئۇ تېخى سەككىز ياشتا ئىدى.

ئۇلار كەلگەندە، بىز مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق.

مائاش چىققاندا، بىر شىبلىت ئالىمەن.

سۈپەتداشنىڭ بۇ شەكلىمۇ ئالماشلاشقان شەكىل بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىنىقلانغۇچىسى بولغان "چاغ" سۆزىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن. ئەگەر ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئۇ چاغدا سۈپەتداش يەنە ئېنىقلىغۇچى ئورنىدا قالىدۇ. مەسىلەن:

شىنجاڭ ئازاد بولغان چاغدا، ئۇ تېخى سەككىز ياشتا ئىدى.

ئۇلار كەلگەن چاغدا، بىز مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق.

مائاش چىققان چاغدا، بىر شىبلىت ئالىمەن.

**4)** پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-ار" شەكلى بولۇشسىز شەكلىدە تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

A. ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىپ شۇ سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



سۇ كەلمەستە توغان سال (ماقال).

سوغۇق چۈشمەستە سىرتتىكى ئىشلارنى تۈگىتىۋالايلى.

B. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ ھالەت بولۇپ كېلىپ، سۇبيېكتىنىڭ سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئېلىپ بارمىغان ھالدا يەنە بىر ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشىنى ياكى سۈپەتداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلمىگەن ئەھۋالدا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قورقماستىن سۆزلە.

ئۇ دەم ئالماستىن تۆت سائەت ئىشلىدى.

ئۇ كەلمەستىن بۇ مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

**5)** سۈپەتداشلار بىر قىسىم تولۇق باغلامچىلار بىلەن بىرىكىپ پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

سۈپەتداشلار يەنە ھۆكۈم باغلامچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ بىر قىسىم ھال-زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

## 3.10. ئىسىمداشلار

### 1.3.10. ئىسىمداشلارنىڭ خاراكتېرى

ئىسىمداشلار پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق ئىسىم ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بولۇپ، ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "بارغۇم يوق" دېگەن جۈملىدە "بار-" پېئىلى بىر خىل ئىسىمداش شەكلىدە ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى شەيئىلەشتۈرۈپ، ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن؛

”كەلگەنلىكنى تۇرسۇندىن ئاڭلىدىم“ دېگەن جۈملىدە ”كەل-“ پېئىلى بىر خىل ئىسىمداش شەكلىدە ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى شەيئىلەشتۈرۈپ، تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى گراماتىكا ئەسەرلىرىدە پېئىلنىڭ بۇ شەكلى ئومۇمەن ”ھەرىكەتنامى“ دەپ ئاتىلىدۇ. بىز پېئىلنىڭ ”سۈپەتداش، رەۋىشداش“ دەپ ئاتىلىدىغان تۈرغۇن سۆز شەكىللىرىگە جور قىلىپ، ”ئىسىمداش“ دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

### 2.3.10. ئىسىمداشلارنىڭ تۈرى

ئىسىمداشلار ”-ش“ لىق ئىسىمداش، ”-ماق“ لىق ئىسىمداش، ”-غۇ“ لۇق ئىسىمداش، پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداش، ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداش، پۈتمىگەن ھاللىق ئىسىمداش، سۇبيېكت ئىسىمداش دېگەن يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1) ”-ش“ لىق ئىسىمداش**

ئىسىمداشنىڭ بۇ تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە ”-ش//-ىش//-ۇش//-ۈش“ قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سۆزلە + ش←سۆزلەش، ياز + ىش←يېزىش، تۇر + ۇش←تۇرۇش، كۆر + ۈش←كۆرۈش.

”-ش“ لىق ئىسىمداشلار ھال جەھەتتىن بىتەرەپ ھەرىكەتنى شەيئى سۈپىتىدە ئىپادىلەپ، جۈملىدە ئىسىم رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئالغا بېسىش ھەممىمىزنىڭ ئارزۇسى (ئىگە).

بىزنىڭ ئالىي غايىمىز كوممۇنىزم قۇرۇش (ھۆكۈملۈك خەۋەر).

ئۇ ئەتىگەندە گىمناستىكا ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ (تولدۇرغۇچى).

ئاممىدىن ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز (ئىگىلىك كېلىشلىك ئېنىقلىغۇچى).



بىز سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارغا تەشنا (يۆنىلىش كېلىشتىكى ھالەت).

كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئەمدى گەپ، ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشتا (ئورۇن كېلىشتىكى ھۆكۈملۈك خەۋەر).

ئۇ مېيىپ بولغىنى بىلەن تاماق يېيىشتىن كىيىم كىيىشكىچە ھەممىنى ئۆزى قىلىدۇ (چەك كېلىشتىكى ھالەت).

دەرسكە كېچىكىپ كېلىشتەك ئەھۋاللار تۈزىتىلدى (ئوخشاتما كېلىشتىكى ئېنىقلىغۇچى).

بۇ ئىسىمداشنىڭ يەنە بىرمۇنچە مەخسۇس قوللىنىلىش ئورۇنلىرى بار، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

A. خەۋىرى ”كېرەك، لازىم، زۆرۈر، شەرت، مۇمكىن“ قاتارلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ كېلىدۇ. ”كېرەك، لازىم، زۆرۈر، شەرت“ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولۇشىغا قويۇلغان تەلەپنى بىلدۈرىدۇ. ”مۇمكىن“ سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەر ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدىكى مۆلچەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىدىكى ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كەلسە، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆز بىلەن ئىسىمداشنىڭ مۇناسىۋىتى ئىگىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىپ، ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ۋاپىسلاشقان تەۋەلىك شەكلىدە كېلىدۇ، لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە كۆپىنچە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ۋاقتىدا رىئايە قىلىش كېرەك.
ئىگە — خەۋەر

ئىشتىپاقلىق ئۈچۈن پايدىسىز گەپلەرنى قىلماسلىق لازىم.
ئىگە — خەۋەر

ھەممىمىز تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئىگە خەۋەر

ئەدەبىيات-سەنئەت تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت

ئىگە

قىلىشى لازىم.

خەۋەر

بۈگۈن ھەممە نەرسە تەييار بولۇشى شەرت.

ئىگە خەۋەر

ئۇلار (نىڭ) كېلىشى زۆرۈر.

ئىگە خەۋەر

بىز (نىڭ) ئۇ يەرگە بارماسلىقىمىز مۇمكىن.

ئىگە خەۋەر

B. يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە "توغرا كەل-" قورولمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش زۆرۈرىيىتىنى بىلدۈرىدىغان ئىگىسىز جۈملىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى بۈگۈن تۈگىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇلار بىلەن ئوبدان سۆزلىشىشكە توغرا كېلىدۇ.

قانداق بولمىسۇن، سىزنىڭ بېرىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىش توغرۇلۇق ئۇلارغا نۇرغۇن چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كەلدى.

C. يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە ياكى "بىلەن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، ۋاقىت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز (نىڭ) يېتىپ كىرىشىمىزگە (يېتىپ كىرىشىمىز بىلەن) دوكلات



باشلاندى.

مۇشۇ خەت تېگىشىگە (تېگىشى بىلەن) يولغا چىق.

سىزنىڭ كېتىشىڭىزگە (سىزنىڭ كېتىشىڭىز بىلەن) ئۇ كەلدى.

D. يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە (تەۋەلىك شەكلىگە كىرمەي) بىر قىسىم پېئىللارغا (ئاساسەن يۆنىلىشلىك ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارغا) مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ياكى "بول-" پېئىلىغا ھالەت بولۇپ، ئىجازەت قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار دوكلات ئاڭلاشقا كەتتى.

مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا كىرەلەمسىز؟

بۇ كىتابلارنى مەشەدە ئوقۇشقا بولىدۇ، سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدۇ.

E. چىقىش كېلىش شەكلىدە "مەقسەت" سۆزىگە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەزمۇن بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆگىنىشتىن مەقسەت خىزمەت قىلىش.

قىينچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشتىن مەقسەت ئۇنى يېڭىش.

مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمدىن مەقسەت كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققىتىنى قوزغاش.

F. "ئۈچۈن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، مەقسەت ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل مەقسەت ھالىتى ھەرقانداق پېئىلغا بېقىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەممىمىز تۆتىنچى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك.

ئاتا-ئانىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىپ

ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

G. "بىلەن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، يەنە بىر پېئىلغا ھالەت بولۇپ، مەلۇم ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ۋاستىسى قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار مەھسۇلات مىقدارىنى %20 ئاشۇرۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلىدى.

ئەلا نەتىجىلەرنى يارىتىش بىلەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋالايلى.

بۇ شەكىل كۆپرەك بولۇشسىز خەۋەرلەرگە باغلىنىپ، رول ئوينىيالمايدىغان ۋاستىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سۈرئەتنى ئاشۇرۇش بىلەن بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ۋارقىراش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

زىددىيەتنى يېپىش بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغىلى بولمايدۇ.

بۇ شەكىل يەنە "قالماي" سۆزى بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن چەكلەنمەي، يەنە بىر ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئېغىزدا دېيىش بىلەن قالماي، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

ئۇ دەرسنى ياخشى ئۆتۈش بىلەنلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن ئۆسۈشىگىمۇ كۆڭۈل بۆلدى.

H. "-نى" قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالدا شۇ پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان ياكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى تولۇقلىغۇچى بىرىكمە ...



بېرىشنى باردىم، بىراق مەسىلە ھەل بولمىدى.

يېزىشنى يازدى، بىراق ئانچە ياخشى ئەمەس.

سۆزلەشنى سۆزلەيمەن، بىراق ياخشى سۆزلىيەلمەيمەن.

بەزىدە "-نى" قوشۇمچىسىدىن كېيىن يەنە "-غۇ" يۈكلىمىسى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ساقىيىشنىغۇ ساقايدىم، بىراق ماغدۇرۇم يوق.

ئىمتىھاندىن ئۆتۈشنىغۇ ئۆتىمەن، بىراق نەتىجەم تازا ياخشى بولالمايدۇ.

I. بۇ ئىسىمداش بەزىدە كۆپلۈك شەكلىدىمۇ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئاساسەن شۇ ھەرىكەتنىڭ كۆپ جايدا بولغانلىقىنى، كۆپ قېتىم تەكرارلانغانلىقىنى ياكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جەڭ ۋاقتىلىق توختىغان بولسىمۇ، ئۇششاق ئېتىشىشلار يەنە داۋام قىلماقتا ئىدى (كۆپ جايدا).

كۆپ ئورۇنۇپ كۆردۇق. لېكىن بۇ ئورۇنۇشلاردىن نەتىجە چىقمىدى (كۆپ قېتىم تەكرارلانغان).

قارا، ئۇنىڭ مېڭىشلىرى، كۈلۈشلىرى خۇددى دادىسىنىڭ ئۆزى. (ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە).

## 2) "-ماق" لىق ئىسىمداش

ئىسىمداشنىڭ بۇ تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە "-ماق//-مەك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز+ماق ← يازماق، تۇر+ماق ← تۇرماق،

سۆزلە+مەك ← سۆزلىمەك، كۆر+مەك ← كۆرمەك.

"-ماق" لىق ئىسىمداش مەنە جەھەتتىن "-ش" لىق ئىسىمداشقا ئوخشايدۇ. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ

ئىسىمداش بۇ مەنىدە كۆپ قوللىنىلمايدۇ. ئۇ پەقەت ماقال-تەمسىللەردە، شېئىرلاردا ۋە تۇراقلىق قۇرۇلمىلاردا "-ش" لىق ئىسىمداش بىلەن ئوخشاش مەنە ۋە ئوخشاش رولدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى (بار).

گۈللە بېغىم، گۈل بېغىم، ئۆرلە يۈكسەك بېيجىڭىم،
سېنى سۆيمەك شەرەپتۇر، ياشا داھىي باغۋىنىم.

(ك. نىياز)

بۇ ئىسىمداشنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسەن مۇنۇ ئىككى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

A. جۈملىنىڭ سىرتىدا (لۇغەتلەردە) پېئىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

B. ئورۇن كېلىش شەكلىدە ئىزچىل ھال مەنىسىنى ئىپادىلەپ، پېئىلنىڭ بەزى ھال-زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار دىققەت بىلەن دەرس ئاڭلىماقتا ئىدى.
ۋەتىنىمىز ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە.

بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا يەنە توختىلىمىز.

### 3) "-غۇ" لۇق ئىسىمداش

ئىسىمداشنىڭ بۇ تۈرى پېئىل ئۆزىكىگە "-غۇ//-قۇ//-گۈ//-كۈ" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز+غۇ ← يازغۇ، يات +قۇ ← ياتقۇ،
سۆزلە+گۈ ← سۆزلىگۈ، كەت +كۈ ← كەتكۈ.

"-غۇ" لۇق ئىسىمداشلار تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:



A. ئۆز سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدە بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ ئارزۇسىنى، خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ھەر زامان "بار"، "يوق"، "كەل" سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ. مەسىلەن:

(مېنىڭ) ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشكۈم بار.
بۈگۈنكى كىنوغا مېنىڭ بارغۇم يوق.
(بىزنىڭ) سىلەرنى بەكمۇ كۆرگۈمىز كەلدى.

B. ئوخشاتما كېلىش ياكى تەڭلەشتۈرمە كېلىش شەكلىدە ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، ئىنىقلانغۇچىنىڭ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەمىن ئېتەلەيدىغان سۈپىتى ياكى مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭدا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك قابىلىيەت بار.
ئاشلىق دۈكىنىغا بېرىپ، بەش كۈنگە يەتكۈدەك ئۇن ئېلىپ كەل.
مېنىڭ سىلەرگە تونۇشتۇرغۇدەك تەجرىبەم يوق.

ئوخشاتما كېلىش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىپ، مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەمىن ئېتەلەيدىغان دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ دورىنى ئىچسەڭ، تەسىر قىلغۇدەك ئىچ.
بۇ ماقالىنى ھەرقانداق ئادەمگە يارىغۇدەك يېزىپسەن.
يولداشلار قانائەتلەنگۈدەك سۆزلىيەلمەيمەن.

بۇ شەكىل يەنە تولۇق باغلامچى "بول-" بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

### 4) پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداش

پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداش ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىر

تۇرنى پۈتكەن ھاللىق ئىسمداشنىڭ كۆچمە شەكلى دەپ، يەنە بىر تۇرنى پۈتكەن ھاللىق ئىسمداشنىڭ "-لىق" شەكلى دەپ ئاتايمىز.

پۈتكەن ھاللىق ئىسمداشنىڭ كۆچمە شەكلى، پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ بىۋاسىتە ئىسمداشقا كۆچۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "كەلگىنىڭنى ئۇقماپتىمەن" دېگەن جۈملىدە "كەل-" پېئىلىنىڭ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلى "كەلگەن" بىۋاسىتە ئىسمداشقا كۆچۈپ، تەۋەلىك II شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ۋە چۈشۈم كېلىش شەكلىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇ "كەلگەن" شەكلى پۈتكەن ھاللىق ئىسمداشنىڭ كۆچمە شەكلىگە كىرىدۇ.

پۈتكەن ھاللىق ئىسمداشنىڭ "-لىق" شەكلى، پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا "-لىق//-لىك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازغان + لىق ← يازغانلىق، كەلگەن + لىك ← كەلگەنلىك.

پۈتكەن ھاللىق ئىسمداشنىڭ كۆچمە شەكلى بارلىققا كەلگەن ھەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسمداش ئەگەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆز بىلەن كەلسە، ئومۇمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك مۇناسىۋىتىدە بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ بېيجىڭغا كەلگىنىمنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟

(سېنىڭ) كەلگىنىڭ ياخشى بولدى.

(سىزنىڭ) ئەسلەپ خەت يازغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.

ئۇلارنىڭ ئورۇشۇپ قالغىنىغا ئىشەنمەيمەن.

مېنىڭ بارغىنىمدىن سېنىڭ بارغىنىڭ ياخشى.

(مېنىڭ) قولۇمنى كۆتۈرگىنىم قوشۇلغىنىم.

پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ كۆچمە شەكلىنىڭ مەخسۇس



قوللىنىلىدىغان ئورۇنلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

(1) "ئۈچۈن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ۋەكىللەر كېلىپ بولمىغىنى ئۈچۈن يىغىن بىر كۈن كېچىكتۈرۈلدى.

مەن ئاغرىپ قالغىنىم ئۈچۈن، يىغىنغا بارالمىدىم.

ۋاقىت يەتمىگىنى ئۈچۈن داۋامىنى ئىككىنچى كۈنگە قالدۇردۇق.

(2) "بىلەن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، توسقۇنسىز قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

مەجلىس ئېچىلغىنى (ئېچىلغان) بىلەن مەسىلە ھەل بولمىدى.

(مەن) بارغىنىم (بارغان) بىلەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم.

پۇتۇم يارىلانغىنى (يارىلانغان) بىلەن قولۇم ساق، مېڭەم ساق.

سەن مۇنداق دېگىنىڭ (دېگەن) بىلەن، ئۇ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

ئۇ كىچىك بولغىنى (بولغان) بىلەن ئىشتا چوڭلاردىن قېلىشمايدۇ.

ئۇ باشلىق بولغىنى (بولغان) بىلەن دائىم ئاپتوبۇستا قاتنايدۇ.

بەزىدە "بىلەن" نىڭ ئاخىرىغا "-مۇ" يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ، توسقۇنسىز قارشىلىق مەنىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

سەن بارغىنىڭ (بارغان) بىلەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيسەن.

ئەمدى يامغۇر ياغقىنى (ياغقان) بىلەنمۇ پايدىسى يوق.

(3) "-چە" قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، ۋاستە ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە سۇبيېكتنىڭ ئىستىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ھالەتتە يەنە بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىستىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ يۈگۈرگىنچە (يۈگۈرگەنچە) ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

گۈلباھار خەتلەرنى سىقىملىغىنچە (سىقىملىغانچە) لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

مەن ماتېرىياللارنى كۆتۈرگىنىمچە (كۆتەرگەنچە) ئۇنىڭ ئالدىغا كىردىم.

(4) يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا "-چە" بىلەن بىرىكىپ، بىر بولسا شۇ پېئىلنىڭ خەۋەر شەكلىگە ھالەت بولۇپ، سوبيېكتنىڭ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئۆز ئىمكانىيىتى يار بەرگەن دەرىجىدە ئورۇنلىشىنى بىلدۈرىدۇ، بىر بولسا باشقا بىر پېئىلغا ھالەت بولۇپ، ئىستىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بىر ھەرىكەتنىڭمۇ شۇ دەرىجىدە ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىستىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

(سەن) ئالغىنىڭچە ئال.

(مەن) يازغىنىمچە يېزىپ باقاي.

(مەن) بىلگىنىمچە سۆزلىدىم.

(مەن) قولۇمدىن كەلگىنىچە ياردەم قىلىمەن.

(5) چىقىش كېلىش شەكلىدە "كېيىن" سۆزى بىلەن بىرىكىپ، ئاساس ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۈملىدە ئېيتىلغان



پىكىرنىڭ بارلىققا كەلگەن ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىستىمداش بەزىدە سۇبيېكتسىز كېلىدۇ، بەزىدە ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كېلىدۇ. ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كەلگەندە ئۇنىڭ سۇبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەلگەندىن كېيىن، ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئۇ سورىغاندىن كېيىن، نېمىشقا جاۋاب بەرمەيمەن؟

قىلىمەن دېگەندىن كېيىن، قىلىش كېرەك.

كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئورۇنلىشىڭ كېرەك.

سەن ئوقۇغۇچى بولغاندىن كېيىن مەكتەپنىڭ تۈزۈمىگە بويسۇنۇشۇڭ كېرەك.

(6) يۆنىلىش كېلىش شەكلىدە ھالەت بولۇپ، ئىنكار قىلىنغان ياكى ئەرزىمەس دەپ تونۇلغان سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ. بۇ رولىدىكى ئىستىمداش بەزىدە سۇبيېكتسىز كېلىدۇ، بەزىدە سۇبيېكت بىلەن كېلىدۇ، سۇبيېكت بىلەن كەلگەندە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

خاپا بولغانغا مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

سېنىڭ خاپا بولغىنىڭغا مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

سەن خاپا بولغانغا مەسىلە ھەل بولمايدۇ.

ئازراق دورا ئىچكەنگە بۇ كېسەل ساقايمايدۇ.

تۈنۈگۈن يول ماڭغانغا (ماڭغىنىمغا) بۈگۈن ئاياغلىرىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

چاقچاق قىلىپ قويغانغا (قويغىنىمغا) مەندىن خاپا بولۇپ

يۈرىدۇ.

(7) ئوخشاتما كېلىش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىپ، تەمسىل قىلىنغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتى بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

سەن مېنى ياخشى چۈشەنگىنىڭدەك ( چۈشەنگەندەك )، مەنمۇ سېنى ياخشى چۈشىنىمەن.

ھەرقانداق شەيئى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلغىنىدەك، ( قىلغاندەك )، تىلمۇ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ.

(8) خەۋىرى "بار" ياكى "يوق" سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن جۈملىلەردە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتى بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك مۇناسىۋىتىدە بىرىكىدۇ، بىراق سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە بەزىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ "بار" سۆزى بىلەن كەلگىنى ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىرلا قېتىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتە ياكى بىر قېتىممۇ بولمىغانلىقىنى سوئال تەرىقىسىدە ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ؛ "يوق" سۆزى بىلەن كەلگىنى ھەرىكەتنىڭ بولمىغانلىقىنى تەكىتلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا بىر كۆرگىنىم بار.
مېنىڭ بۇ توغرۇلۇق ساڭا گەپ قىلىپ باققىنىم بارمۇ؟
سېنىڭ بىر قېتىم كېلىپ قويغىنىڭ بارمۇ؟
بۇ ھەقتە ماڭا ھېچكىم گەپ قىلغىنى يوق.
مەن ساڭا دېگىنىم يوق، ئەخمەتكە دەۋاتىمەن.
نېمە ئالدىرايسىلەر، سائەت سەككىز بولغىنىمۇ يوق.



(9) تەۋەلىك شەكلىدە شۇ پېئىلنىڭ پۈتكەن ھالىلىق سۈپەتداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەت نەتىجىسىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بارغىنىم بارغان، ھەرگىز يالتايمايمەن.
دېگىنىم دېگەن، يېنىۋالىدىغان ئىش يوق.
بېرىپ كۆرۈپ كەل، كۆرۈۋالغىنىڭ كۆرۈۋالغان.

(10) ئورۇن كېلىش شەكلىدە ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى پەرەز قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

شۇ كۈنى سەن كەلگىنىڭدە بۇ ئاۋارىچىلىق بولمايتتى.
تۈنۈگۈن يامغۇر ياغمىغىنىدا بۇ ئىش ئاللىقاچان تۈگەيتتى.

بۇ شەكىل بەزىدە ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بارغىنىمدا ياز بولۇپتۇ، يانسام زىمىستان،
كېچەر كۆڭۈلۈم كەچمەسمىدى سەندىن ئايرىلسام.
( قوشاق )

پۈتكەن ھالىلىق ئىسىمداشنىڭ "-لىق" شەكلى ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىشنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ. بۇ جۈملىدە ئۆز سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىللە كەلگەندە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىگىلىك مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بەزىدە ئىگە-خەۋەر مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن.

بارلىققا كەلگەن بەزى ھەرىكەتلەرنى بارلىققا كەلگەن ھەرىكەت سۈپىتىدە بايان قىلىشمۇ، ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىشمۇ بولۇۋېرىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئەھۋاللاردا پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلى بىلەن "-لىق" شەكلى بىر-بىرى بىلەن ئالمىشىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى (كەلگىنىمنى) كىمدىن ئاڭلىدىڭ.

ئەسلەپ خەت يازغانلىقىڭىزغا (يازغىنىڭىزغا) رەھمەت.

ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىغا (قالغىنىغا) ئىشەنمەيمەن.

پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداشنىڭ "-لىق" شەكلىنىڭ مەخسۇس قوللىنىلىش ئورۇنلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

(1) چىقىش كېلىش شەكلىدە سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن مۇۋاپىقلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ ئاغرىپ قالغانلىقتىن (ئاغرىپ قالغانلىقىدىن) بۈگۈن دەرسكە كېلەلمىدى.

مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىمدىن (كەتكەنلىكتىن) بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشالمىدىم.

ۋاقىت توشۇپ قالغانلىقىدىن (توشۇپ قالغانلىقتىن) سۆھبىتىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى.

(2) سۇبيېكتى كۆرسىتىلمىگەن مەلۇم ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتە جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مۇنداق دېگەنلىك بىزدە كەمچىلىك يوق دېگەنلىك ئەمەس.



خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغانلىق ئۇنى تۈزىتىش يولىدا بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەنلىك.

پىكىر بەرمىگەنلىك پىكىر يوق دېگەنلىك ئەمەس.

(3) "ئۈچۈن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ سەۋەب ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداش ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

مەن ئاغرىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، مېنى يىغىنغا چاقىرمىدى.

ئۇ ئىرىشقانلىقى ئۈچۈن ھەممە جەھەتتىن تېز ئالغا باستى.

ۋەكىللەر كېلىپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يىغىن بىر كۈن كېچىكتۈرۈلدى.

## 5) ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداش

ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداشمۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىر تۈرىنى ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلى دەپ، يەنە بىر تۈرىنى ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداشنىڭ "-لىق" شەكلى دەپ ئاتايمىز.

ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلى ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداشنىڭ بىۋاسىتە ئىسىمداشقا كۆچۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: "ئوقۇۋاتقىنىڭىزدىن خەۋىرىم بار" دېگەن جۈملىدە، "ئوقۇ-" پېئىلىنىڭ ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداش شەكلى "ئوقۇۋاتقان" بىۋاسىتە ئىسىمداشقا كۆچۈپ تەۋەلىك II شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى ۋە چىقىش كېلىش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇ "ئوقۇۋاتقان" شەكلى ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلىگە كىرىدۇ.

ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداشنىڭ "-لىق" شەكلى ئىزچىل

هاللىق سۆپەتداشقا "-لىق//-لىك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىۋاتقان+لىق ← يېزىۋاتقانلىق، ئىزدەپ يۈرگەن+لىك ← ئىزدەپ يۈرگەنلىك.

ئىزچىل هاللىق ئىسىمداش تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

(1) هەر ئىككى خىل شەكلى ئوخشاشلا ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان هەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان هالەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ ۋە هامان ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئىگىلىك مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى (دەۋاتقىنى) قولىقىمغا كىرمىدى.

ئۇ بىزنىڭ مەجلىس ئېچىۋاتقانلىقىمىزنى (ئېچىۋاتقىنىمىزنى) كۆرۈپ، ئاستا چىقىپ كەتتى.

سېنىڭ بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈپ يۈرگىنىڭدىن (يۈرگەنلىكىڭدىن) مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار.

(2) هەر ئىككى خىل شەكلى "ئۈچۈن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ، سەۋەب هالىتى بولۇپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخسى بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆكسى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقى (ئىشلەۋاتقىنى) ئۈچۈن، تاشقىرىغا چىقىپ سۆزلەشتۇق.

مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىم (ئوقۇۋاتقىنىم) ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي قاپتىمەن.

سىلەر يىغىن ئېچىۋاتقانلىقىڭلار (ئېچىۋاتقىنىڭلار) ئۈچۈن، سىلەرنى چاقىرمىدۇق.



(3) "-لىق" شەكلى چىقىش كېلىش شەكلىدە سەۋەب هالىتى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن، بۇ چاغدا ئۇ ئۆز سۇبيېكتىنىڭ سەخسى بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىشىمۇ، كىرمەسلىكىمۇ مۇمكىن، لېكىن، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ ئۆكسى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقانلىقتىن (ئىشلەۋاتقانلىقىدىن)، بىز تاشقىرىغا چىقىپ سۆزلەشتۇق.

مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىمدىن (ئوقۇۋاتقانلىقتىن)، ئۇلارنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي قاپتىمەن.

سىلەر مەجلىس ئېچىۋاتقانلىقتىن (ئېچىۋاتقانلىقىڭلاردىن)، سىلەرنى چاقىرمىدۇق.

### 6) پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداش

پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداش ئىككى خىل بولۇپ، بىرىنى پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلى دەپ، يەنە بىرىنى پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداشنىڭ "-لىق" شەكلى دەپ ئاتايمىز.

پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلى، پۈتمىگەن هاللىق سۆپەتداشنىڭ ("-غان" شەكلىنىڭ) بىۋاسىتە ئىسىمداشقا كۆچۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، "ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغىنى بىلمەيتىمەن" دېگەن جۈملىدە، "ئىشلە-" پېئىلىنىڭ "ئىشلەيدىغان" دېگەن پۈتمىگەن هاللىق سۆپەتداش شەكلى بىۋاسىتە ئىسىمداشقا كۆچۈپ، تەۋەلىك III شەخس تۈرى ۋە چۈشۈم كېلىش شەكلىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن. مانا مۇشۇ "ئىشلەيدىغان" شەكلى پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداشنىڭ كۆچمە شەكلى هېسابلىنىدۇ.

پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداشنىڭ "-لىق" شەكلى پۈتمىگەن

هاللىق سۈپەتداشقا "-لىق" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازىدىغان + لىق ← يازىدىغانلىق، كېلىدىغان + لىق ← كېلىدىغانلىق.

پۈتمىگەن هاللىق ئىسىمداشنىڭ هەر ئىككى خىل شەكلى ئوخشاشلا دائىم بولىدىغان ياكى كېيىن بولىدىغان هەرىكەتنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىمداشنىڭ ئۆز سۇبيېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىگىلىك مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلىقىنى (ئىشلەيدىغىنىنى) بىلمەن.

مېنىڭ مۇنداق ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىم (كۆرمەيدىغىنىم) ساڭمۇ ئايدىڭ.

سىزنىڭ بۇ ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنلىيالايدىغانلىقىڭىزغا (ئورۇنلىيالايدىغىنىڭىزغا) ئىشىنىمەن.

يىغىننىڭ ئەتە ئېچىلىدىغانلىقىدىن (ئېچىلىدىغىنىدىن) خەۋىرىڭىز باردۇ؟

بۇ خىل ئىسىمداشمۇ "ئۈچۈن" تىركەلمىسى بىلەن بىرىكىپ (كۆپرەك "-لىق" شەكلى قوللىنىلىدۇ) سەۋەب هالىتى بولۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆز سۇبيېكتىنىڭ شەخس بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. لېكىن، سۇبيېكتنى بىلدۈرگۈچى سۆزگە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خەنزۇچە بىلمەيدىغانلىقى (بىلمەيدىغىنى) ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭغا تەرجىمە قىلىپ بەردىم.

مەن ئىككىنچى كۈنى يولغا چىقىدىغانلىقىم ئۈچۈن، ئەتىگەنرەك يېتىپ قالدىم.



7) سۇبيېكت ئىسىمداش

سۇبيېكت ئىسىمداش "-غۇ" لۇق ئىسىمداشقا "-چى" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازغۇ + چى ← يازغۇچى، كەلگۈ + چى ← كەلگۈچى.

سۇبيېكت ئىسىمداش ئۆزى ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ سۇبيېكتىنى بىلدۈرۈپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىلتىماس قىلغۇچى ئەخمەت.

خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قانۇن بويىچە جازا بېرىلىدۇ.

سۆزگە چىققۇچىلار ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇرسۇن.

بۇ ئىسىمداش ئەدەبىي تەسۋىرلەردە پۈتمىگەن هاللىق سۈپەتداشقا ئوخشاش، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، ئۇ بۇ چاغدا پەقەت ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىنىلا ئېنىقلايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تەبىئەتنىڭ كىشىنى سېھىرلىگۈچى ئاجايىپ جامالىغا زوقلىنىپ قارايتتى.

مەن يايلاقنىڭ يۈرەكنى ياشارتقۇچى هاۋاسىدىن تويۇپ-تويۇپ نەپەس ئالدىم.

بۇ ئىسىمداش بەزىدە ياردەمچى پېئىل "بول-" نىڭ بولۇشسىز شەكلى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. بۇ قۇرۇلما هامان بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىنىڭ II شەخس شەكلىدىلا قوللىنىلىپ، ئىسىمداش ئىپادىلىگەن هەرىكەتنى ئورۇنلىماسلىق توغرىسىدىكى ئاگاهلاندۇرۇش خاراكتېرلىك بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئىككىنچى بۇ يەرگە كەلگۈچى بولما.

بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىشنى <u>سورىغۇچى بولما</u>.

بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا <u>ئېيتقۇچى بولما</u>.

## 4.10. رەۋىشداشلار

### 1.4.10. رەۋىشداشلارنىڭ خاراكتېرى

رەۋىشداش، پېئىلنىڭ رەۋىش رولىنى ئوينايدىغان شەكلى بولۇپ، جۈملىدە يەنە بىر ھەرىكەتكە بېقىندى بولغان ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(1) <u>ئولتۇرۇپ</u> سۆزلەڭ.

(2) كىتاب <u>ئالغىلى</u> بارىمەن.

(3) سەن <u>كەلگىچە</u> ساقلايمىز.

يۇقىرىدىكى (1) جۈملىدە "ئولتۇر-" پېئىلى بىر خىل رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ، "سۆزلە-" ھەرىكىتىنىڭ قانداق ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (2) جۈملىدە "ئال-" پېئىلى بىر خىل رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ، "بار-" ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (3) جۈملىدە "كەل-" پېئىلى بىر خىل رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ "ساقلا-" ھەرىكىتىنىڭ شۇ ھەرىكەت بارلىققا كەلگىچە داۋاملىشىشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

### 2.4.10. رەۋىشداشلارنىڭ تۈرى

رەۋىشداشلار رولىغا قاراپ "-چە" لىك رەۋىشداش، "-غىلى" لىق رەۋىشداش، سەۋەب رەۋىشدىشى، "-غاچ" لىق رەۋىشداش، "-سىرى" لىق رەۋىشداش، "-ا" لىق رەۋىشداش، چېتىلما رەۋىشداش دېگەن يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.



| رەۋىشداش تۈرى | قوشۇمچىسى | مىساللار |
|---|---|---|
| "-چە" لىك رەۋىشداش | -غىچە//-قىچە//-گىچە//-كىچە | يازغىچە، ياتقىچە، كەلگىچە، كەتكىچە |
| "-غىلى" لىق رەۋىشداش | -غىلى //-قىلى //-گىلى //-كىلى | يازغىلى، ياتقىلى، كەلگىلى، كەتكىلى |
| سەۋەب رەۋىشدىشى | -غاچقا//-قاچقا//-گەچكە//-كەچكە | يازغاچقا، ياتقاچقا، كەلگەچكە، كەتكەچكە |
| "-غاچ" لىق رەۋىشداش | -غاچ //-قاچ //-گەچ //-كەچ | يازغاچ، ياتقاچ، كەلگەچ، كەتكەچ |
| "-سىرى" لىق رەۋىشداش | -غانسىرى //-قانسىرى // -گەنسىرى //-كەنسىرى | يازغانسىرى، ياتقانسىرى، كەلگەنسىرى، كەتكەنسىرى |
| "-ا" لىق رەۋىشداش | -ا//-ە//-ي | يازا، كۆرە، سۆزلە(ي) |
| چېتىلما رەۋىشداش | -پ//-ىپ//-ۇپ//-ۈپ | سۆزلەپ، يېزىپ، تولۇپ، كۆرۈپ |

"-ا" لىق رەۋىشداش بىلەن چېتىلما رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىردەكلا پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە "-ي" قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ (مەسىلەن: يازا-يازماي، سۆزلەپ-سۆزلىمەي)؛ قالغان رەۋىشداشلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى بىردەك پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلىگە ئۆز قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغىچە، يازمىغىلى، يازمىغاچقا، يازمىغاچ، يازمىغانسىرى.

"-چە" لىك رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىغا يەنە "-لىك" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، مەنىسىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

يازغىچىلىك، ياتقىچىلىك، كەتكىچىلىك، كەلگىچىلىك.

### 3.4.10. رەۋىشداشلارنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

1) "-چە" لىك رەۋىشداش تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

A. مەلۇم ھەرىكەتنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتىن بۇرۇن بارلىققا كېلىشىنى ياكى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلگىچە داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن سائەت توشقىچە ( توشقىچىلىك ) قايتىپ كېلىمەن.

سەن ماڭغىچىلىك ( ماڭغىچە ) ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ قويىمىز.

يامغۇر تاڭ ئاتقىچە ( ئاتقىچىلىك ) ياغدى.

مەن كەلگىچە ( كەلگىچىلىك ) كۈتۈپ تۇرۇڭلار.

B. بولۇشسىز شەكلىدە بولۇشسىز پېئىلغا بېقىنىپ كېلىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلمىگىچە، يەنە بىر ھەرىكەتنىڭمۇ بارلىققا كەلمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇشۇ ئىشنى تۈگەتمىگىچە ( تۈگەتمىگىچىلىك ) كەتمەيمەن.

جاھانگىرلىك يوقالمىغىچە ئۇرۇش خەۋپى تۈگىمەيدۇ.

ئاساسىي مەسىلە ھەل بولمىغىچە، باشقا مەسىلىلەر ھەل بولمايدۇ.

C. مەلۇم ھەرىكەتنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت جەريانىدا بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بارغىچە ئايروپىلاندا بېرىپ، قايتقىچە پويىزدا كەلدىم.

بارغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە باردىم.

D. يەنە بىر ھەرىكەت بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ۋاز كېچىلگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىكار ئولتۇرغىچە، بىكار ئىشلە.

باشقىلارنى ئاۋارە قىلغىچە، ئۆزىمىزلا ئىشلەيلى.

شۇنچە قىممەتكە ئۇنى ئالغىچە، ئەزانراق مانى ئال.

2) "-غىلى" لىق رەۋىشداش تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ:

A. مەلۇم ھەرىكەتنىڭ مەقسىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كۆپىرەك يۆنىلىشلىك ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار بىلەن باغلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار تاماق يېگىلى كەتتى.



ئۆگەنگىلى كەلگەندىن كېيىن، تىرىشىپ ئۆگىنىش كېرەك.

بۈگۈن كىتاب ئالغىلى بارىمەن.

B. خەۋەر ياكى جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلگەن ياكى باشلانغاندىن بۇيانقى ۋاقىتقا قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن روسچە ئۆگەنگىلى ئۈچ يىل بولدى.

مەن سىزنى ساقلاپ تۇرغىلى ئىككى سائەتتىن ئاشتى.

قاسىم بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقىلى نەكەم.

ياز كىرگەندىن بېرى ئىككى قېتىم يامغۇر ياغدى.

C. "تاس قال-"، "تاماس قال-"، "تاس-تاس قال" -، "قىل قال-" پېئىللىرىنىڭ بىرى بىلەن بىرىكىپ، بارلىققا كېلەي دەپ كېلەلمىگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يىقىلغىلى تاس قالدى.

( بىز) قىزىرىشىپ قالغىلى تاماس قالدۇق.

مەن كەلمىگىلى تاس-تاس قالدىم.

D. "بول-" پېئىلغا باغلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق جۈملىلەر ئىنكارسىز بولىدۇ. مەسىلەن:

تىرىشقاندىلا ئالغا باسقىلى بولىدۇ.

بۇ ئىشنى ئىككى كۈندە تۈگەتكىلى بولىدۇ.

بەك ئېغىر ئىكەن، كۆتۈرگىلى بولمايدۇ.

E. "قوي-" پېئىلغا باغلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە يول قويۇش، ئىمكانىيەت بېرىش مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلما ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

مېنى تىنچ ئىشلىگىلى قويۇڭلار.

پاراڭ سالمايلى، ئۇنى گەپ قىلغىلى قويايلى.

بارماقچىدىم، ئاكام بارغىلى قويمىدى.

F. "باشلا-"، "تۇر-" ياردەمچى پېئىللىرى بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

3) سەۋەب رەۋىشدىشى ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشى، باشقا بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەچكە، سۇ قاشنى بۇزۇپ كېتەلمىدى.

سەن خەت يازمىغاچقا، مەنمۇ خەت يازمىدىم.

سىياسەت توغرا ئىجرا قىلىنغاچقا، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى ئۆستى.

بەزىدە بۇ رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى "قا"، "كە" تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ "-غاچ" لىق رەۋىشداشقا ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈنمۇ يامغۇر ياغقاچ، باغ سەيلىسىگە چىقالمىدۇق.

ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ توغاچ، ئۆستەڭ بويىدا بولغاچ.

ئارزۇيىمىزغا قاندۇق بىز، تام قوشنا يېقىن بولغاچ. (قوشاق)

4) "-غاچ" لىق رەۋىشداش باشقا بىر ھەرىكەتنى ئورۇنلاش جەريانىدا قوشۇمچە ئورۇنلىنىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتنى يوقلىغاچ شەھەرگە كىرىپ چىقتۇق.

سەيلە قىلغاچ يېزىنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

ياتاققا بارسىڭىز مېنىڭ لۇغىتىمنى ئالغاچ كېلىڭ.

5) "-سىرى" لىق رەۋىشداش ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت



قانچە داۋاملاشقانچە ياكى تەكرارلانغانچە باشقا بىر ھەرىكەتنىڭ دەرىجىسى شۇنچە ئېشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ رومانىنى ئوقۇغانسىرى ئوقۇغۇڭ كېلىدۇ.

بۇ رەختنى يۇغانسېرى ئاقىرىدۇ.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كەتتى.

6) "-ا" لىق رەۋىشداشنىڭ پېئىلنىڭ ھال-زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتنىشىدىغانلىقىنى (بۇ ھەقتە "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا توختىلىمىز) ۋە ياردەمچى پېئىل "ئال-"، "بەر-" بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى (بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز) ھېسابقا ئالمىغاندا تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ.

A. تەكرارلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىدىن ئىبارەت ھالەتنى بىلدۈرىدۇ (سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئۆزەكلەرگە قوشۇلىدىغان "-ي" قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ). مەسىلەن:

يازا-يازا ھېرىپ كەتتىم.

سۆزلە-سۆزلە ئاۋازىم پۈتۈپ كەتتى.

ماڭا-ماڭا ئۈچ سائەتتە يېتىپ باردۇق.

تاما-تاما كۆل بولار.

B. بولۇشسىز شەكىلدە تەكرارلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق ۋاقىت بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر ياغماي-ياغماي تازا ياغدى.

ئۇ نەچچە كۈندىن سۆزلىمەي-سۆزلىمەي بۈگۈن بىراقلا ئىككى سائەت سۆزلىدى.

C. بولۇشلۇق ـ بولۇشسىز شەكىلدە جۈپلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كېلىپ بولمايلا باشقا بىر ھەرىكەت بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بىرىكمىنىڭ ئاخىرىغا ھامان "ـلا" يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈن تاڭ ئاتا–ئاتمايلا تۇرۇپ كەتتى.

مەن ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرا–ئولتۇرمايلا تېلېفون جىرىڭلىدى.

ئۇ يىگىرمە ياشقا كىرە–كىرمەيلا ئۆلۈپ كەتتى.

D. "بەختكە يارىشا" دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم ئىبارىلەرنى نەزەرگە ئالمىغاندا، "ـا" لىق رەۋىشداش ئاساسەن يالغۇز قوللىنىلمايدۇ.

**8)** چىتىلما رەۋىشداش تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

A. باشقا بىر پېئىلغا چىتىلىپ، چىتىلما ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. بۇ رولدىكى چىتىلما رەۋىشداشنىڭ ئۆزى چىتىلغان پېئىل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مەنە جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

a. بېقىندىلىق مۇناسىۋەت. بۇنىڭدا چىتىلما رەۋىشداش يەنە بىر پېئىلغا مەنە جەھەتتىن بېقىنىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى مەلۇم جەھەتتىن ئىزاھلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئولتۇرۇپ ئوقۇك.

كۈلمەي سۆزلە.

ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى داۋاملىق ياخشىلايمىز.

ئۇ ئاغرىپ قېلىپ، دەرسكە كېلەلمىدى.

ئاخشام توك توختاپ قېلىپ، يىغىننى ئاچالمىدۇق.

ئەخمەت كەلمەي، بۇ مەسىلە ھەل بولمايدۇ.



b. ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مۇناسىۋەت. بۇنىڭدا چىتىلما رەۋىشداش ئۆزى بېقىنغان پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتىن بۇرۇن بولغان ياكى بولىدىغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق بىرىكمىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەرىكەتنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بولغان ياكى بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنسە، بەزىلىرىدە رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر ھەرىكەت ياكى ئىش بارلىققا كەلگەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئەتىگەن تۇرۇپ، چېيىنى ئىچىپ مەكتەپكە كەتتى.

ئەخمەت كېلىپ ئىككى سائەتتىن كېيىن تۇرسۇن كەلدى.

مەن بېيجىڭغا كېلىپ تېخى تيەنئەنمېنگە بېرىپ باقمىدىم.

c. بولۇشلۇق ـ بولۇشسىزلىق مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا چىتىلما رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىنكار قىلىنىپ، يەنە بىر ھەرىكەت مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ ياكى چىتىلما رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بولغان ئەھۋالدا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقى ئىپادىلىنىدۇ ياكى چىتىلما رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتلا بولۇپ، يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يەردە تۇرماي، بىر تەرەپكە ماڭايلى.

ئۇلار تاغقا چىقماي، قىيسقا چۈشۈپ ئوينىدى.

ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ، تيەنجىنگە بارماپتۇ.

ئەخمەت مەشەگە كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرمىدى.

ئۆگىنىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا سەل قارىساق بولمايدۇ.

d. بىللىلىك مۇناسىۋىتى. بۇنىڭدا چىتىلما رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ھەرىكەت بىلەن بىر ۋاقىتتا

بولۇشى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيمىز.

كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى ئېتىۋالغان، ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئادەمدە بىلىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ.

بېشىم ئاغرىپ، ئىچىم ئېلىشىپ تۇرىدۇ.

e. قارىتىلمىلىق مۇناسىۋەت. بۇنىڭدا چېتىلما رەۋىشداش مەلۇم سوئال قارىتىلغان ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇنى ئېلىپ نېمە قىلىسەن؟

كېلىپ نېمە قىلاتتى؟ كەلمىسە بولمامدۇ؟

سەن ئۇنىڭغا ۋارقىراپ، ئۇ ساڭا نېمە گۇناھ قىلدى؟

B. بەزى پېئىللار چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە باشقا بىر پېئىل بىلەن بىرىكىپ، بىر قىسىم قوشۇلما پېئىللارنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇلما پېئىللار ئىككى (بەزىدە ئۈچ) پېئىلنىڭ تەگداش مۇناسىۋەتتە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ بىر ھەرىكەت ئوقۇمىنى ئىپادىلەپ، بىر سۆز سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىپ بار-، ئېلىپ چىق-، ئېلىپ كىر-، ئېلىپ كەت-، يېتىپ كەل-، يېتىپ بار-، سېتىپ ئال-، تولۇپ تاش-، يۆتكەپ كەل-، تېپىپ كەل-، تاپشۇرۇپ بەر-، ئېلىپ چىقىپ بەر-.

بۇ خىل قوشۇلما پېئىللارنىڭ بەزىلىرى جانلىق تىلدا تاۋۇش جەھەتتىن ئىخچاملىنىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

ئاپار- (< ئېلىپ بار-)، ئەچىق-//ئەپچىق- (< ئېلىپ چىق-)، ئەكىر-//ئەپكىر- (< ئېلىپ كىر-)، ئەكەت-//ئەپكەت- (< ئېلىپ كەت-).

C. "بار-"، "كەل-"، "كىر-"، "چىق-"، "چۈش-"



پېئىللىرىنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە ئۆزى بىلەن قارشى مەنىدىكى پېئىللارغا چېتىلىشىدىن، شۇ پېئىللار ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بىر قېتىم بولۇپ ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلمىلار ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

بېرىپ كەل-، كېلىپ كەت-، كىرىپ چىق-، چىقىپ كىر-، چىقىپ چۈش-، چۈشۈپ چىق-.

D. چېتىلما رەۋىشداشنىڭ ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىشىدىن پېئىلنىڭ نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرى ھاسىل بولىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

E. چېتىلما رەۋىشداشلار بەزى ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. بۇ ھەقتە پېئىلنىڭ "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا توختىلىمىز.

## 5.10. مەقسەت پېئىلى

مەقسەت پېئىلى پېئىلنىڭ "-ماق" لىق ئىسىمداش شەكلىگە "-چى" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازماق + چى ←يازماقچى، كەلمەك + چى ←كەلمەكچى،

تۇرماق + چى ←تۇرماقچى، سۆزلىمەك + چى ←سۆزلىمەكچى.

مەقسەت پېئىلى، سۇبيېكتنىڭ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاش نىيىتىنى بىلدۈرۈپ، بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرلىكتە، پېئىلنىڭ بەزى ھال-زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ (بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا توختىلىمىز)، ياردەمچى پېئىل "بول-" بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ (بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز).

# ئون بىرىنچى باب
# پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى

## 1.11. ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللار تۈرلىنىش ئارقىلىق جۈملىنىڭ خەۋىرى ياكى خەۋەر ياردەمچىسى بولۇشقا مەخسۇسلىشىپ كېلىدۇ. بىز پېئىلنىڭ مۇشۇنداق شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ خەۋەر شەكىللىرى ئالدى بىلەن مەيل جەھەتتىن پەرقلىنىپ، مەيل كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ؛ مەيل كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبىدىكى بىر نەچچە خىل مەيل تۈرىگە خاس خەۋەر شەكىللىرى يەنە ھال-زامان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ھال-زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ھەرخىل مەيل تۈرىدىكى خەۋەر شەكىللىرى، جۈملىدىن ھەرخىل ھال-زامان تۈرىدىكى خەۋەر شەكىللىرى يەنە شەخس جەھەتتىن پەرقلىنىپ، شەخس كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ بىر قىسىم خەۋەر شەكىللىرى بىرلا ۋاقىتتا بەلگىلىك مەيل تۈرى ۋە بەلگىلىك شەخس تۈرىگە خاس بولۇپ كەلسە، بىر قىسىم خەۋەر شەكىللىرى بىرلا ۋاقىتتا بەلگىلىك مەيل، بەلگىلىك ھال-زامان ۋە بەلگىلىك شەخس تۈرىگە خاس بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، "ياز-" پېئىلىنىڭ "يازاي" دېگەن خەۋەر شەكلىنى ئالساق، ئۇ بۇيرۇق-تەلەپ مەيل تۈرىگە ۋە I شەخس بىرلىك تۈرىگە خاس



بولۇپ كەلگەن؛ "يازىدۇ" دېگەن خەۋەر شەكلىنى ئالساق، ئۇ ۋاستىسىز بايان مەيل تۈرى، پۈتمىگەن ھازىرقى زامان تۈرى ۋە III شەخس تۈرىگە خاس بولۇپ كەلگەن.

## 2.11. شەخس كاتېگورىيىسى

پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى پېئىلنىڭ ھەرخىل مەيل تۈرىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە، جۈملىدىن ھەرخىل ھال-زامان تۈرىدىكى خەۋەر شەكىللىرىدە كۆرۈلىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە بولۇپ، جۈملە ئىگىسىنىڭ شەخس بىلەن ئوخشاش بولغان شەخس ئوقۇملىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، خەۋەرنى ئىگىنىڭ شەخسى بىلەن ماسلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ شەخس جەھەتتىكى پەرقلىرىگە مۇناسىپ ھالدا تۆۋەندىكى شەخس تۈرلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

I شەخس بىرلىك تۈرى. بۇ "مەن" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

I شەخس كۆپلۈك تۈرى. بۇ "بىز" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

II شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرى. بۇ "سەن" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

II شەخس بىرلىك سىپايە تۈرى. بۇ "سىز" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

II شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈرى. بۇ "سىلى" ياكى "ئۆزلىرى" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

II شەخس كۆپلۈك ئاددىي تۈرى. بۇ "سىلەر" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

II شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى. بۇ "ھەرقايسىلىرى" ياكى "ھەربىرلىرى" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

II شەخس كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى. بۇ "سەنلەر" ئالمىشى ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

III شەخس تۈرى. بۇ "ئۇ" ۋە "ئۇلار" ئالماشلىرى ياكى ئىسىم ۋە ئىسىملاشقان سۆزلەر ئىگە بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ.

ئەگەر پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيىسىنى سخېمىلاشتۇرساق، مۇنداق بولىدۇ:

<table>
<tr><td rowspan="2">I شەخس</td><td colspan="2">بىرلىك تۈرى</td></tr>
<tr><td colspan="2">كۆپلۈك تۈرى</td></tr>
<tr><td rowspan="6">II شەخس</td><td rowspan="3">بىرلىك</td><td>ئاددىي تۈرى</td></tr>
<tr><td>سىپايە تۈرى</td></tr>
<tr><td>ھۆرمەت تۈرى</td></tr>
<tr><td rowspan="3">كۆپلۈك</td><td>ئاددىي تۈرى</td></tr>
<tr><td>ھۆرمەت تۈرى</td></tr>
<tr><td>سەتلىمە تۈرى</td></tr>
<tr><td colspan="3">III شەخس تۈرى</td></tr>
</table>

پېئىلنىڭ شەخس كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغۇچى ھەرقايسى شەخس تۈرلىرى پېئىلنىڭ ھەربىر خىل مەيل



شەكلىنىڭ، جۈملىدىن ھەربىر خىل ھال-زامان شەكلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەخس تۈرى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

## 3.11. مەيل كاتېگورىيىسى

پېئىلنىڭ مەيل كاتېگورىيىسى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىدە كۆرۈلۈپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە، مەسىلەن ئۈچۈن تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

(1) ئەخمەت ماقالە يازدى.

(2) ئەخمەت ماقالە يېزىپتۇ.

(3) ئەخمەت ماقالە يېزىپتۇدەك.

(4) ئەخمەت ماقالە يازغاندۇ.

(5) ئەخمەت ماقالە يازغان ئوخشايدۇ.

(6) ئەخمەت ماقالە يازسۇن.

(7) ئەخمەت ماقالە يازسا. (مەنمۇ يازىمەن)

(8) ئەخمەت ماقالە يازسا ئىكەن.

(9) ئەخمەتمۇ ماقالە يازسا بوپتىكەن.

(10) بۇ توغرۇلۇق ئەخمەتمۇ ماقالە يازسا بولىدۇ.

بۇ جۈملىلەردە "ياز-" پېئىلى ئون خىل مەيل تۈرىدە كېلىپ، (1) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى ئۆزى بىۋاستە بىلگەن ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقى، (2) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى مەلۇم ۋاستە ئارقىلىق كېيىن بىلگەن ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقى، (3) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقى، (4) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقى، (5)

جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ مەلۇم پاكىتلارغا ئاساسەن مۆلچەرلەپ بايان قىلىنغانلىقى، (6) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ تەلەپ (بۇيرۇق) تەرزىدە ئىپتىلغانلىقى، (7) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ پەرەز تەرزىدە ئىپتىلغانلىقى، (8) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئارزۇ تەرزىدە ئىپتىلغانلىقى، (9) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئۆكۈنۈش تەرزىدە ئىپتىلغانلىقى، (10) جۈملىدە، جۈملىدىكى ئىشنىڭ زۆرۈرىيەت تەرزىدە ئىپتىلغانلىقى ئىپادىلىگەن. مانا مۇشۇ مەنىلەر پېئىلنىڭ مەيل كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ مەيل كاتېگورىيىسى ۋاستىسىز بايان مەيلى، ۋاستىلىك بايان مەيلى، ئاڭلاتما بايان مەيلى، سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى، ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى، بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى، پەرەز-قارشىلىق مەيلى، ئارزۇ-تەكلىپ مەيلى، ئارمان مەيلى، ئەپسۇس مەيلى، يالۋۇرۇش مەيلى، ئەنسىرەش مەيلى، زۆرۈرىيەت مەيلى قاتارلىق مەيل تۈرلىرىدىن تەركىب تېپىپ، پېئىلنىڭ شۇ مەيل تۈرلىرىگە خاس بولغان خەۋەر شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

### 1.3.11. ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى

پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى بىۋاسىتە بىلگەن (ئەزەلدىنلا بىلىدىغان، باشتىن-ئاياغ خەۋەردار بولغان) ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

چاتاق يوق، توغرا جاۋاب بەردىڭ، مەنمۇ توغرا جاۋاب بەردىم.

مەن خەتنى ناھايىتى ئاستا يازىمەن، ئەخمەت تېز يازىدۇ.

ئەخمەت ئوتتۇرا مەكتەپتە چاغدىلا ماقالىنى ياخشى يازاتتى.

بۇ بىنالار 1950-يىلى سېلىنغان.



سىلەر ياخشى ئوقۇۋاتىسىلەر.

ئۇلار كەلگەندە بىز مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق.

سورىغانىدى، جاۋاب بەرمىدى.

مەن بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچىمەن.

ئۇمۇ بارماقچىدى، ئىشى چىقىپ قېلىپ بارالمىدى.

پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى ھال-زامان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈپ، ھەرخىل ھال-زامان شەكلىدە كېلىدۇ. شۇڭا، ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ بابنىڭ "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرىمىز.

### 2.3.11. ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى

پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۆزلىگۈچى ۋاستىلىك بىلگەن (مەلۇم پاكىتلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن كېيىن ياكى يېڭىدىن بىلگەن) ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن سېلىشتۇردۇم، توغرا جاۋاب بېرىپسەن، مەنمۇ توغرا جاۋاب بېرىپتىمەن.

قاراپ باقسام، مەن خەتنى ناھايىتى ئاستا يازىدىكەنمەن، ئەخمەت تېز يازىدىكەن.

ئەخمەت ئوتتۇرا مەكتەپتە چاغدىلا ماقالىنى ياخشى يازىدىغانىكەن.

بۇ بىنالار 1950-يىلى سېلىنغانىكەن.

مەن سۈرۈشتۈردۈم، سىلەر ياخشى ئوقۇۋېتىپسىلەر.

بىز بارغاندا ئۇلار مەجلىس ئېچىۋاتقانىكەن.

سورىغانىكەن، جاۋاب بەرمەپتۇ.

ئۇمۇ بارماقچىكەن، ئىشى چىقىپ قېلىپ بارالماپتۇ.

پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىمۇ ھال-زامان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈپ، ھەرخىل ھال-زامان شەكلىدە كېلىدۇ. شۇڭا ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ بابنىڭ "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا، ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرىمىز.

### 3.3.11. ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى

پېئىلنىڭ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىش سۈپىتىدە بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماقالىنى ئەخمەت يېزىپتۇدەك (يېزىپتىمىش).

ئەخمەت ماقالىنى ياخشى يازار ئىمىش (يازغۇدەك).

ئەخمەت ئوتتۇرا مەكتەپتە چاغدىلا ماقالىنى ياخشى يازار ئىكەنمىش.

ئۇ سەندىن خاپا بولۇپتۇدەك، سەن ئۇنى كۆزگە ئىلماپتۇدەكسەن.

ئۇ بۇرۇن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغانىكەنمىش.

ئاڭلىسام، ماقالە يېزىپتۇدەكسىز، كۆرۈپ باقسام قانداق؟

ئاڭلىدىم، سىز ناخشىنى ياخشى ئېيتقۇدەكسىز.

— يىڭى ھۆكۈمەتنىڭ قورسىقى بەك كەڭمىش، — دەيتتى ئۇلار،

— مۇندىن كېيىن ھېچقانداق ئالۋان-ياساقمۇ، باج-سېلىقمۇ بولمايمىش... ئەمدى ھەركىم ئۆزى بەگ-ئۆزى خوجا بولار ئىمىش... ھېچكىم ھېچكىمنى ئېرى تۇر، بېرى تۇر دېمەيمىش...



— بىكار گەپ — دەيتتى بەزىلەر — ھۆكۈمەتنىڭ قورسىقىدا پىلان جىق ئىمىش، ئات-ئۇلاغلار تەقسىم قىلىنار ئىمىش، بېيىك نېمە، گاداي نېمە ئايرىغلى بولماس ئىمىش، بەش قولنى تەڭ قىلغۇدەك، ئەنجاندىكى ئىش بولار ئىمىش... (ق. تۇردى)

بۇ خىل خەۋەر شەكلى بەزىدە سۆزلىگۈچىنىڭ قوشۇلمىغان ياكى تەنە قىلغان تەرزدە بايان قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شۇ ھالىغا تېخى رومان يازار ئىمىش!

قىزىق گەپ، بۇ خەتنى مەن يېزىپتۇمىشمەن!

كۆرگەن چۈشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگەندە، كۆپىنچە ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

كېچە چۈشۈمدە ئۈرۈمچىگە بېرىپتۇدەكمەن، قارىسام، ئۈرۈمچى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇمىش، ئاسمانغا تاقاشقان بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرار ئىمىش، سەن بىر كىچىك ئايروپىلاندا ئۇچۇپ يۈرەر ئىمىشسەن، ئەخمەت بىر يەردە بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقۇدەك، مەن ئۇنى چاقىرار ئىمىشمەن، ئۇ ماڭا قارىمايمىش...

باشقىلاردىن ئاڭلىغان ئىشنى ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ، بىراق بۇ ئىككى خىل ئىپادىلەش ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق بار: ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىق تەكىتلىنىدۇ. ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە بولسا، باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىق تەكىتلەنمەستىن، ئۇ پەقەت ۋاستىلىك بىلگەن ئىشلار قاتارىدىلا بايان قىلىنىدۇ.

پېئىلنىڭ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىمۇ ھال-زامان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈپ، ھەرخىل ھال-زامان شەكلىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى

ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى، ئۆز نۆۋىتىدە، ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ بابنىڭ "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرىمىز.

### 11.3.4. سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى

پېئىلنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۇبيېكتىپ تونۇش بويىچە مۆلچەرلەپ بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتمۇ ماقالە يازدىغۇ دەيمەن.

بۇ بىنالار 1950-يىلى سېلىنغانغۇ دەيمەن.

بىز مۇندىن بۇرۇن كۆرۈشمىگەنىدۇققۇ دەيمەن.

سىز تاماكا چېكىسىزغۇ دەيمەن.

ئۇ بۇرۇن خەنزۇچە بىلمەيتتىغۇ دەيمەن.

ئۇلار يىغىن ئېچىۋاتىدۇغۇ دەيمەن.

مەن ئۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىمغۇ دەيمەن.

سەن بىر يەرگە بارماقچىسەنغۇ دەيمەن.

سىز تونۇگۈن كەلگىنىڭىزدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىدىڭىزغۇ دەيمەن.

پېئىلنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىمۇ ھال-زامان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈپ، ھەرخىل ھال-زامان شەكلىدە كېلىدۇ. شۇڭا، سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە پېئىلنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ بابنىڭ ھال-زامان كاتېگورىيىسى قىسمىدا ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرىمىز.



### 11.3.5. ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى

پېئىلنىڭ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدكى خەۋەر شەكىللىرى جۈملىدىكى ئىشنىڭ مەلۇم پاكىتلارغا ئاساسەن مۆلچەرلەپ بايان قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتمۇ ماقالە يازغان ئوخشايدۇ.

بۇ بىنالار 1950-يىلى سېلىنغان بولسا كېرەك.

سىز تاماكا چېكىدىغان ئوخشايسىز.

ئۇ بۇرۇن خەنزۇچە بىلمەيدىغان بولسا كېرەك.

ئۇلار ھازىر يىغىن ئېچىۋاتسا كېرەك.

مەن ئۇ چاغدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولسام كېرەك.

سەن بىر يەرگە بارماقچى ئوخشايسەن.

پېئىلنىڭ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىمۇ ھال-زامان كاتېگورىيىسى بويىچە تۈرگە بۆلۈنۈپ، ھەرخىل ھال-زامان شەكلىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى، ئۆز نۆۋىتىدە پېئىلنىڭ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇشۇ بابنىڭ "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدا ھەرخىل ھال-زامان شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرىمىز.

### 11.3.6. بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

#### 1) ياسىلىشى

پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ:

— I شەخس بىرلىك تۈرىدە "-ي//-اي//-ەي" قوشۇمچىسى

قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قاراي، سۆزلەي، تۇراي، كۆرەي.

— I شەخس كۆپلۈك تۈردە "-يلى//-ايلى//-ەيلى" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قارايلى، سۆزلەيلى، تۇرايلى، كۆرەيلى.

— II شەخس بىرلىك ئاددىي تۈردە پېئىل ئۆزىكىنىڭ ئۆزى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قارا، سۆزلە، تۇر، كۆر.

— II شەخس بىرلىك سىپايە تۈردە "-ڭ//-ىڭ//-ۇڭ//-ۈڭ" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قاراڭ، سۆزلەڭ، تۇرۇڭ، كۆرۈڭ.

— II شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈردە "-سىلا//-سىلە" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قارىسىلا، سۆزلىسىلە، تۇرسىلا، كۆرسىلە.

— II شەخس كۆپلۈك ئاددىي تۈردە "-ڭلا//-ىڭلار//-ۇڭلار//-ۈڭلار" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قاراڭلار، سۆزلەڭلار، تۇرۇڭلار، كۆرۈڭلار.

— II شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈردە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىدىكى ئۆزەك شەكلىگە "-سىلا//-سىلە" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قاراشسىلا، سۆزلەشسىلە، تۇرۇشسىلا، كۆرۈشسىلە.

— II شەخس كۆپلۈك سەتلىمە تۈردە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىدىكى ئۆزەك شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قاراش، سۆزلەش، تۇرۇش، كۆرۈش.

— III شەخس تۈردە "-سۇن" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قارىسۇن، سۆزلىسۇن، تۇرسۇن، كۆرسۇن.



بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلىگە يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

قارىماي، سۆزلىمەيلى، تۇرماڭ، كۆرمىسۇن...

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ تەلەپ قىلىش ياكى بۇيرۇش ياكى قوشۇلۇش ياكى دەۋەت قىلىش ياكى تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

رۇخسەت قىلىڭ، مەن باراي.

ماقۇل، سىز بىرىڭ.

كەلسىلە، يۇقىرى چىقسىلا، چاپانلىرىنى سېلىۋەتسىلە.

توسىما، قويۇپ بەر، بوپتۇ بارسۇن.

ياشىسۇن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز!

تەڭ قېرىڭلار!

ھارماڭلار!

ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى يەنە ئاڭلىغۇچىدىن جۈملىدىكى ئىش بارلىققا كەلگىچە كۈتۈپ تۇرۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

كىنو تۈگىسۇن، ئاندىن بارايلى.

مەن قايتىپ كېلەي، ئاندىن ئوبدان پاراڭلىشايلى.

نېمە ئالدىرايسەن، ياز كەلسۇن، مېۋىلەر پىشسۇن.

بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىنىڭ II شەخس بىرلىك ئاددىي تۈرىگە يەنە "-غىن//-قىن//-گىن//-كىن"

قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا يېقىنچىلىق تەرزىدىكى بۇيرۇق-تەلەپ مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بارغىن بالام، بارغىن.

غەم قىلمىغىن ئانا.

پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ.

A. جۈملىدە سوئال ئالمىشى بولغان ئەھۋال ئاستىدا. بۇ چاغدا ئۇ بولۇشلۇق شەكىلدە كەلسىمۇ، بولۇشسىز شەكىلدە كەلسىمۇ بولىۋېرىدۇ. سوئال ئالمىشىنىڭ ئالدىدا "مەيلى" باغلىغۇچىسى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ (مەيلى) قانداق ئىشنى قىلسۇن، ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ.

ۋەكىللەر (مەيلى) نەگە بارمىسۇن، قىزغىن قارشى ئېلىندى.

(مەيلى) كىم بولمىسۇن، بىلەت ئېلىپ كىرسۇن.

مەيلى قانچىلىك ئۆس، ئاممىدىن ئايرىلما.

B. ئالدىغا "مەيلى" ياكى "خاھى" باغلىغۇچىسى قوشۇلغان ئىككى جۈملە بىرلىكتە كەلگەن ئەھۋال ئاستىدا. بەزىدە ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئالدىغا "ياكى" باغلىغۇچىسى قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەيلى بوران چىقسۇن، مەيلى يامغۇر ياغسۇن، جەزمەن بارمەن.

خاھى كەل، خاھى كەلمە، يىغىننى ئېچىۋېرىمىز.

مەيلى سەن ياز ياكى مەن يازاي، ماقالە ئەتە پۈتۈشى كېرەك.

### 7.3.11. پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

#### 1) ياسىلىشى

پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى



پېئىل ئۆزىكىگە تۆۋەندىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ:

— I شەخس بىرلىك تۈردە "-سام//-سەم" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازسام، كەلسەم، سۆزلىسەم، تۇرسام، كۆرسەم.

— I شەخس كۆپلۈك تۈردە "-ساق//-سەك" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازساق، كەلسەك، سۆزلىسەك، تۇرساق، كۆرسەك.

— II شەخس بىرلىك ئاددىي تۈردە "-ساڭ//-سەڭ" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازساڭ، كەلسەڭ، سۆزلىسەڭ، تۇرساڭ، كۆرسەڭ.

— II شەخس بىرلىك سىپايە تۈردە "-سىڭىز" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازسىڭىز، كەلسىڭىز، سۆزلىسىڭىز، تۇرسىڭىز، كۆرسىڭىز.

— II شەخس بىرلىك ھۆرمەت تۈردە تۈردە "-سىلا//-سىلە" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازسىلا، كەلسىلە، سۆزلىسىلە، تۇرسىلا، كۆرسىلە.

— II شەخس كۆپلۈك ئاددىي تۈردە "-ساڭلار//-سەڭلار" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازساڭلار، كەلسەڭلار، سۆزلىسەڭلار، تۇرساڭلار، كۆرسەڭلار.

— II شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈردە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىدىكى ئۆزەك شەكلىگە "-سىلا//-سىلە" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىشسىلا، كېلىشسىلە، سۆزلەشسىلە، تۇرۇشسىلا، كۆرۈشسىلە.

— II شەخس كۆپلۈك سەتلمە تۇردە پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىدىكى ئۆزەك شەكلىگە "-ساڭ//-سەڭ" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىشساڭ، كېلىشسەڭ، سۆزلەشسەڭ، تۇرۇشساڭ، كۆرۈشسەڭ.

— III شەخس تۇردە "-سا//-سە" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازسا، كەلسە، سۆزلىسە، تۇرسا، كۆرسە.

پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلىگە يۇقىرىدىكى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىسام، كەلمىسەك، سۆزلىمىسەڭ، تۇرمىساڭلار، كۆرمىسە.

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

A. پەرەز بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ پەرەز تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تىرىشساڭ، ئالغا باسىسەن.
ئەتە يامغۇر ياغمىسا سەيلىگە چىقىمىز.
كىم تىرىشسا، شۇ ئالغا باسىدۇ.
سىز نەگە بارسىڭىز، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن.
تېز ماڭمىساق، ئۈلگۈرەلمەيمىز.

B. قارشىلىق بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقا بىر ئىش ياكى ھالەت بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بارساق، ئۆيدە يوق ئىكەن.



سورىسام، خاپا بولۇۋاتىدۇ.
ئاكام بارسا ئۇ ناھايىتى قوپاللىق قىپتۇ.
بىز ئالدىراپ بىر قولىمىزنى ئىككى قىلالمايۋاتساق، ئۇ ئويناپ يۈرىدۇ.

سىز ئۇ يەرنى بىلمىسىڭىز، قانداق بارىمىز.
ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسا، مۇنچىلىك نەرسىنى بىلمەمدۇ؟
ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئالدىرىماي بولامدۇ.

C. "-مۇ" يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ، توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ ۋە جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقا بىر ئىشقا قارشى كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا توسقۇن بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر ياغسىمۇ بېرىۋېرىمىز.
شۇنچە گەپ قىلساممۇ كۆنمىدى.
قارشى ئالمىساڭلارمۇ كېلىمىز.

## 8.3.11. ئارزۇ-تەكلىپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

**1) ياسىلىشى**

پېئىلنىڭ ئارزۇ-تەكلىپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە "ئىكەن" ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. "ئىكەن" ياردەمچىسى پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ كېتىدۇ، بەزىدە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

يازسام ئىكەن، بارساق ئىكەن، كەلسەڭ ئىكەن، سۆزلىسىڭىز ئىكەن، كۆرسەڭلار ئىكەن، قالسىلا ئىكەن، تۇرسا ئىكەن، ئوقۇسام، كۈلمىسەك.

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ ئارزۇ-تەكلىپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئىلتىماس، ئارزۇ ياكى تەكلىپ تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇھىم ئىشىم چىقىپ قالدى، ماڭا ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت بېرىلسە ئىكەن.

مۇندىن كېيىنمۇ ماڭا مۇشۇنداق ياردەم قىلىپ تۇرسىڭىز ئىكەن.

دىجورنى بولغان يولداشلار دوسكىنىمۇ سۈرتۈپ قويسا ئىكەن.

مۇئەللىم، ئاخىرىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەرسىڭىز، خاتىرىلىۋالساق.

## 9.3.11. ئارمان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

### 1) ياسىلىشى

پېئىلنىڭ ئارمان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى پېئىلنىڭ پەرەز- قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ئادەتتە ھەممە شەخسلەردە بىردەك III شەخس تۈرىدە بولىدۇ. بەزىدە ئىگىنىڭ شەخس بىلەن ئوخشاش شەخستىمۇ كېلىدۇ. ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى بەزىدە چۈشۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

يازسام ئىدى، ( يازسام ئىدىم )، بارساق ئىدى ( بارساق ئىدۇق )، كەلسەڭ ئىدى ( كەلسەڭ ئىدىڭ )، سۆزلىسىڭىز ئىدى، كۆرسەڭلار ئىدى، قالسىلا ئىدى، ئوقۇسام، ئالساق.

### 2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ ئارمان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئارمان قىلىش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شۇ كىشى بىلەن مەنمۇ بىر كۆرۈشسەم ئىدى ( كۆرۈشسەم ئىدىم. )



بۇ قېتىمقى خىزمەتكە مېنىمۇ قاتناشتۇرسا ئىدى.

شۇ يىغىنغا بىزمۇ قاتناشساق ئىدۇق.

راسا بىر يامغۇر ياغسا ئىدى.

ساماۋارىم بولسىدى، چايلىرى قايناپ تۇرسىدى،

بىر چىنە چايىنى ئىچكۈچە، يارىم ئۇيناپ تۇرسىدى. ( قوشاق ).

شۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، چىقمىسام يار قاشىدىن،

خەلقئالەم ئالدىدا پەرۋانە بولسام باشىدىن. ( قوشاق )

## 10.3.11. ئەپسۇس مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

### 1) ياسىلىشى

پېئىلنىڭ ئەپسۇس مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى پېئىلنىڭ پەرەز- قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە ياردەمچى سۆز رولىدىكى "بوپتىكەن" ياكى "بولغانىكەن" سۆزى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازسام بوپتىكەن، بارسام بولغانىكەن، كەلسەڭ بوپتىكەن، سۆزلىسىڭىز بولغانىكەن، كۆرسەڭلار بوپتىكەن، قالسا بوپتىكەن.

پېئىلنىڭ ئەپسۇس مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى پېئىلنىڭ پەرەز- قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە "- چۇ" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىشىمۇ مۇمكىن (بۇ چاغدا پېئىلنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئۇرغۇلۇق ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

يازسامچۇ، بارساقچۇ، كەلسەڭچۇ، سۆزلىسىڭىزچۇ، كۆرسەڭلارچۇ، قالسىچۇ.

### 2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ ئەپسۇس مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئۆتۈنۈش، ئەپسۇسلىنىش تەرزىدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تۇنۇگۇنكى دوكلاتنى مەنمۇ ئاڭلىسام بوپتىكەن (ئاڭلىسامچۇ)، بىر پۇرسەت قولدىن كېتىپ قاپتۇ.

يازغاندىكىن ياخشىراق يازساڭ بوپتىكەن (يازساڭچۇ).

باللىرىڭىزنىمۇ ئالغاچ كەلسىڭىز بولغانىكەن (ئاغاچ كەلسىڭىزچۇ)، ئويناپ كېتەتتى.

تۇرسۇنمۇ كەلسە بوپتىكەن (كەلسىچۇ)، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغۇچە.

### 11.3.11. يالۋۇرۇش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

#### 1) ياسىلىشى

پېئىلنىڭ يالۋۇرۇش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە "-چۇ" يۈكلىمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازايچۇ، بارايچۇ، كەلچۇ، سۆزلەڭچۇ، كۆرۈڭلارچۇ، قالسۇنچۇ.

پېئىلنىڭ يالۋۇرۇش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى I، II شەخسلەردە پېئىلنىڭ ئەپسۇس مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىنىڭ "-چۇ" يۈكلىمىسى قوشۇلغان تۈرىنىڭ ئۇرغۇسىنى ئاخىرقى بوغۇمغا يۆتكەش يولى بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

يازسامچۇ، بارساقچۇ، كەلسەڭچۇ، سۆزلىسىڭىزچۇ، كۆرسەڭلارچۇ.

#### 2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ يالۋۇرۇش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، جۈملىدىكى ئىشنىڭ يالۋۇرۇش تەرزىدە تەلەپ قىلىپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەيەرگە كېلىڭچۇ، سىزگە بىر گېپىم بار.

يولداشلار، پاراڭ سالماڭلارچۇ.

خۇش بولاي، مۇنداق گەپلەرنى قىلماڭچۇ.



مۇشۇ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئالايچۇ، ماقۇل دەڭا.

گەپ قىلساڭچۇ، كىشىنى تەقەززا قىلماي.

ۋاقتىڭ بولسا، ماۋۇ خەتنى تەرجىمە قىلىپ بەرسەڭچۇ.

### 12.3.11. ئەنسىرەش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

#### 1) ياسىلىشى

پېئىلنىڭ ئەنسىرەش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "-غاي" تۈرىنىڭ بولۇشسىز III شەخس شەكلىگە (مۇشۇ بابنىڭ "ھال-زامان كاتېگورىيىسى" قىسمىدىكى "پۈتمىگەن ھازىرقى زامان" تارمىقىغا قارالسۇن) ئۆتكەن زامان تۈرىدىكى ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. ھۆكۈم باغلامچىسى پېئىلغا قوشۇلۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە پېئىلنىڭ ئاخىرىدىكى "-ئاي//-ئەي" قىسمى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغىيدىم، بارمىغىيدۇق، كەلمىگىيدىڭ، سۆزلىمىگىيدىڭىز، كۆرمىگىيدىڭلار، قالمىغىيدى

#### 2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ ئەنسىرەش مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىشنى ئەنسىرەش تەرزىدە ئېيتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئىشلار ئومۇمەن تاسادىپىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، پېئىل كۆپىنچە تاسادىپىيلىق تۈسىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سائەت بەش بولدى، كېچىكىپ قالمىغىيدۇق.

سەن شۇ سائەت بىلەن بەك ئېتىشىپ كەتتىڭ، بۇزۇپ قويمىغىيدىڭ.

ياخشى تەكرار قىلالمىدىم، مۇئەللىم مەندىن سوراپ يۈرمىگىدى.
مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بىرەلمەي تۇرمىغىدىم.

## 13.3.11. زۆرۈرىيەت مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

پېئىلنىڭ زۆرۈرىيەت مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى ئاساسەن پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە ياردەمچى پېئىل رولىدا كەلگەن "بولىدۇ" سۆزىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە ئىككىسىنىڭ بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزۈكسىز تەلەپپۇز قىلىنىشى بىلەن ئىپادىلىنىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىشنى زۆرۈر ھېسابلىغان تەرزدە سۆزلىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىنىڭ بۇ پىكرىڭ توغرا ئەمەس، ۋاز كەچسەك بولىدۇ.

ئانىڭىز بەك ئەنسىرەيدىكەن، پات-پات خەت يېزىپ تۇرسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر بۇ پىكرنى قوبۇل قىلمىساڭ، مۇندىن كېيىن ساڭا پىكىر بەرمىسەم بولىدۇ.

بۇ گۈل بەك نازۇك، ھەر كۈنى سۇ قۇيۇپ تۇرسا بولىدۇ.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئىجازەت ياكى ماقۇللۇقنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل قوشما جۈملە بولۇپ، ئۇ يۇقىرىدىكى زۆرۈرىيەت مەيلىنى بىلدۈرىدىغان قۇرولما بىلەن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن:

سۇ ئىسسىدى، ئەمدى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ.

ئىش تۈگىدى، ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ.

بىراق تەلەپپۇزدا بۇ ئىككى خىل قۇرۇلما بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ: زۆرۈرىيەت مەيلىنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلما بىر گەۋدە سۈپىتىدە ئۆزۈكسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؛ ئىجازەت ياكى ماقۇللۇقنى بىلدۈرىدىغان قۇرۇلما بولسا روشەن ھالدا ئىككىگە بۆلۈپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.



ئۇيغۇر تىلىدا يەنە پېئىلنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى خىل زۆرۈرىيەت مەيل شەكلى ئۇچرايدۇ:

بىر خىلى، پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-غان" لىق تۈرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئاساسەن چوڭلار كىچىكلەرنىڭ مەلۇم نامۇۋاپىق ھەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغاندا قوللىنىلىدۇ. بۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئىگىسى ئومۇمەن ياردەمچى سۆز رولىدىكى "دېگەن" سۆزى بىلەن بىرىكتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچى دېگەن ھەركۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ دەرسنى تەكرار قىلىدىغان.

ياخشى بالا گەپ ئاڭلايدىغان.

دوختۇر دېگەن كېسەللەرگە ئانداق قوپال مۇئامىلە قىلمايدىغان.

يەنە بىر خىلى، پېئىل ئۆزىكىگە "-غۇلۇق//-قۇلۇق//-گۈلۈك//-كۈلۈك" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ شەكىل شەخسسىز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خوتەن شېۋىسىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. باشقا شېۋىلەردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ شەكىل ئىخچام بولغانلىقى ئۈچۈن شېئىرلاردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇتقۇچى يېزىڭلار دېگەندىكىن يازغۇلۇق.
بىر ئىشنى سۆرەپ يۈرمەي ۋاقتىدا تۈگەتكۈلۈك.
كىچىك بالىنى مۇنداق ئۆگەتمىگۈلۈك.
ئۆزگۈلۈك ئاينى چىقىپ يەتتە قات كۆك قەرىدىن،
تۇتقۇلۇق تاشپاقىنى ئوكيان-دېڭىزلار تەكتىدىن.

(«ماۋ جۇشى شېئىرلىرى» تەرجىمىسىدىن)

## 4.11. ھال-زامان كاتېگورىيىسى

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلى،

ۋاستىلىك بايان مەيلى، ئاگلاتما بايان مەيلى، سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى ۋە ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ھەر بىر تۈرى ھال-زامان جەھەتتىن پەرقلىنىپ، ھال-زامان كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ كاتېگورىيە ھەرىكەتنىڭ ھەر خىل ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان ھال كاتېگورىيىسى بىلەن ھەرىكەتنىڭ ياكى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ھەر خىل زامانغا تەئەللۇقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان زامان كاتېگورىيىسىنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، پۈتكەن ھال، پۈتمىگەن ھال، ئىزچىل ھال ۋە مەقسەت ھالىدىن ئىبارەت تۆت خىل ھال تۈرى بىلەن ئاددىي ئۆتكەن زامان، ئۆتكەن زامان ۋە ھازىرقى زاماندىن ئىبارەت ئۈچ خىل زامان تۈرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر ھال-زامان كاتېگورىيىسىدىكى ھال كاتېگورىيىسى بىلەن زامان كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبىنى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇلۇش ئەھۋالىنى سخېمىلاشتۇرساق مانا مۇنداق بولىدۇ:

**هال-زامان كاتېگورىيىسى**

**ھال كاتېگورىيىسى**
- پۈتكەن ھال
- پۈتمىگەن ھال
- ئىزچىل ھال
- مەقسەت ھالى

**زامان كاتېگورىيىسى**
- ئاددىي ئۆتكەن زامان
- + ئۆتكەن زامان
- + ھازىرقى زامان

ھال-زامان كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىبىنى بىر گەۋدە بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان بىرلىكلەر بويىچە تەھلىل قىلغاندا، ئاددىي ئۆتكەن زامان، پۈتكەن ھازىرقى زامان، پۈتكەن ئۆتكەن زامان، پۈتمىگەن ھازىرقى زامان، پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان، ئىزچىل ھازىرقى زامان، ئىزچىل



ئۆتكەن زامان، مەقسەت ھازىرقى زامان ۋە مەقسەت ئۆتكەن زاماندىن ئىبارەت توققۇز تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ توققۇز خىل ھال-زامان تۈرىنىڭ ھەربىرى پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلى، ۋاستىلىك بايان مەيلى، ئاگلاتما بايان مەيلى، سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلى ۋە ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ھەر بىر تۈرىدە ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. بىز تۆۋەندە مۇشۇ توققۇز خىل ھال-زامان تۈرىنىڭ ياسىلىشى، مەنىسى ۋە قوللىنىلىشىنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىمىز.

### 1.4.11. ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى

**1) ياسىلىشى**

**∆ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازدىم، تاپتىم، قۇردۇم، قوشتۇم، كۆلدۈم، كۈتتۈم |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازدۇق، تاپتوق، قۇردۇق، قوشتۇق، كۆلدۇق، كۈتتۇق |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازدىڭ، تاپتىڭ، قۇردۇڭ، قوشتۇڭ، كۆلدۈڭ، كۈتتۈڭ |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازدىڭىز، تاپتىڭىز، قۇردىڭىز، قوشتىڭىز، كۆلدىڭىز، كۈتتىڭىز. |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازدىلا، تاپتىلا، قۇردىلا، قوشتىلا، كۆلدىلە، كۈتتىلە |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازدىڭلار، تاپتىڭلار، قۇردۇڭلار، قوشتۇڭلار، كۆلدۈڭلار، كۈتتۈڭلار |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشتىلا، تېپىشتىلا، قۇرۇشتىلا، قوشۇشتىلا، كۆلۈشتىلە، كۈتۈشتىلە |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشتىڭ، تېپىشتىڭ، قۇرۇشتۇڭ، قوشۇشتۇڭ، كۆلۈشتۈڭ، كۈتۈشتۈڭ |
| III شەخس تۈرى | | يازدى، تاپتى، قۇردى، قوشتى، كۆلدى، كۈتتى |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلىگە ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. ئۇلارنىڭ

بولۇشسىز شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلىگە ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىدىم، يازمىدۇق، يازمىدىڭ، يازمىدىڭىز، يازمىدىلا،
يازمىدىڭلار، يېزىشمىدىلا، يېزىشمىدىڭ، يازمىدى.

∆ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىپتىمەن، قۇرۇپتىمەن، كۆلۈپتىمەن، كۆتۈپتىمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىپتىمىز، قۇرۇپتىمىز، كۆلۈپتىمىز، كۆتۈپتىمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىپسەن، قۇرۇپسەن، كۆلۈپسەن، كۆتۈپسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىپسىز، قۇرۇپسىز، كۆلۈپسىز، كۆتۈپسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىپتىلا، قۇرۇپتىلا، كۆلۈپتىلا، كۆتۈپتىلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىپسىلەر، قۇرۇپسىلەر، كۆلۈپسىلەر، كۆتۈپسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىپتىلا، قۇرۇشۇپتىلا، كۆلۈشۈپتىلا، كۆتۈشۈپتىلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىپسەن، قۇرۇشۇپسەن، كۆلۈشۈپسەن، كۆتۈشۈپسەن |
| III شەخس تۈرى | | يېزىپتۇ، قۇرۇپتۇ، كۆلۈپتۇ، كۆتۈپتۇ. |

بۇ شەكىللەر ئەسلىدە پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە ھۆكۈم باغلامچىسى رولىدىكى "تۇرۇر" پېئىلى ۋە شەخسلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى كۆندە ئىخچاملىنىشىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن.

بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى چېتىلما رەۋىشداشنىڭ "-ماپ//-مەپ" شەكلىدىكى بولۇشسىز تۈرى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازماپتىمەن، يازماپتىمىز، يازماپسەن، يازماپسىز، يازماپتىلا،
يازماپسىلەر، يېزىشماپتىلا، يېزىشماپسەن، يازماپتۇ



∆ ئائىلاتما بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىپتۇدەكمەن// يېزىپتىمىشمەن // يېزىپتىمەنمىش |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىپتۇدەكمىز // يېزىپتىمىشمىز // يېزىپتىمىزمىش |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىپتۇدەكسەن // يېزىپتىمىشسەن // يېزىپسەنمىش |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىپتۇدەكسىز // يېزىپتىمىشسىز // يېزىپسىزمىش |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىپتۇدەكلا // يېزىپتىمىشلا // يېزىپتىلامىش |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىپتۇدەكسىلەر // يېزىپتىمىشسىلەر // يېزىپسىلەرمىش |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىپتۇدەكلا // يېزىشىپتىمىشلا // يېزىشىپتىلامىش |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىپتۇدەكسەن // يېزىشىپتىمىشسەن // يېزىشىپسەنمىش |
| III شەخس تۈرى | | يېزىپتۇدەك// يېزىپتىمىش |

بۇ شەكىللەرنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىل ۋارىيانتى ئەسلىدە پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە ھۆكۈم باغلامچىسى رولىدىكى "تۇرۇر" پېئىلى ۋە ئائىلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى كۆندە ئىخچاملىنىشىپ مۇشۇ شەكىلگە كەلگەن؛ كېيىنكى ۋارىيانتى بولسا ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە ھۆكۈم باغلامچىسى "-مىش" قوشۇلۇپ ياسالغان.

بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى چېتىلما رەۋىشداشنىڭ "-ماپ//-مەپ" شەكلىدىكى بولۇشسىز تۈرى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازماپتۇدەكمەن، يازماپتىمىشسەن، يازماپتىمىش...

△ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغاندىمەن// يازدىمغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغاندىمىز // يازدۇققۇ دەيمەن |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغانسەن // يازدىڭغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغانسىز // يازدىڭىزغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغانىلا // يازدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغانسىلەر // يازدىڭلارغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقانىلا // يېزىشتىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقانسەن // يېزىشتىڭغۇ دەيمەن |
| III شەخس تۈرى | | يازغاندۇ // يازدىغۇ دەيمەن |

بۇ شەكىللەرنىڭ ئالدىنقى تۈرلىرى پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان؛ كېيىنكى تۈرلىرى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان.

بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغاندىمەن // يازمىدىمغۇ دەيمەن، يازمىغاندىمىز // يازمىدۇققۇ دەيمەن، يازمىغانسەن // يازمىدىڭغۇ دەيمەن



△ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغان ئوخشايمەن// يازغان بولسام كېرەك // يازغان چېغىمبا |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغان ئوخشايمىز//يازغان بولساق كېرەك // يازغان چېغىمىزۋا |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغان ئوخشايسەن // يازغان بولساڭ كېرەك // يازغان چېغىڭۋا |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغان ئوخشايسىز// يازغان بولسىڭىز كېرەك // يازغان چېغىڭىزۋا |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغان ئوخشايلا // يازغان بولسىلا كېرەك// يازغان چېغىلىرىۋا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغان ئوخشايسىلەر //يازغان بولساڭلار كېرەك // يازغان چېغىڭلارۋا |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقان ئوخشايلا// يېزىشقان بولسىلا كېرەك // يېزىشقان چېغىڭلىرىۋا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقان ئوخشايسەن // يېزىشقان بولساڭ كېرەك // يېزىشقان چېغىڭۋا |
| III شەخس تۈرى | | يازغان ئوخشايدۇ// يازغان بولسا كېرەك// يازغان چېغى( ۋا ) |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغان ئوخشايمەن، يازمىغان بولساڭلار كېرەك، يازمىغان چېغىڭۋا، يازمىغان ئوخشايدۇ

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرى قايسى خىل مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتتىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت ماقالە يازدى.

ئەخمەت ماقالە يېزىپتۇ.

ئەخمەتمۇ ماقالە يېزىپتۇدەك.

ئەخمەتمۇ ماقالە يازغاندۇ.

ئەخمەتمۇ ماقالە يازغان ئوخشايدۇ.

سائەت توشتى، قوڭغۇراق چېلىندى، ھەممەيلەن سىنىپقا كىردۇق، ئۆز ئورنىمىزدا ئولتۇردۇق، ئوقۇتقۇچى كىردى، دەرس باشلاندى.

سىز قاچان كەلدىڭىز؟ باياتىن كۆرمەپتىمەن، ھېلقى كىتابنى ئالغاچ كەلگەنسىز؟ ئەخمەت كەلمەپتىغۇ؟ ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

ئۇقتىڭىزمۇ، سەمەت كەلگىلى ئۇنىماپتۇدەك، بىز ئۇنىڭغا ۋاقتىدا خەۋەر قىلماپتۇدەكمىز.

يۈرۈك، زالغا كىرەيلى، يىغىن باشلاندىغۇ دەيمەن.

ئۆكۈزنى شياۋدۇيجاڭ بېرىپتۇدەك، مۇشۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلىپتۇدەك.

تەقدىردىن قازايى قەدەر يېتىپتۇ، ئاللا ئامانىتىنى ئالغان ئۇخشايدۇ.

ئۆيىڭىزگە باردىم، ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۆزىڭىز چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، يىڭى كۆرۈشكەندە تونۇماپتىمەن.

پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بەزى ئورۇنلاردا باشقىچە مەنىلەردە قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەمىسە كەتتۇق.

دەرسنى باشلىدۇق ئەمسە.

خوش ئەمسە، مەن ماڭدىم.

بۇ جۈملىلەردە ھەرىكەتنىڭ دەرھال بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

بولدى، باردىم شۇ يەرگە.

بولدى، ئالدىم شۇ لۇغەتنى.

بۇ جۈملىلەردە ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتىكى قەتئىي نىيەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.



ئۇنىڭغا چېقىلما، چېقىلدىڭ قوتۇلالمايسەن.

قار ياغدى، نان ياغدى، يامغۇر ياغدى ماي ياغدى. ( ماقال )

ئالدىڭ پۇتتۇڭ، ساتتىڭ ئۇتتۇڭ. ( ماقال )

بۇ جۈملىلەردە پەرەز ياكى ئوخشىتىش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

## 2.4.11. پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى

### 1) ياسىلىشى

△ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغان( ـ مەن )، يازمىغان ( ـ مەن )//يازغان ئەمەس ( ـ مەن ) |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغان ( ـ مىز )، يازمىغان ( ـ مىز )//يازغان ئەمەس ( ـ مىز ) |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغان ( ـ سەن )، يازمىغان ( ـ سەن )//يازغان ئەمەس ( ـ سەن ) |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغان ( ـ سىز )، يازمىغان ( ـ سىز ) // يازغان ئەمەس ( ـ سىز ) |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغان، يازمىغان// يازغان ئەمەس |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغان ( ـ سىلەر )، يازمىغان ( ـ سىلەر ) //يازغان ئەمەس ( ـ سىلەر ) |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقان، يېزىشمىغان// يېزىشقان ئەمەس |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقان( ـ سەن )، يېزىشمىغان ( ـ سەن )//يېزىشقان ئەمەس ( ـ سەن ) |
| III شەخس تۈرى | | يازغان ( ـ دۇر)، يازمىغان ( ـ دۇر)// يازغان ئەمەس ( ـ تۇر ) |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ پۈتكەن ھالىتى سۈپەتداش شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان. بىراق، جۈملىدە ئىگە چۈشۈپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا ھۆكۈم باغلامچىسى چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم ئىنتوناتسىيىسى كېلىدۇ.

بۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى

سۇپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسالغان، يەنە بىر خىلى سۇپەتداشقا بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.

**∆ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغانىكەنمەن // يېزىۋېتىكەنمەن // يېزىپتىكەنمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغانىكەنمىز // يېزىۋېتىكەنمىز // يېزىپتىكەنسەن |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغانىكەنسەن // يېزىۋېتىكەنسەن // يېزىپتىكەنسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغانىكەنسىز // يېزىۋېتىكەنسىز // يېزىپتىكەنسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغانىكەنلا // يېزىۋېتىكەنلا // يېزىپتىكەنلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغانىكەنسىلەر // يېزىۋېتىكەنسىلەر // يېزىپتىكەنسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقانىكەنلا // يېزىشىۋېتىكەنلا // يېزىشىپتىكەنلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقانىكەن // يېزىشىۋېتىكەنسەن // يېزىشىپتىكەنسەن |
| III شەخس تۈرى | | يازغانىكەن // يېزىۋېتىكەن // يېزىپتىكەن |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ پۈتكەن ھالىلىق سۇپەتداش شەكلىگە، ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە، ياكى ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىنىڭ III شەخس تۈرىگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان.

بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۇپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ياكى چېتىلما رەۋىشداشنىڭ "-ماپ//-مەپ" شەكلىدىكى بولۇشسىز



شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغانىكەنمەن، يازمىۋېتىكەنمىز، يازماپتىكەنسەن.

**∆ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغانمىشمەن//يازغانمەنمىش |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغانمىشمىز//يازغانمىزمىش |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغانمىشسەن//يازغانسەنمىش |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغانمىشسىز//يازغانسىزمىش |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغانمىشلا//يازغانلامىش |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغانمىشسىلەر//يازغانسىلەرمىش |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقانمىشلا//يېزىشقانلامىش |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقانمىشسەن//يېزىشقانسەنمىش |
| III شەخس تۈرى | | يازغانمىش |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىر خىلى پېئىلنىڭ پۈتكەن ھالىلىق سۇپەتداش شەكلىگە ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان، يەنە بىر خىلى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە "-مىش" قوشۇلۇپ ياسالغان.

بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۇپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: يازمىغانمىشمەن، يازمىغانسەنمىش، يازمىغانمىش

Δ **سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
| --- | --- | --- |
| **I شەخس** | بىرلىك تۈرى | يازغان( ـ مەن )غۇ دەيمەن//يازغاندىمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغان( ـ مىز )غۇ دەيمەن//يازغاندىمىز |
| **II شەخس** | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغان( ـ سەن )غۇ دەيمەن//يازغانسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغان ( ـ سىز ) غۇدەيمەن//يازغانسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغانغۇ دەيمەن//يازغانلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغان( ـ سىلەر )غۇ دەيمەن//يازغانسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقانغۇدەيمەن//يېزىشقانلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقان( ـ سەن )غۇ دەيمەن//يېزىشقانسەن |
| **III شەخس تۈرى** | | يازغانغۇ دەيمەن//يازغاندۇ |

بۇ شەكىللەرنىڭ ئالدىنقى تۈرلىرى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان؛ كېيىنكى تۈرلىرى سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىنىڭ بىر تۈرى بىلەن شەكىلداش كېلىدۇ.

بۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغان( ـ مەن )غۇ دەيمەن، يازمىغان( ـ سەن )غۇ دەيمەن، يازمىغاندۇ.

Δ **ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى** ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش بولىدۇ.



**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرى قانداق مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەن ھالىتىنىڭ ھازىر مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ خىل ھال-زامان شەكلى قوللىنىلغاندا، ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەن ھالىتىنىڭ ھازىر مەۋجۇتلۇقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان تۈرىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى. مەسىلەن:

بۇ ماقالىنى ئەخمەت يازغان.

بۇماقالىنى ئەخمەت يازغانىكەن.

بۇ ماقالىنى ئەخمەت يازغانمىش.

بۇماقالىنى ئەخمەت يازغانغۇدەيمەن.

بۇ ماقالىنى ئەخمەت يازغان ئوخشايدۇ.

باغ كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ، رەڭمۇرەڭ گۈللە ئېچىلغان، مېۋىلەر مەي باغلىغان، كېپىنەكلەر ئۇسسۇلغا چۈشكەن.

ئېسىمگە كەلدى، بىز ئۇ يەرگە بارمىغان ئىكەنمىز.

سىز مۇندىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان بولسىڭىز كېرەك.

... بۇ ئىككى ئادەمنىڭ سەرگۈزەشتىسى، ھاياتىدا بېسىپ ئۆتكەن يولى ئوخشاپ كېتىدۇ — ئىككىلىسى كونا جەمئىيەتتە مالاي بولغان، مالايلىقتىن گومىنداڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇلغان، 1945-يىلى قىشتىن باشلاپ قولىغا قورال ئېلىپ گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلغان، ئازادلىقتىن كېيىن بولسا يېزىنىڭ تۈنجى ئاكتىپلىرى ھېسابلىنىپ پارتىيىگە بىللە كىرگەن.

بارلىققا كەلگەنلىكى سۆزلىگۈچىگە ۋاستىلىك مەلۇم بولغان بولۇپ، پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بىلەن بايان قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەتلەرنىمۇ، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پاكىت سۈپىتىدە

ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە بايان قىلىشقا بولىدۇ ۋە ئەدەبىي تىلدا ئاساسەن مۇشۇ ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

سىزنىڭ بۇماقالىڭىز ناھايىتى ياخشى يېزىلغان.

سىز بۇ ماقالىدە بىر نەچچە خاتالىققا يول قويغانسىز.

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، ئەنگلىيىدىكى تۆمۈر يول ئىشچىلىرى ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلىغان، ئەنگلىيىنىڭ تۆمۈريول قاتنىشى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان.

## 3.4.11. پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى

1) ياسىلىشى

**Δ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغانىدىم// يېزىۋىدىم، يازمىغانىدىم // يازمىۋىدىم |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغانىدۇق//يېزىۋىدۇق، يازمىغانىدۇق// يازمىۋىدۇق |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغانىدىڭ // يېزىۋىدىڭ، يازمىغانىدىڭ // يازمىۋىدىڭ |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغانىدىڭىز//يېزىۋىدىڭىز، يازمىغانىدىڭىز // يازمىۋىدىڭىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغانىدىلا // يېزىۋىدىلە، يازمىغانىدىلە // يازمىۋىدىلە |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغانىدىڭلار//يېزىۋىدىڭلار، يازمىغانىدىڭلار // يازمىۋىدىڭلار |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقانىدىلە//يېزىشىۋىدىلە، يېزىشمىغانىدىلە// يېزىشمىۋىدىلە |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقانىدىڭ//يېزىشىۋىدىڭ، يېزىشمىغانىدىڭ // يېزىشمىۋىدىڭ |
| III شەخس تۈرى | | يازغانىدى// يېزىۋىدى، يازمىغانىدى // يازمىۋىدى |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ھۆكۈم باغلامچىسى پېئىلغا قوشۇلۇپ كەتكەن.



جۈملىنىڭ ئىگىسى چۈشۈپ قالمىغان ئەھۋالدا، پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا قوشۇلغان ھۆكۈم باغلامچىسى چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

**Δ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش كېلىدۇ. بەزىدە، بولۇپمۇ III شەخستە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

يازغانىكەندۇق // يېزىۋىكەندۇق.

**Δ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغانىكەنمىشمەن//يېزىۋىكەنمىشمەن // يېزىپتىكەنمىشمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغانىكەنمىشمىز//يېزىۋىكەنمىشمىز// يېزىپتىكەنمىشمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغانىكەنمىشسەن // يېزىۋىكەنمىشسەن// يېزىپتىكەنمىشسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغانىكەنمىشسىز//يېزىۋىكەنمىشسىز// يېزىپتىكەنمىشسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغانىكەنمىشلا // يېزىۋىكەنمىشلا// يېزىپتىكەنمىشلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغانىكەنمىشسىلەر//يېزىۋىكەنمىشسىلەر // يېزىپتىكەنمىشسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقانىكەنمىشلا//يېزىشىۋىكەنمىشلا// يېزىپتىكەنمىشلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقانىكەنمىشسەن// يېزىشىۋىكەنمىشسەن // يېزىشىپتىكەنمىشسەن |
| III شەخس تۈرى | | يازغانىكەنمىش//يېزىۋىكەنمىش// يېزىپتىكەنمىش |

بۇ شەكىللەر ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ئاخىرىدىكى ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنى ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى بىلەن ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن ياسالغان. ئۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلىمۇ خۇددى

شۇنداق يول بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغانىكەنمىشمەن، يازمىۋىكەنمىشمەن، يازماپتىكەنمىشمەن.

ئاگلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى يەنە ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە "-مىش" يادەمچىسى قوشۇلۇپمۇ ياسىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: يازغانىكەنمەنمىش، يېزىۋىكەنمەنمىش، يېزىپتىكەنمەنمىش، يازغانمىكەنسەنمىش، يېزىۋىكەنسەنمىش، يېزىپتىكەنسەنمىش...

**△ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس | تۈرى | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغان بولغىيدىم// يازغاندىمغۇ دەيمەن // يېزىۋىدىمغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغان بولغىيدۇق//يازغاندۇققۇ دەيمەن// يېزىۋىدۇققۇ دەيمەن |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغان بولغىيدىڭ // يازغاندىڭغۇ دەيمەن // يېزىۋىدىڭغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغان بولغىيدىڭىز//يازغاندىڭىزغۇ دەيمەن // يېزىۋىدىڭىزغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغان بولغىيدىلا // يازغاندىلاغۇ دەيمەن// يېزىۋىدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغان بولغىدىڭلا//يازغاندىڭلارغۇ دەيمەن // يېزىۋىدىڭلارغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقان بولغىيدىلا//يېزىشقاندىلاغۇ دەيمەن// يېزىشۋىدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقان بولغىيدىڭ// يېزىشقاندىڭغۇ دەيمەن// يېزىشۋىدىڭغۇ دەيمەن |
| III شەخس تۈرى | | يازغان بولغىيدى//يازغاندىغۇدەيمەن// يېزىۋىدىغۇ دەيمەن |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ پۈتكەن ھالىتى سۈپەتداش شەكلىگە ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان. بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن



زامان خەۋەر شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمىغان بولغىيدىم، يازمىغاندىمغۇ دەيمەن، يازمىۋىدىمغۇ دەيمەن...

**△ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش كېلىدۇ.

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى قايسى خىل مەيل تۈردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەن ھالىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ئىشنىڭ ئالدىدا ياكى ئۆتكەن مەلۇم بىر چاغدا مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خەت يازغاندىم، ئۇزاق ئۆتمەي جاۋابى كەلدى.

خەت يازغانىكەنسەن، ۋاقتىدا جاۋاب يازالمىدىم.

تۇرسۇن خەت يېزىۋىكەنمىش، جاۋابى كەلمەپتىمىش.

بۇ توغرۇلۇق مەن سىزگە خەتمۇ يازغاندىمغۇ دەيمەن.

ئەخمەت بۇ خەتنى بۇرۇنلا يېزىپ قويغان بولسا كېرەك.

مەن بۇ يەرنى ناخشا-ئۇسسۇل يۇرتى دەپ ئاڭلىغاندىم، راست شۇنداق ئىكەن.

ئۇلار بۇ قىممەتلىك تەنتەربىيە يىغىنىغا قاتنىشالماپتۇ، چۈنكى بۇ يىغىن ئېچىلغاندا ئۇلار پراكتىكىغا كېتىۋىكەن.

بۇ سائەتنى كىچىك ۋاقتىمدا مەن بۇزۇۋېپ قويغانىكەنمىشمەن.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ، بېرىپ كۆرىلى باغنى.

سېغىنغاندۇق بىزلەر، كۆپتىن بۇ گۈزەل چاغنى.

ئۇ بىر ۋارقىرىۋىدى، ھەممەيلەن جىملا بولۇپ قالدۇق.

زور ئۈمىد بىلەن كەلگەن بولغىيدىڭىز، لېكىن مەن ياردەم

قىلالمىدىم.

ئۇلار كەلگەندە مەن مەكتەپكە كەتكەن ئوخشايمەن.

### 4.4.11. پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى

**1) ياسىلىشى**

**Δ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى "-ا" لىق شەكىل ۋە "-ار" لىق شەكىلدىن** ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | "-ا" لىق شەكىلگە مىسال | "-ار" لىق شەكىلگە مىسال |
|---|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىمەن، سۆزلەيمەن | يازارمەن، سۆزلەرمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىمىز، سۆزلەيمىز | يازارمىز، سۆزلەرمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىسەن، سۆزلەيسەن | يازارسەن، سۆزلەرسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىسىز، سۆزلەيسىز | يازارسىز، سۆزلەرسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازىدىلا، سۆزلەيدىلا | يازارلا، سۆزلەرلا |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىلا، سۆزلىشىدىلا | يېزىشارلا، سۆزلىشەرلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىسەن، سۆزلىشىسەن | يېزىشارسەن، سۆزلىشەرسەن |
| III شەخس تۈرى | | يازىدۇ، سۆزلەيدۇ | يازار، سۆزلەر |

"-ا" شەكلى ئەسلىدە، پېئىلنىڭ "-ا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە قەدىمكى ھۆكۈم باغلامچىسى "تۇرۇر-" نىڭ ھەر شەخستىكى شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ھازىرقى كۈندە ئىخچاملىشىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن. ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمايمەن، سۆزلىمەيمەن، يازمايسەن، سۆزلىمەيسەن، يازمايدۇ، سۆزلىمەيدۇ…

"-ار" لىق شەكلىنىڭ III شەخس تۈرىدە، پۈتمىگەن ھالىق



سۈپەتداشنىڭ "-ار" لىق شەكلى بىۋاستە قوللىنىلغان، I، II شەخس تۈرلىرىدە پۈتمىگەن ھالىق سۈپەتداشنىڭ "-ار" لىق شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ I، II شەخستىكى ھازىرقى زامان شەكىللىرى قوشۇلغان. ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكىللىرى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماسمەن، يازماسسەن، سۆزلىمەس…

**Δ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىدىكەنمەن، سۆزلەيدىكەنمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىدىكەنمىز، سۆزلەيدىكەنمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىدىكەنسەن، سۆزلەيدىكەنسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىدىكەنسىز، سۆزلەيدىكەنسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازىدىكەنلا، سۆزلەيدىكەنلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازىدىكەنسىلەر، سۆزلەيدىكەنسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىكەنلا، سۆزلىشىدىكەنلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىدىكەنسەن، سۆزلىشىدىكەنسەن |
| III شەخس تۈرى | | يازىدىكەن، سۆزلەيدىكەن |

بۇ شەكىللەر ئەسلىدە پېئىلنىڭ "-ا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە ئاۋۋال قەدىمكى ھۆكۈم باغلامچىسى "تۇرۇر-" قوشۇلۇپ، ئاندىن ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان. ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمايدىكەنمەن، يازمايدىكەنسەن، سۆزلىمەيدىكەن…

∆ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازغۇدەكمەن// يازار ئىمىشمەن // يازارمەنىمىش |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازغۇدەكمىز//يازار ئىمىشمىز// يازارمىزمىش |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازغۇدەكسەن //يازار ئىمىشسەن// يازارسەنىمىش |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازغىدەكسىز//يازار ئىمىشسىز// يازارسىزمىش |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازغۇدەكلا// يازار ئىمىشلا//يازارلامىش |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازغۇدەكسلەر//يازار ئىمىشسىلەر // يازارسىلەرمىش |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشقۇدەكلا//يېزىشار ئىمىشلا// يېزىشارلامىش |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشقۇدەكسەن//يېزىشار ئىمىشسەن// يېزىشۇدىكەنغۇ دەيمەن |
| III شەخس تۈرى | | يازغۇدەك//يازارمىش |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىر خىلى پېئىلنىڭ "-غۇ" لۇق ئىسىمداش شەكلىگە ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان "-دەك" شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان؛ بىر خىلى پېئىلنىڭ "ار" لىق سۈپەتداش شەكلىگە ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان "ئىمىش" شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان؛ يەنە بىر خىلى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "ار" لىق شەكلىگە "ئىمىش" ياردەمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان. بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئىسىمداشنىڭ ياكى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمىغۇدەكمەن، يازماس ئىمىشمەن، يازماسمەنىمىش،
يازمىغۇدەكسەن، يازماس ئىمىشسەن، يازماسسەنىمىش، يازمىغۇدەك، يازماس ئىمىش.

ئۆزگىچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىللارنىڭ



جۈملىدىن بولۇشسىز پېئىل ئۆزەكلىرىنىڭ "ار" لىق رەۋىشداش ("ي" قوشۇلغان) شەكلىگە ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان "ئىمىش" تۈرى قوشۇلۇش يولى بىلەنمۇ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن: سۆزلەيمىشمەن، سۆزلەيمىشسەن، سۆزلەيمىش، يازمايمىش...

∆ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىدىغاندىمەن// يازىمەنغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىدىغاندىمىز//يازىمىزغۇ دەيمەن |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىدىغانسەن // يازىسەنغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىدىغانسىز//يازىسىزغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازىدىغانلا // يازىدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازىدىغانسىلەر//يازىسىلەرغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىغانلا//يېزىشىدىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىدىغانسەن// يېزىشىسەنغۇ دەيمەن |
| III شەخس تۈرى | | يازىدىغاندۇ//يازىدىغۇ دەيمەن |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىر خىلى پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداش ("-غان" لىق) شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان "-دۇ" شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان. يەنە بىر خىلى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە "-غۇ دەيمەن" باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان. بۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ ياكى رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمايدىغاندىمەن، يازمايمەنغۇ دەيمەن، يازمايدىغانسەن، يازمايسەنغۇ دەيمەن،

يازمايدىغاندۇ، يازمايدۇغۇ دەيمەن...

**Δ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ.**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىدىغان ئوخشايمەن// يازسام كېرەك // يازىدىغان چېغىمبا |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىدىغان ئوخشايمىز//يازساق كېرەك// يازىدىغان چېغىمىزۋا |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىدىغان ئوخشايسەن //يازساڭ كېرەك // يازىدىغان چېغىڭۋا |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىدىغان ئوخشايسىز//يازسىڭىز كېرەك // يازىدىغان چېغىڭىزۋا |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازىدىغان ئوخشايلا // يازسىلا كېرەك// يازىدىغان چېغىلىرىۋا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازىدىغان ئوخشايسىلەر//يازساڭلار كېرەك// يازىدىغان چېغىڭلارۋا |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىغان ئوخشايلا//يېزىشسىلا كېرەك// يېزىشىدىغان چېغىلىرىۋا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىدىغان ئوخشايسەن// يېزىشساڭ كېرەك// يېزىشىدىغان چېغىڭۋا |
| III شەخس تۈرى | | يازىدىغان ئوخشايدۇ//يازسا كېرەك// يازىدىغان چېغى ( ۋا ) |

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى قايسى خىل مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرىكەتنىڭ دائىم بارلىققا كېلىدىغان ياكى كېيىن بارلىققا كېلىدىغان ھالىتىنىڭ ھازىر مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ھەرىكەتلەر كىرىدۇ:

— ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە مەنتىق بويىچە دائىم بولىدىغان ھەرىكەتلەر؛ مەسىلەن:

كۈن شەرقتىن چىقىدۇ.

سۇ يۈز گرادۇستا قاينايدۇ.

بۇ يەردە قىشتا مۇز تۇڭلىمايمىش.



بۇ يەردە يايغۇر كۆپ ياغسا كېرەك.

دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ. ( ماقال )

— ئادەت-مىجەزنى ئىپادىلەيدىغان ياكى ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ھەرىكەتلەر؛ مەسىلەن:

مەن تاكاما چەكمەيمەن، سىز بەك كۆپ چېكىدىكەنسىز.

ئۇ ھەر كۈنى تەنتەربىيە قىلىدۇ.

ئۇ بىر ئىشقا ئاسانلا ئاچچىقلايدىكەن.

ئۇ لازا يېمىگۈدەك، سىز يەيدىغانسىز ( يەيسىزغۇ دەيمەن )

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبلغازىلارنىڭ «قاۋانلىق» قا بولغان غەزىپى ھەممىدىن كۈچلۈك. «قاۋانلىقنى ئۈزۈل-كېسىل قۇرۇتۇش» توغرىسىدا، ئۇنىڭ ئۈيقۇسى كەلمەيدۇ، يۈرىكى ھاياجاندىن تېز-تېز سوقىدۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر ئوت يالقۇنجايدۇ. ( ز. سابىر )

— خاراكتېر، ئالاھىدىلىك، ئىقتىدار قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرىكەتلەر؛ مەسىلەن:

بۇ ماشىنا سائەتتىگە 100 كىلومېتىر يول باسقۇدەك.

ئۇ خەنزۇچىنى مەندىن ياخشى سۆزلەيدىكەن.

مەن سىزچىلىك يۈگۈرەلمەيمەن.

مەرد سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن. ( ماقال )

ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتىدۇغۇ دەيمەن.

— كەسىپ ياكى دائىملىق مەشغۇلاتنى بىلدۈرىدىغان ھەرىكەتلەر؛ مەسىلەن:

ئۇ پولات زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

مەن شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇيمەن.

ئۇ داشۆدە تارىختىن دەرس بەرگۈدەك.

مەن شوپۇر، ماشىنا ھەيدەيمەن.

— بەلگىلىمە بويىچە دائىم بولىدىغان ھەرىكەتلەر؛ مەسىلەن:

69- قېتىملىق پويىز سائەت 12 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە ماڭىدۇ.

بىز ھەر كۈنى تۆت سائەت دەرس ئوقۇيمىز.

بۇ يەردە دۇكانلار سائەت سەككىزدىلا ئېچىلىدىكەن.

— بولۇشى قارار قىلىنغان ياكى مەنتىق بويىچە جەزمەن بولىدىغان ھەرىكەتلەر؛ مەسىلەن:

بۇ مەۋسۇمدا ئۈچ دەرستىن ئىمتىھان ئالغۇدەك.

مەن بۇ مەۋسۇمدا ئۆيگە قايتمايمەن. قاسىمۇ قايتمىغۇدەك.

بۇ پىكرىڭ خاتا، ئۇ ئەلۋەتتە قوشۇلمايدۇ.

— ئىرادىنى بىلدۈرىدىغان ياكى سۆزلىگۈچى بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان ھەرىكەتلەر، مەسىلەن:

مەن چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇيمەن.

بىز بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيمىز.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ.

پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ يەنە تۆۋەندىكىچە مەخسۇس قوللىنىلىدىغان ئورۇنلىرى بار:

(1) سەھنە ئەسىرىدە شەخسلەرنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىشى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

غۇنچەم: مەيلى، چېلىڭ، ئوينايمەن. (نۇر دۇتار چالىدۇ، غۇنچەم ئۇسسۇل ئوينايدۇ.)

(2) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتە ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ياكى ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:



بۇ كىنو مۇنداق ئاخىرلىشىدۇ (ئاخىرلىشىدىكەن)، پارتىزانلار ھەممە يەرگە مىنا كۆمۈپ تاشلايدۇ (تاشلايدىكەن)، دۈشمەن كەنتكە كىرىش بىلەن ھەممە تەرەپتىن مىنا پارتلايدۇ (پارتلايدىكەن)، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ تولىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ (تۈگەيدىكەن)، قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشىدۇ (چۈشىدىكەن).

(3) سۆزلىگۈچى ئۆزى ۋاستىلىك خەۋەردار بولغان بىرەر ۋەقەنى باشتىن-ئاياغ سۆزلەپ بېرىشتە، ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنى قوللانسىمۇ، ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

ۋەقە مانا مۇنداق ئىكەن: تۇرسۇن ۋېلسىپىت بىلەن ئىشقا كېتىۋاتسا، بىر يۈك ماشىنىسى يولنىڭ چېتىدە كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى سوقۇۋېتىدۇ (سوقۇۋېتىدىكەن)، تۇرسۇن دەرھال ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ بوۋاينى يۆلەيدۇ (يۆلەيدىكەن)، ئاڭغىچە كوچىدىكى ماشىنىنى توسايدۇ (توسايدىكەن)، لېكىن ماشىنا توختىماي قاچىدۇ (قاچىدىكەن)، تۇرسۇن بوۋاينى باشقىلارغا تاپشۇرۇپ ئۆزى ۋېلسىپىت بىلەن ماشىنىنى قوغلايدۇ (قوغلايدىكەن)……

(4) يازغۇچى ئەدەبىي ئەسەردە مەلۇم ۋەقە يۈز بېرىش ئالدىدا بولۇپ تۇرغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى بايان قىلىشتا ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنى قوللىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

…ئۈچقان قار پارچىلىرى يىلاندەك كۆشۈلدايدۇ، شاخلار چىرقىرايدۇ، ھۇۋلايدۇ، ئاللىقايەرلەردىن گۈلدۈرلىگەن، شارقىرىغان، قاراسلىغان ئاۋازلار كېلىدۇ.

(5) چۆچەكلەردىكى شەخسلەرنىڭ دائىملىق ھەرىكىتى

ئومۇمەن ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە بايان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورۇنلىغان ھەرىكەتلىرىنىمۇ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىدە بايان قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەمپىرى بىلەن دېڭىز بويىدا ياشايدىكەن. ھەر كۈنى دېڭىزدىن بېلىق تۇتۇپ شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، ئۇ بىر كۈنى دېڭىزغا تور تاشلىسا، بىر ئالتۇن بېلىق تورغا چۈشۈپ قالىدىكەن، بوۋاي خوشال بولۇپ بېلىقنى قولىغا ئالغاندا، بېلىق خۇددى ئادەمدەك سۆزلەشكە باشلايدىكەن......

(6) ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى بەزىدە پەرەز بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

تىرشمايدىكەنسەن، جەزمەن ئارقىدا قالىسەن.

دۈشمەن بىزگە چېقىلىدىكەن، جەزمەن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز.

(7) ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "ئار" تۈرى پەقەت شېئىر ۋە ماقال-تەمسىللەردىلا ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تاما-تاما كۆل بولار (ماقال)

ئىسلارمەن مىلتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا،

يىپىشارمەن بايراق بىلەن ئالغا ئاتلىغان يولغا.

كۆرەش باياۋىنىدا ھارماسمەن ئەسلا،

يېڭىش بىلەن كېلىپ چىقمىز كەڭ غالىب يولغا.

(ل. مۇتەللىپ)



5.4.11. پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى

1) ياسىلىشى

Δ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازاتتىم// يازار ئىدىم // يازىدىغانىدىم |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازاتتۇق //يازار ئىدۇق// يازىدىغانىدۇق |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازاتتىڭ // يازار ئىدىڭ //يازىدىغانىدىڭ |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازاتتىڭىز//يازار ئىدىڭىز //يازىدىغانىدىڭىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازاتتىلا //يازار ئىدىلە// يازىدىغانىدىلە |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازاتتىڭلار//يازار ئىدىڭلار // يازىدىغانىدىڭلار |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشاتتىلا//يېزىشار ئىدىلە// يېزىشىدىغانىدىلە |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشاتتىڭ// يېزىشار ئىدىڭ// يېزىشىدىغانىدىڭ |
| III شەخس تۈرى | | يازاتتى //يازار ئىدى// يازىدىغان ئىدى |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىرىنچى خىل ۋارىيانتى پېئىلنىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراش نەتىجىسىدە مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن. ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى "ئا" لىق رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمايتتىم، يازمايتتىڭ، يازمايتتى...

ئىككىنچى خىل ۋارىيانتى "ئار" لىق سۈپەتداش شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان، ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماس ئىدىم، يازماس ئىدىڭ.

ئۈچىنچى خىل ۋارىيانتى پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ

"غان" لىق تۈرگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان. بەزىدە ھۆكۈم باغلامچىسى چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۆپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمايدىغاندىم، يازمايدىغاندىڭ، يازمايدىغاندى...

△ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىدىكەنمەن//يازىدىغانىكەنمەن // يازار ئىكەنمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىدىكەنمىز//يازىدىغانىكەنمىز//يازار ئىكەنمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىدىكەنسەن //يازىدىغانىكەنسەن// يازار ئىكەنسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىدىكەنسىز//يازىدىغانىكەنسىز // يازار ئىكەنسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازىدىكەنلا //يازىدىغانىكەنلا// يازار ئىكەنلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازىدىكەنسىلەر//يازىدىغانىكەنسىلەر // يازار ئىكەنسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىكەنلا//يېزىشىدىغانىكەنلا// يېزىشار ئىكەنلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىدىكەنسەن// يېزىشىدىغانىكەنسەن// يېزىشار ئىكەنسەن |
| III شەخس تۈرى | | يازىدىكەن//يازىدىغانىكەن// يازار ئىكەن |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىرىنچى خىل ۋارىيانتى ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش كەلگەن.

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ۋارىيانتلىرى پۈتمىگەن ھاللىق سۆپەتداشقا ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.



ئۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۆپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمايدىغاندىم، يازماس ئىدىم...

△ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىدىغانىكەنمىشمەن// يازار ئىكەنمىشمەن// يازىدىكەنمىشمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىدىغانىكەنمىشمىز//يازار ئىكەنمىشمىز// يازىدىكەنمىشمىز. |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىدىغانىكەنمىشسەن // يازار ئىكەنمىشسەن // يازىدىكەنمىشسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىدىغانىكەنمىشسىز//يازار ئىكەنمىشسىز // يازىدىكەنمىشسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يازىدىغانىكەنمىشلا // يازار ئىكەنمىشلا// يازىدىكەنمىشلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازىدىغانىكەنمىشسىلەر//يازار ئىكەنمىشسىلەر // يازىدىكەنمىشسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىغانىكەنمىشلا//يېزىشار ئىكەنمىشلا// يېزىشىدىكەنمىشلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىدىغانىكەنمىشسەن// يېزىشار ئىكەنمىشسەن// يېزىشىدىكەنمىشسەن |
| III شەخس تۈرى | | يازىدىغانىكەنمىش//يازار ئىكەنمىش// يازىدىكەنمىش |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋارىيانتلىرى پۈتمىگەن ھاللىق سۆپەتداشقا ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان. ئۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۆپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازمايدىغانىكەنمىشمەن، يازماس ئىكەنمىشمەن...

ئۈچىنچى خىل ۋارىيانتى پېئىلنىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە ئاۋۋال "تۇرۇر" باغلامچىسى، ئاندىن ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ئىخچاملىنىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلگەن.

**Δ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يازىدىغان بولغىدىم// يازاتتىمغۇ دەيمەن // يازار ئىدىمغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يازىدىغان بولغىدۇق//يازاتتۇققۇ دەيمەن// يازار ئىدىققۇ دەيمەن |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يازىدىغان بولغىدىڭ // يازاتتىڭغۇ دەيمەن // يازار ئىدىڭغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يازىدىغان بولغىدىلا/ /يازاتتىلاغۇ دەيمەن // يازار ئىدىلەغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك هۆرمەت تۈرى | يازىدىغان بولغىدىڭىز// يازاتتىڭىزغۇ دەيمەن// يازار ئىدىڭىزغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يازىدىغان بولغىدىڭلا//يازاتتىڭلارغۇ دەيمەن // يازار ئىدىڭلارغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك هۆرمەت تۈرى | يېزىشىدىغان بولغىدىلا//يېزىشاتتىلاغۇ دەيمەن// يېزىشار ئىدىلەغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىدىغان بولغىدىڭ// يېزىشاتتىڭغۇ دەيمەن// يېزىشار ئىدىڭغۇ دەيمەن |
| III شەخس تۈرى | | يازىدىغان بولغىيدى//يازاتتىغۇ دەيمەن// يازار ئىدىغۇ دەيمەن |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىرىنچى خىل ۋارىيانتى پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشقا سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان. ئۇنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازمايدىغان بولغىدىم...

ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل ۋارىيانتلىرى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە "-غۇ دەيمەن" قوشۇلۇپ ياسالغان.

**Δ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش كېلىدۇ.

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى قايسى خىل مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرىكەتنىڭ دائىم



بارلىققا كېلىدىغان ياكى كېيىن بارلىققا كېلىدىغان ھالىتىنىڭ ئۆتكەندە ياكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇم بىر ئىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

(1) ئۆتكەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا دائىم بولۇپ تۇرغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كەلگەندە، "ئار" لىق سۈپەتداش قاتناشمىغان ۋارىيانتلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتىم ( ئوقۇيدىغاندىم // ئوقۇيدىغان )، ئەخمەتنىڭ ئاكىسى بىزگە تىل-ئەدەبىيات بېرەتتى ( بېرىدىغاندى//بېرىدىغان )، بىز ئۇنىڭ دەرسىنى ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلايتتۇق. ( ئاڭلايدىغاندۇق// ئاڭلايدىغان ).

ئۇلار ئۇ چاغدا تونۇشمايدىكەن ( تونۇشمايدىغانىكەن )، كېيىن تونۇشۇپتۇ.

ئۇ بۇرۇن كاندا ئىشلەيدىكەنمىش ( ئىشلەيدىغانىكەنمىش )

ھەر يىلى بۇ كەملەردە كۈن ئۇتتەك قىزىپ كېتەتتى ( كېتىدىغان، كېتىدىغاندى ) بۇ يىل خېلى سالقىن بولۇۋاتىدۇ.

مەن كىچىكىمدە مۇشۇ قاچىدا تاماق يەيدىكەنمىشمەن ( يەيدىغانىكەنمىشمەن ).

سىز بۇ مەكتەپكە كەلمەستە خەنزۇچىنى بىلمەيدىغان بولغىدىڭىز؟

78- يىللاردا سىز ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتىڭىزغۇ دەيمەن.

(2) ھەرىكەتنى ئورۇنلاش توغرىسىدىكى قارار، پىلان ياكى كېلىشىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇم بىر ئىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كەلگەندە، "ئا" لىق رەۋىشداش ئاساسىدا ياسالغان ۋارىيانتلار قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزۈممۇ ئۈرۈمچىگە باراتتىم، شۇڭا ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدىم.

مەن ئۇ كۈنى دەرسكە كىرەتتىم، چاقىرساڭلارمۇ بارالمايتتىم.

تۇرسۇنلار قايتىپ كېلەتتى، مەن شۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا بارغاندىم.

كۆتـۈپ تۇرساق بىر ماشىنا كەلـدى، سورىساق، شـەھەرگە كىرىدىكەن، ئاران دېگەندە شوپۇرنى كۆندۈرۈپ ماشىنىغا چىقىۋالدۇق.

(3) بولمىغان ياكى بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولغان ئىشنىڭ بولۇشى توغرىسىدىكى پەرەز ياكى ئارزۇنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كەلگەنـدە، "ئا" لىق رەۋىشداش ياكى "ئا" لىق سۈپەتداش ئاساسىدا ياسالغان شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

چاقىرغان بولساڭلار كېلەتتىم. (كېلەر ئىدىم)

يەنە بەش مىنـۇت كېچىكسـەڭلار، ئۆلگـۈرەلمەس ئىـدىڭلار (ئۆلگۈرەلمەيتتىڭلار).

ئىمكانىيەت بولسا، بۇ يىغىنغا مەنمۇ قاتنىشار ئىدىم (قاتنىشاتتىم).

يۈگۈرمىسەك كېچىكىپ قالار ئىكەنمىز (قالىدىكەنمىز).

ئادەم ئەۋەتمىسەك كەلمەيتتىڭىزغۇ دەيمەن (كەلـمەس ئىـدىڭىزغۇ دەيمەن).

ئۇ بولمىسا، بىز ئامالسىز قالار ئىكەنمىشمىز (قالىدىكەنمىشمىز).

مۇشۇ پۇتلىكاشاڭلار بولمىسا، بىـز تېخىمـۇ زور نەتىجىلەرنـى قولغـا كەلتۈرگەن بولاتتۇق (بولار ئىدۇق).

(4) يـازغۇچى ئەدەبىـي ئەسـەردە مەلـۇم ئىـش يـۈز بېـرىش ئالدىدا ياكى يۈز بەرگەن چاغدا بولـۇپ تۇرغـان ئىشلارنى بايـان قىلىشـتا ئاساسـەن "ئـا" لىـق رەۋىشـداش ئاساسـىدا ياسـالغان ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى شەكىلنى قوللىنىدۇ. مەسىلەن:

چەكسـىز كەتـكەن قومۇشـلۇق، سـەھەردە باشـلىنىدىغان ئـاۋرال شـامىلىدىن دېگـىزدەك دولقۇنلىنـاتتى. نەلەردىـدۇ يـاۋا چوشـقىلار خارتىلـدايتتى. ئۈركـۈگەن يـاۋا غـازلار غاقىلـدايتتى. قىرغـاۋۇل خـورىزى چىللايتتى. ئەبلغازى... قارا سۇنى ياقىلاپ مېڭىۋەردى. (ز. سابىر)

ئەبلغازى كاڭدا سۇنايلىنىپ ئۇزاق ياتتى. ئاسىم بىلەن ئۆز خىيالىدا تالىشىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ... ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۆچۈشكە باشلىغان تاماكىسىنى تارتىپ قوياتتى، كۆكـۈچ ئىـس شـالاڭ، سـارغايغان چىشلىرى



ئارىسىدىن ۋە بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقاتتى...
(ز. سابىر)

### 6.4.11. ئىنچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى

**1) ياسىلىشى**

**△ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىنچىل ھازىرقى زامـان خەۋەر شەكلى تۆۋەنـدىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتىمەن، يېزىپ ئولتۇرىمەن، ئوقۇپ ياتىمەن، كۆتۈپ تۇرىمەن، كۆرۈپ يۈرىمەن، ياتىمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتىمىز، يېزىپ ئولتۇرىمىز، ئوقۇپ ياتىمىز، كۆتۈپ تۇرىمىز، كۆرۈپ يۈرىمىز، ئولتۇرىمىز |
| II شەخس | بىرلىـك ئـاددىي تۈرى | يېزىۋاتىسەن، يېزىپ ئولتۇرىسەن، ئوقۇپ ياتىسەن، كۆتۈپ تۇرىسەن، كۆرۈپ يۈرىسەن، تۇرىسەن |
| | بىرلىـك سـىپايە تۈرى | يېزىۋاتىسىز، يېزىپ ئولتۇرىسـىز، ئوقـۇپ ياتىسـىز، كۆتـۈپ تۇرىسىز، كۆرۈپ يۈرىسىز، يۈرىسىز. |
| | بىرلـــــــك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتىدىلا، يېزـىپ ئولتۇرىـدىلا، ئوقـۇپ ياتـدىلا، كۆتـۈپ تۇرىدىلا، كۆرۈپ يۈرىدىلا، ياتىدىلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتىسـىلەر، يېزـىپ ئولتۇرىسـىلەر، ئوقـۇپ ياتىسـىلەر، كۆتۈپ تۇرىسىلەر، كۆرۈپ يۈرىسىلەر، ئولتۇرىسىلەر |
| | كۆپلـــــۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشـىۋاتىدىلا، يېزـىپ ئولتۇرىشـىدىلا، ئوقـۇپ يېتىشـىدىلا، كۆتۈپ تۇرۇشىدىلا، كۆرۈپ يۈرۈشىدىلا، تۇرىشىدىلا |
| | كۆپلـــــۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتىسەن، يېزىپ ئولتۇرۇشسەن، ئوقۇپ يېتىشسـەن، كۆتۈپ تۇرۇشسەن، كۆرۈپ يۈرۈشسەن، يۈرۈشسەن |
| III شەخس تۈرى | | يېزىۋاتـىدۇ، يېزـىپ ئولتۇرـىدۇ، ئوقـۇپ ياتـىدۇ، كۆتـۈپ تۇرىدۇ، كۆرۈپ يۈرىدۇ، ياتىدۇ |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىنچىل تۈستىكى "ئـا" لىق رەۋىشـداش شەكلى ياكى ھالەت پېئىلنىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش شەكلى ئاساسىدا ۋاستىسـىز بايـان مەيلىـدىكى پـۈتمىگەن ھـازىرقى زامـان خەۋەر

شەكلىنىڭ "ئا" شەكلى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسالغان.

ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ يەنە بىر تۈرى بولۇپ، بۇ تۈرى پېئىلنىڭ "ماق" لىق ئىسىمداش شەكلىگە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى ۋە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ (ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ III شەخس شەكلى قوللىنىلمايدۇ). مەسىلەن:

يازماقتىمەن، يازماقتىمىز، يازماقتىسەن، يازماقتىسىز، يازماقتىسىلەر، يازماقتا…

**Δ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋېتىپتىمەن، يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن، ئوقۇپ يېتىپتىمەن، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، كۆرۈپ يۈرۈپتىمەن، يېتىپتىمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋېتىپتىمىز، يېزىپ ئولتۇرۇپتىمىز، ئوقۇپ يېتىپتىمىز، كۈتۈپ تۇرۇپتىمىز، كۆرۈپ يۈرۈپتىمىز، ئولتۇرۇپتىمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋېتىپسەن، يېزىپ ئولتۇرۇپسەن، ئوقۇپ يېتىپسەن، كۈتۈپ تۇرۇپسەن، كۆرۈپ يۈرۈپسەن، تۇرۇپسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋېتىپسىز، يېزىپ ئولتۇرۇپسىز، ئوقۇپ يېتىپسىز، كۈتۈپ تۇرۇپسىز، كۆرۈپ يۈرۈپسىز، يۈرۈپسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋېتىپتىلا، يېزىپ ئولتۇرۇپتىلا، ئوقۇپ يېتىپتىلا، كۈتۈپ تۇرۇپتىلا، كۆرۈپ يۈرۈپتىلا، يېتىپتىلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋېتىپسىلەر، يېزىپ ئولتۇرۇپسىلەر، ئوقۇپ يېتىپسىلەر، كۈتۈپ تۇرۇپسىلەر، كۆرۈپ يۈرۈپسىلەر، ئولتۇرۇپسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋېتىشىپتىلا، يېزىپ ئولتۇرۇشۇپتىلا، ئوقۇپ يېتىشىپتىلا، كۈتۈپ تۇرۇشۇپتىلا، كۆرۈپ يۈرۈشۈپتىلا، تۇرۇشۇپتىلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىۋېتىشىپسەن، يېزىپ ئولتۇرۇشۇپسەن، ئوقۇپ يېتىشىپسەن، كۈتۈپ تۇرۇشۇپسەن، كۆرۈپ يۈرۈشۈپسەن، ئولتۇرۇشۇپسەن |
| III شەخس تۈرى | | يېزىۋېتىپتۇ، يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئوقۇپ يېتىپتۇ، كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، كۆرۈپ يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ |



بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلى ياكى ھالەت پېئىلىنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى ئاساسىدا ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسالغان.

**Δ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتقۇدەكمەن//يېزىۋاتار ئىمىشمەن//يېزىۋاتارمەنمىش، يېزىپ ئولتۇرغۇدەكمەن، كۈتۈپ تۇرار ئىمىشمەن، ياتار ئىمىشمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتقۇدەكمىز//يېزىۋاتار ئىمىشمىز//يېزىۋاتارمىزمىش، كۆرۈپ يۈرەر ئىمىشمىز، ساقلاپ ياتقۇدەكمىز، تۇرغۇدەكمىز. |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقۇدەكسەن//يېزىۋاتار ئىمىشسەن//يېزىۋاتارسەنمىش، يېزىپ ئولتۇرغۇدەكسەن، ئوقۇپ ياتارسەنمىش، ئولتۇرار ئىمىشسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋاتقۇدەكسىز//يېزىۋاتار ئىمىشسىز//يېزىۋاتارسىزمىش، ساقلاش ياتارئىمىشسىز، كۈتۈپ تۇرارسىزمىش، يۈرگۈدەكسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتقۇدەكلا//يېزىۋاتار ئىمىشلا//يېزىۋاتارلامىش، ئوقۇپ ياتارلامىش، ساقلاپ تۇرغۇدەكلا، ئولتۇرارلامىش |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقۇدەكسىلەر//يېزىۋاتار ئىمىشسىلەر // يېزىۋاتارسىلەرمىش، ساقلاپ ياتقۇدەكسىلەر، كۈتۈپ تۇرار ئىمىشسىلەر، ياتار ئىمىشسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىۋاتقۇدەكلا//يېزىشىۋاتار ئىمىشلا// يېزىشىۋاتارلامىش، ساقلاپ تۇرۇشارلامىش، يېزىپ ئولتۇرۇشقۇدەكلا، تۇرۇشقۇدەكلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتقۇدەكسەن//يېزىشىۋاتار ئىمىشسەن// يېزىشىۋاتارسەنمىش، ساقلاپ يېتىشقۇدەكسەن، كۆرۈپ يۈرۈشەر ئىمىشسەن، تۇرۇشار ئىمىشسەن |
| III شەخس تۈرى | | يېزىۋاتقۇدەك//يېزىۋاتار ئىمىش// يېزىپ ئولتۇرار ئىمىش، كۈتۈپ تۇرغۇدەك، ئولتۇرار ئىمىش |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى ئۆزەك شەكلى ياكى ھالەت پېئىللىرىنىڭ ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسالغان.

ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرى يەنە پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى ئۆزەك شەكلى ياكى ھالەت پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا ياسىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: يېزىۋېتىپتۇدەكمەن// يېزىۋېتىپتىمىشمەن// يېزىۋېتىپتىمەنمىش، يېزىۋېتىپتۇدەكسەن// يېزىۋېتىپتىمىشسەن //يېزىۋېتىپسەنمىش، يېزىۋېتىپتۇدەك//يېزىۋېتىپتىمىش؛ يېزىپ ئولتۇرۇپتۇدەكمەن، كۈتۈپ تۇرۇپسەنمىش، ئوقۇپ يېتىپتىمىش، ئولتۇرۇپتۇدەكمەن، يۈرۈپتىمىشسەن، يېتىپتىمىش.

**Δ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتقاندىمەن//يېزىۋاتىمەنغۇ دەيمەن، يېزىپ ئولتۇرغاندىمەن// يېزىپ ئولتۇرىمەنغۇ دەيمەن، ياتقاندىمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتقاندىمىز//يېزىۋاتىمىزغۇ دەيمەن، كۈتۈپ تۇرغاندىمىز//كۈتۈپ تۇرىمىزغۇ دەيمەن//ئولتۇرغاندىمىز |



| | | |
|---|---|---|
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقانسەن//يېزىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، ئوقۇپ ياتقانسەن//ئوقۇپ ياتىسەنغۇ دەيمەن، تۇرغانسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋاتقانسىز//يېزىۋاتىسىزغۇ دەيمەن ، كۆرۈپ يۈرگەنسىز//كۆرۈپ يۈرىسىزغۇ دەيمەن، يۈرگەنسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتقانلا//يېزىۋاتىدىلاغۇ دەيمەن، يېزىپ ئولتۇرغانلا//يېزىپ ئولتۇردىلاغۇ دەيمەن، ياتقانلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقانسىلەر//يېزىۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن، كۈتۈپ تۇرغانسىلەر//كۈتۈپ تۇرىسىلەرغۇ دەيمەن، ئولتۇرغانسىلەر |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىۋاتقانلا، يېزىشىۋاتىدىلاغۇ دەيمەن، كۆرۈپ يۈرۈشكەنلا//كۆرۈپ يۈرۈشىدىلاغۇ دەيمەن، تۇرۇشقانلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتقانسەن//يېزىشىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، كۆرۈپ يۈرۈشكەنسەن//كۆرۈپ يۈرۈشىسەنغۇ دەيمەن، يۈرۈشكەنسەن |
| III شەخس تۈرى | | يېزىۋاتقاندۇ//يېزىۋاتىدىغۇ دەيمەن، ئوقۇپ ياتقاندۇ// ئوقۇپ ياتىدىغۇ دەيمەن، ئولتۇرغاندۇ |

بۇ شەكىللەرنىڭ بىر خىلى پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان "-دۇ" شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان، يەنە بىر خىلى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە "-غۇ دەيمەن" باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.

**Δ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتقان ئوخشايمەن// يېزىۋاتقان بولسام كېرەك// يېزىۋاتقان چېغىمبا، يېزىپ ئولتۇرغان ئوخشايمەن، ئوقۇپ ياتقان بولسام كېرەك، ياتقان چېغىمبا |

| | | |
|---|---|---|
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتقان ئوخشايمىز// يېزىۋاتقان بولساق كېرەك// يېزىۋاتقان چېغىمىزۋا، يېزىپ ئولتۇرغان ئوخشايمىز، ئوقۇۋپ ياتقان بولساق كېرەك، ياتقان چېغىمىزۋا |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقان ئوخشايسەن// يېزىۋاتقان بولساڭ كېرەك// يېزىۋاتقان چېغىڭۋا، كۈتۈپ تۇرغان چېغىڭۋا، كۆرۈپ يۈرگەن ئوخشايسەن، تۇرغان ئوخشايمەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋاتقان ئوخشايسىز// يېزىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك// يېزىۋاتقان چېغىڭىزۋا، يېزىپ ئولتۇرغان بولسىڭىز كېرەك، كۆرۈپ يۈرگەن چېغىڭىزۋا، يۈرگەن ئوخشايسىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتقان ئوخشايلا// يېزىۋاتقان بولسىلا كېرەك// يېزىۋاتقان چېغىلىرىۋا، كۈتۈپ تۇرغان بولسىلا كېرەك، ئوقۇۋپ ياتقان ئوخشايلا، ياتقان چېغىلىرىۋا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقان ئوخشايسىلەر// يېزىۋاتقان بولساڭلار كېرەك// يېزىۋاتقان چېغىڭلارۋا، كۈتۈپ تۇرغان چېغىڭلارۋا، كۆرۈپ يۈرگەن ئوخشايسىلەر، ئولتۇرغان بولساڭلار كېرەك |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىۋاتقان ئوخشايلا// يېزىشىۋاتقان بولسىلا كېرەك// يېزىشىۋاتقان چېغىلىرىۋا، كۆرۈپ يۈرگەن بولۇشسىلا كېرەك، تۇرۇشقان ئوخشايلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتقان ئوخشايسەن// يېزىشىۋاتقان بولساڭ كېرەك// يېزىشىۋاتقان چېغىڭۋا، كۈتۈپ تۇرۇشقان ئوخشايسەن، يۈرۈشكەن چېغىڭۋا |
| III شەخس تۈرى | | يېزىۋاتقان ئوخشايدۇ// يېزىۋاتقان بولسا كېرەك// يېزىۋاتقان چېغى( ۋا )، ئوقۇۋپ ياتقان بولسا كېرەك، ياتقان چېغى( ۋا ) |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسالغان.

پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ياسالغان ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆزەك



شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. (مەسىلەن: يازمايۋاتىمەن، يازماي ئولتۇرۇپتىمىز، ئوقۇماي ياتقۇدەكسەن، يازمايۋاتقان ئوخشايسىز، يازمايۋاتقاندۇ). يەنە بىر خىلى پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى ئۆزەك شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ (مەسىلەن: يېزىۋاتمايمەن، يېزىپ ئولتۇرماپتىمىز، ئوقۇۋپ ياتمىغۇدەكسەن، يېزىۋاتمىغان ئوخشايسىز، يېزىۋاتمىغاندۇ). بۇ ئىككى خىل بولۇشسىز شەكلى مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

### 2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرى قايسى خىل مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىنىۋاتقان ياكى تۇرغۇن ھالىتىنىڭ ھازىر مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن، ئەخمەتمۇ يېزىۋېتىپتۇ.

ئاڭلىسام، رۇسچە ئوقۇۋاتقۇدەكسىز، نەتىجىسى ياخشى بولۇۋاتقاندۇ، قايسى دەرسلىككە ئاساسلىنىۋاتىسىز؟

ئەخمەت ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، سىزنى كۈتۈپ تۇرىدىغۇ دەيمەن.

قاسىم سىنى ئىزدەپ يۈرەر ئىمىش، چاپسان بار.

سەن بۇ يەردە ئولتۇرىسەن، ئۇلار سىنى كۈتۈپ تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ.

خىزمەتنى سەنلا ئەمەس، بىزمۇ ئىشلەۋاتقاندىمىز.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟ ھەممە ئىشنى ئۆزى

قىلىۋاتقۇدەك، مەن بىكار يۈرەر ئىمىشمەن، تېخى ئۇنىڭ ئىشىغا توسقۇن بولۇۋاتار ئىمىشمەن، سەنمۇ كارىڭ يوق يۈرەر ئىمىشسەن.

رەسىمدە بىر مەكتەپتىكى تەنەپپۇس ۋاقتى تەسۋىرلەنگەن: بىرمۇنچە باللار مەيداندا ئويناپ يۈرىدۇ، بىرنەچچە ئوقۇغۇچى توپ تېپىۋاتىدۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ۋالىبول ئويناۋاتىدۇ، ئىككى ئوقۇغۇچى دەرەخنىڭ تۈۋىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ، بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار قول قايرىشىۋاتىدۇ، ئىككى ئوقۇغۇچى ئۇلارنىڭ قېشىدا قاراپ تۇرىدۇ، بىر ئوقۇغۇچى چىمەنلىكتە ژۇرنال كۆرۈپ ياتىدۇ…

ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىنچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "ماق" لىق ئىسىمداش ئاساسىدا ياسالغان تۈرى ئاساسەن يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىز ھازىر كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانماقتىمىز، ۋەتىنىمىز ئۈچقاندەك راۋاجلانماقتا.

يازغۇچى مەلۇم ۋەقە يۈز بېرىش ئالدىدا داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغان ھەرىكەتنى ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەتنى بايان قىلىشتىمۇ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىنچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "ماق" لىق ئىسىمداش ئاساسىدىكى تۈرىنى قوللىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

قاش دەرياسىنىڭ خوپلا تارتىلىپ كەتكەن سۈزۈك، شوخ سۈيىمۇ قىرغاقلىرىدا چاۋاتتەك نېپىز قىسىندىلارنى توڭلىتىپ، شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن جەنۇبقا قاراپ ئاقماقتا… توشقان، جەرەنلەر تاللارنىڭ يۇمران شاخلىرىغا بۈيۈنلىرىنى سوزماقتا……

(ز. سابىر)



**7.4.11. ئىنچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى**

**1) ياسىلىشى**

**Δ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىنچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:**

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتاتتىم//يېزىۋاتقانىدىم//يېزىۋېتىۋىدىم//يازماقتا ئىدىم، ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، كۆرۈپ تۇرغانىدىم، يېتىۋىدىم |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتاتتۇق//يېزىۋاتقانىدۇق//يازماقتا ئىدۇق، كۈتۈپ ئولتۇراتتۇق، ئويناپ يۈرەتتۇق، ئولتۇراتتۇق |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتاتتىڭ//يېزىۋاتقانىدىڭ//يازماقتا ئىدىڭ، ئوقۇپ ياتاتتىڭ، تۇرۇۋىدىڭ، يۈرگەنىدىڭ |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋاتاتتىڭىز//يېزىۋاتقانىدىڭىز//يېزىۋېتىۋىدىڭىز//يازماقتا ئىدىڭىز، يېزىپ ئولتۇراتتىڭىز، كۆرۈپ يۈرۈۋىدىڭىز، تۇراتتىڭىز |
| | بىرلىك ھۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتاتتىلا//يېزىۋاتقانىدىلە//يېزىۋېتىۋىدىلە//يازماقتا ئىدىلە، ئوقۇپ ياتاتتىلا، قاراپ تۇراتتىلا، ياتقانىدىلە |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتاتتىڭلار//يېزىۋاتقانىدىڭلار//يازماقتا ئىدىڭلار، كۈتۈپ تۇراتتىڭلار، يېزىپ ئولتۇراتتىڭلار، يۈرۈۋىدىڭلار |
| | كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرى | يېزىشىۋاتاتتىلا // يېزىشىۋاتقانىدىلە // يېزىشىۋېتىۋىدىلە // قاراپ تۇرۇشقانىدىلە، يېزىپ ئولتۇرۇشاتتىلا، تۇرۇشاتتىلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتاتتىڭ // يېزىشىۋاتقانىدىڭ // يېزىشىۋېتىۋىدىڭ // قاراپ يۈرۈشەتتىڭ، كۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتىڭ، يېتىشاتتىڭ |
| III شەخس | | يېزىۋاتاتتى//يېزىۋاتقانىدى//يېزىۋېتىۋىدى//يازماقتا ئىدى، يېزىپ ئولتۇراتتى، قاراپ تۇراتتى، يۈرگەنىدى |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىنچىل تۈستىكى "ئا" لىق رەۋىشداش ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە، ياكى ئىنچىل ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە، ياكى "-ماق" لىق ئىسىمداش شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسالغان.

△ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنمەن//يېزىۋېتىۋىكەنمەن//يېزىۋاتىدىكەنمەن//يېزىۋېتىپتىكەنمەن، يېزىپ ئولتۇرغانىكەنمەن، ياتقانىكەنمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنمىز// يېزىۋېتىۋىكەنمىز// يېزىۋاتىدىكەنمىز// يېزىۋېتىپتىكەنمىز، كۆتۈپ تۇرۇۋىكەنمىز، ئولتۇرۇۋىكەنمىز |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنسەن//يېزىۋېتىۋىكەنسەن//يېزىۋاتىدىكەنسەن//يېزىۋېتىپتىكەنسەن، ئوقۇپ يېتىپتىكەنسەن، تۇرۇپتىكەنسەن |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنسىز//يېزىۋېتىۋىكەنسىز//يېزىۋاتىدىكەنسىز//يېزىۋېتىپتىكەنسىز، كۈرۈپ يۈرىدىكەنسىز، يۈرىدىكەنسىز |
| | بىرلىك هۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنلا//يېزىۋېتىۋىكەنلا//يېزىۋاتىدىكەنلا//يېزىۋېتىپتىكەنلا، يېزىپ ئولتۇرغانىكەنلا، يېتىۋىكەنلا |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنسىلەر//يېزىۋېتىۋىكەنسىلەر//يېزىۋاتىدىكەنسىلەر// يېزىۋېتىپتىكەنسىلەر، كۆتۈپ تۇرۇۋىكەنسىلەر، ئولتۇرغانىكەنسىلەر |
| | كۆپلۈك هۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتقانىكەنلا//يېزىشىۋېتىۋىكەنلا//يېزىشىۋاتىدىكەنلا//يېزىشىۋېتىپتىكەنلا، كۈرۈپ يۈرۈشۈۋىكەنلا، تۇرۇشۇپتىكەنلا |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتىدىكەنسەن // يېزىشىۋېتىۋىكەنسەن // يېزىشىۋاتىدىكەنسەن // يېزىشىۋېتىپتىكەنسەن، كۆتۈپ تۇرۇشىدىكەنسەن، يېتىشىدىكەنسەن |
| III شەخس | | يېزىۋاتقانىكەن، يېزىۋېتىۋىكەن، يېزىۋاتىدىكەن، يېزىۋېتىپتىكەن، ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن، ئولتۇرىدىكەن |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە، ياكى ئىزچىل تۈستىكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە، ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ III شەخس تۈرىگە، ياكى ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىنىڭ III شەخس تۈرىگە، ياكى ھالەت پېئىللىرىنىڭ يۇقىرىدىكىگە مۇناسىپ شەكىللىرىگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.

**△ ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرى** ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ ئاخىرىغا "-مىش" ياردەمچىسىنى قوشۇش ياكى ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنى



ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى بىلەن ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يېزىۋاتقانىكەنمىشمەن//يېزىۋېتىۋىكەنمىشمەن//يېزىۋاتىدىكەنمىشمەن
يېزىۋېتىپتىكەنمىشمەن//يېزىۋاتقانىكەنمەنمىش،
يېزىۋاتقانىكەنسەنمىش//يېزىۋېتىۋىكەنسەنمىش//يېزىۋېتىپتىكەنسەنمىش
يېزىۋاتىدىكەنسەنمىش//يېزىۋېتىۋىكەنمىشسەن،
يېزىۋاتقانىكەنمىش//يېزىۋېتىۋىكەنمىش//يېزىۋاتىدىكەنمىش
يېزىۋېتىپتىكەنمىش، يېزىپ ئولتۇرغانىكەنمىش، يېتىۋىكەنسەنمىش، تۇرىۋىكەنمىش

△ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

| شەخس تۈرى | | مىساللار |
|---|---|---|
| I شەخس | بىرلىك تۈرى | يېزىۋاتقان بولغىيدىم//يېزىۋاتاتتىمغۇ دەيمەن//يېزىپ ئولتۇرغان بولغىيدىم، ياتاتتىمغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك تۈرى | يېزىۋاتقان بولغىيدۇق//يېزىۋاتاتتۇققۇ دەيمەن، كۆتۈپ تۇرغان بولغىيدۇق، ئولتۇرغان بولغىيدۇق |
| II شەخس | بىرلىك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقان بولغىيدىڭ//يېزىۋاتقاندىڭغۇ دەيمەن، ئىزدەپ يۈرىۋىدىڭغۇ دەيمەن، يۈرگەن بولغىيدىڭ |
| | بىرلىك سىپايە تۈرى | يېزىۋاتقان بولغىيدىڭىز//يېزىۋاتاتتىڭىزغۇ دەيمەن، ئوقۇپ ياتقان بولغىيدىڭىز، ئولتۇرغاندىڭىزغۇ دەيمەن |
| | بىرلىك هۆرمەت تۈرى | يېزىۋاتقان بولغىيدىلا//يېزىۋاتقاندىلاغۇ دەيمەن، يېزىپ ئولتۇراتتىلاغۇ دەيمەن، ياتقاندىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك ئاددىي تۈرى | يېزىۋاتقان بولغىيدىڭلار//يېزىۋېتىۋىدىڭلارغۇ دەيمەن، كۆتۈپ تۇرۇۋىدىڭلارغۇ دەيمەن، ئولتۇرغان بولغىيدىڭلار |
| | كۆپلۈك هۆرمەت تۈرى | يېزىشىۋاتقان بولغىيدىلا // يېزىشىۋاتاتتىلاغۇ دەيمەن // يېزىشىۋىدىلاغۇ دەيمەن، قاراپ تۇرۇشقان بولغىيدىلا، تۇرۇشاتتىلاغۇ دەيمەن |
| | كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى | يېزىشىۋاتقان بولغىيدىڭ//يېزىشىۋاتقاندىڭغۇ دەيمەن، ئىزدەپ يۈرۈشكەن بولغىيدىڭ، يېتىشقاندىڭغۇ دەيمەن |
| III شەخس تۈرى | | يېزىۋاتقان بولغىيدى//يېزىۋېتىۋىدىغۇ دەيمەن، قاراپ ئولتۇرغان بولغىيدى، يۈرەتتىغۇ دەيمەن. |

بۇ شەكىللەر پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداش شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە "- غۇ دەيمەن" باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان.

**Δ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئىزچىل ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش بولىدۇ. مەسىلەن:

يېزىۋاتقان ئوخشايمەن، يېزىۋاتقان بولساڭ كېرەك، ئىزدەپ يۈرگەن چېغىمىزۋا، يېزىۋاتقان ئوخشايسەن، يېزىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، تۇرغان چېغى( ۋا )

پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ياسالغان ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ بولۇشسىز شەكلىمۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆزەك شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. (مەسىلەن: يازمايۋاتاتتىم، يازماي ئولتۇرغانىدىڭ، يازمايۋاتقانىكەن، يازمايۋېتىپتىكەنمىش، يازمايۋاتقان بولغىيدى)، يەنە بىر خىلى، پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈستىكى ئۆزەك شەكلىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدا ياسىلىدۇ. (مەسىلەن: يېزىۋاتمايتتىم، يېزىپ ئولتۇرمىغانىدىڭ، يېزىۋاتمىغانىكەن، يېزىۋاتماپتىكەنمىش، يېزىۋاتمىغان بولغىيدى) بۇ ئىككى خىل بولۇشسىز شەكلى مەنە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى" بابىدا توختىلىمىز.

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى قايسى خىل مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋام



قىلىۋاتقان ياكى تۇرغۇن ھالىتىنىڭ بۇنىدىن بۇرۇن ياكى مەلۇم بىر ئىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار كەلگەندە بىز مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق.

بىز بارغاندا ئۇلار مەجلىس ئېچىۋېتىپتىكەن.

بىز مەجلىس ئېچىۋاتقاندۇق، ئۇلار يېتىپ كەلدى.

ئەخمەت ياتاقتا ئولتۇرىدىكەن، چاقىرىپ چىقتىم.

ئەخمەتمۇ ماقالە يېزىۋېتىپتىكەنمىش، توختىتىپ قويۇپتىمىش.

سىلەر بارغاندا، ئەخمەت تېخى ئۇخلاۋاتقان بولغىيدى.

تۈنۈگۈن سىلەر مېنى ئىزدىگەندە، مەن سىنىپتا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بولسام كېرەك.

كىرسەم بىرنەرسە يېزىپ ئولتۇرغانىكەنسىز، ئاستا قايتىپ چىقتىم.

مەن ياتاقتا كىتاب ئوقۇپ ياتقانىكەنمەن، چاقىرماي چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "ماق" لىق ئىسىمداش شەكلى ئاساسىدا ياسالغان تۈرى ئاساسەن يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار پارات مۇنبىرى ئالدىغا كەلگەندە، مىڭلىغان رەڭمۇرەڭ شارلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

بىز ئۇ چاغدا يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقتا ئىدۇق.

يازغۇچى ئەدەبىي ئەسەردە مەلۇم ئىش يۈز بېرىش ئالدىدا ياكى مەلۇم ئىش يۈز بەرگەن چاغدا داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكەت ياكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھالەتنى بايان قىلىشتا ئاساسەن ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىنىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش ئاساسىدا ياكى "ماق" لىق ئىسىمداش ئاساسىدا ياسالغان تۈرىنى قوللىنىشى مۇمكىن مەسىلەن:

ئەكبەر كۆلۈمسىرىدى، ئۆيدە ئۇخلاۋاتقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان،

مەنسۇر بىلەن روزاخۇن بوۋاي كۆتەك يېرىۋاتاتتى. ئاسىم بىلەن ئەخمەت جاڭزا قورۇسىنىڭ تېمىغا چىقىۋېلىپ، بىر ئېمىلەرنى دېيىشمەكتە ئىدى. ئەبلغازى ئالدىراپ ئۆكۈزگە چانا قېتىۋاتاتتى...... (ز.سابىر)

## 8.4.11. مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى

**1) ياسىلىشى**

△ **ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى** پېئىلنىڭ مەقسەت پېئىلى شەكلىگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. لېكىن II شەخسنىڭ بىرلىك ھۆرمەت تۈرى بىلەن كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرىدە ۋە III شەخستە ھۆكۈم باغلامچىسى كەلمەيدۇ. باشقا تۈردىكى ھۆكۈم باغلامچىلىرىمۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى ئېيتىلغان ئەھۋالدا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن مەسىلەن: يازماقچىمەن، يازماقچىمىز، يازماقچىسەن، يازماقچىسىز، سىلى يازماقچى، يېزىشماقچى، يېزىشماقچىسەن، يازماقچى.

△ **ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى** پېئىلنىڭ مەقسەت پېئىلى شەكلىگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچىكەنمەن، يازماقچىكەنمىز، يازماقچىكەنسەن، يازماقچىكەنسىز، يازماقچىكەنلا، يازماقچىكەنسىلەر، يېزىشماقچىكەنلا، يېزىشماقچىكەنسەن، يازماقچىكەن.

△ **ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى** پېئىلنىڭ مەقسەت پېئىلى شەكلىگە ئاڭلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچىمىشمەن // يازماقچىدەكمەن، يازماقچىمىشمىز // يازماقچىدەكمىز، يازماقچىمىشسەن// يازماقچىدەكسەن، يازماقچىمىشسىز //



يازماقچىدەكسىز، يازماقچىمىشلا // يازماقچىدەكلا، يازماقچىمىشسىلەر // يازماقچىدەكسىلەر، يېزىشماقچىمىشلار // يېزىشماقچىدەكلا، يېزىشماقچىمىشسەن، // يېزىشماقچىدەكسەن، يازماقچىمىش // يازماقچىدەك.

△ **سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى** پېئىلنىڭ مەقسەت پېئىلى شەكلىگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە "-غۇ دەيمەن" ياردەمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچىدۇرمەن // يازماقچىمەنغۇ دەيمەن، يازماقچىدۇرمىز // يازماقچىمىزغۇ دەيمەن، يازماقچىدۇرسەن // يازماقچىسەنغۇ دەيمەن، يازماقچىدۇرسىز // يازماقچىسىزغۇ دەيمەن، يازماقچىدۇرلا // يازماقچىلاغۇ دەيمەن // سىلى يازماقچىغۇ دەيمەن // يازماقچىدۇرسىلەر // يازماقچىسىلەرغۇ دەيمەن، يېزىشماقچىدۇرلا // يېزىشماقچىلاغۇ دەيمەن (ھەرقايسىلىرى يېزىشماقچىغۇ دەيمەن)، يېزىشماقچىدۇرسەن // يېزىشماقچىسەنغۇ دەيمەن، يازماقچىدۇ // يازماقچىغۇ دەيمەن.

△ **ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى** پېئىلنىڭ مەقسەت پېئىلى شەكلىگە ئوبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ "ئوخشا-"، "بول-" ئاساسىدىكى شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچى ئوخشايمەن // يازماقچى بولسام كېرەك، يازماقچى ئوخشايمىز // يازماقچى بولساق كېرەك، يازماقچى ئوخشايسەن // يازماقچى بولساڭ كېرەك، يازماقچى ئوخشايسىز // يازماقچى بولسىڭىز كېرەك، يازماقچى ئوخشايلا // يازماقچى بولسىلا كېرەك، يازماقچى ئوخشايدۇ// يازماقچى بولسا كېرەك.

△ **مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ بولۇشسىز شەكىللىرى** مەقسەت پېئىلى بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ

ئارىلىقىغا بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ”ئەمەس“ نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچى ئەمەسمەن، يازماقچى ئەمەسمىز، يازماقچى ئەمەسكەنسەن، يازماقچى ئەمەسمىش.

**2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى**

پېئىلنىڭ مەقسەت ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى قايسى خىل مەيىل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرىكەتنىڭ نىيەت قىلىنغان ياكى كېلىشىلگەن ئىش سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن يېقىندا ئۆيگە بېرىپ كەلمەكچىمەن.

ئۇ ئەتە سەن بىلەن كۆرۈشمەكچىمىش.

سىز ئەخمەت بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئۇ سىزگە بىر نەرسە بەرمەكچى.

بۇ مەسىلە توغرۇلۇق مەخسۇس بىر يىغىن ئېچىلماقچى.

تاشقىرىدا بىر ئادەم تۇرىدۇ، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىمۇ دەيمەن.

ئۇ مۇشۇ توغرۇلۇق بىر نەرسە يازماقچى بولسا كېرەك، ماتېرىيال توپلاپ يۈرىدۇ.

### 9.4.11. مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى

**1) ياسىلىشى**

**△ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** مەقسەت پېئىلىغا ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ، ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ مەقسەت پېئىلىغا قوشۇلۇپ كېتىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ بېشىدىكى ”ئى“ تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: يازماقچىدىم، يازماقچىدۇق، يازماقچىدىڭ، يازماقچىدىڭىز، يازماقچىدىڭلار، يازماقچىدى.

**△ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان



خەۋەر شەكلى بىلەن شەكىلداش بولىدۇ. پەقەت III شەخستىلا ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى سۆزلەۋاتقاندا ”ئىكەندۇق“ شەكلى قوللىنىلىشى مۇمكىن.

**△ ئاگاھلاندۇرۇش بايان مەيلىدىكى مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** مەقسەت پېئىلىغا ئاگاھلاندۇرۇش ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ ياكى ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە ”-مىش“ ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ھۆكۈم باغلامچىسى مەقسەت پېئىلىغا قوشۇلۇپ كېتىش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ بېشىدىكى ”ئى“ تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: يازماقچىكەنمىشمەن // يازماقچىكەنمەنمىش، يازماقچىكەنمىشمىز // يازماقچىكەنمىزمىش، يازماقچىكەنمىشسەن // يازماقچىكەنسەنمىش، يازماقچىكەنمىش.

**△ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** مەقسەت پېئىلىغا سۇبيېكتىپ مۆلچەر ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكىللىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازماقچى بولغىيدىڭ // يازماقچىدىڭغۇ دەيمەن، يازماقچى بولغىيدى // يازماقچىدىغۇ دەيمەن.

**△ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى** ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى مەقسەت ھازىرقى زامان شەكلى بىلەن تەڭداش بولىدۇ.

**مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىنىڭ بولۇشسىز شەكلى** مەقسەت پېئىلى بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسى ئارىلىقىغا بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى ”ئەمەس“نى قوشۇش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يازماقچى ئەمەسدىم، يازماقچى ئەمەسدۇق،

يازماقچى ئەمەسكەنسەن، يازماقچى ئەمەس بولغىيدىڭىز، يازماقچى ئەمەس ئوخشايدۇ.

### 2) مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ مەقسەت ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى قايسى خىل مەيل تۈرىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرىكەتنىڭ نىيەت قىلىنغان ياكى كېلىشكەن ئىش سۈپىتىدە مەلۇم بىر ئىشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزۈممۇ ئۈرۈمچىگە بارماقچىدىم، شۇڭا ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدىم.

تۇرسۇنلار قايتىپ كەلمەكچىدى، مەن شۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا بارغانىدىم.

كۈتۈپ تۇرساق بىر ماشىنا كەلدى، سورىساق، شەھەرگە كىرىدىكەن، ئاران دېگەندە شوپۇرنى كۆندۈرۈپ ماشىنىغا چىقىۋالدۇق.

ئەخمەتمۇ قاتناشماقچىكەندۇق، چاقىرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن كەلمەپتۇ.

ئەگەر تەكلىپ قىلساق، سەمەتمۇ كەلمەكچىكەنمىش.

تۈنۈگۈن كەلگىنىڭىزدە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچىدىڭىزغۇ دەيمەن.



# ئون ئىككىنچى باب
# پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى

## 1.12. ئومۇمىي بايان

پېئىلنىڭ تۈرلۈك سۆز شەكىللىرى بىلەن خەۋەر شەكىللىرىگە ئورتاق ئاساس بولىدىغان شەكلى پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + غان ←يازغان

ياز + دىم ←يازدىم،

يازما + غىچە ←يازمىغىچە

يازما + يدۇ ←يازمايدۇ

يازدۇر + ۇش ←يازدۇرۇش

يازدۇر + دۇك ←يازدۇردۇك

يېزىل + ىپ ←يېزىلىپ

يېزىل + اتتى ←يېزىلاتتى

يېزىۋات + قان ←يېزىۋاتقان

يېزىۋات + ىمەن ←يېزىۋاتىمەن

يېزىپ قوي + غىلى ←يېزىپ قويغىلى

يېزىپ قوي + ساڭ ←يېزىپ قويساڭ

يازىدىغان بول + غاچقا ←يازىدىغان بولغاچقا

يازىدىغان بول + دۇك ←يازىدىغان بولدۇك.

بۇ مىساللاردا "ياز-" پېئىلنىڭ بىر خىل تۈرلۈك سۆز شەكلى بىلەن بىر خىل خەۋەر شەكلى بىر جۈپ قىلىنغان

بولۇپ، ئۇلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ”ياز-“، ”يازما-“، ”يازدۇر-“، ”يېزىل-“، ”يېزىۋات-“، ”يېزىپ قوي-“، ”يازىدىغان بول-“ شەكىللىرىنى ئاساس قىلغان. مانا مۇشۇ شەكىللەر ”ياز-“ پېئىلىنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ، پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆزەك شەكىللىرى ۋە پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرى دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆزەك شەكىللىرى، پېئىلنىڭ يالغۇز ھالىدىكى ئۆزەك شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق ئۆزەكلەر بىر پېئىل يىلتىزىدىن ياكى بىر پېئىلنىڭ ئۆزەك دائىرىسىدە تۈرلەنگەن شەكىللىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن، ”ياز-“ پېئىلىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆزەك شەكىللىرىنى ئالساق، ئۇلاردىن ”ياز-“، ”يازما-“، ”يازدۇر-“، ”يېزىل-“ شەكىللىرى ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە كىرىدۇ.

پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرى مۇستەقىل پېئىللارنىڭ ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئۆزەك شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، مۇنداق ئۆزەك شەكىللىرى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پېئىل يىلتىزىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن، ”ياز-“ پېئىلىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆزەك شەكىللىرىنى ئالساق، ئۇلاردىن ”يېزىپ قوي-“، ”يازىدىغان بول-“ شەكىللىرى مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرىگە كىرىدۇ.

پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرى دەرىجە جەھەتتىن پەرقلىنىپ، پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بولۇشلۇق، بولۇشسىز جەھەتتىن پەرقلىنىپ پېئىلنىڭ بولۇشلۇق-بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسىنى ھاسىل



قىلىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق پېئىل ئۆزىكى چوقۇم ئوخشاش بولمىغان دەرىجە تۈرلىرىنىڭ بىرىگە ھەم بولۇشلۇق، بولۇشسىز تۈرلىرىنىڭ بىرىگە تەۋە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ”ياز-“ پېئىلىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۆزەك شەكىللىرىنى ئالساق، ”ياز-“ شەكلى ئەسلىي دەرىجە، بولۇشلۇق تۈرىدە كەلگەن؛ ”يازما-“ شەكلى ئەسلىي دەرىجە بولۇشسىز تۈرىدە كەلگەن؛ ”يازدۇر-“ شەكلى مەجبۇرىي دەرىجە، بولۇشلۇق تۈرىدە كەلگەن؛ ”يېزىل-“ شەكلى مەجھۇل دەرىجە، بولۇشلۇق تۈرىدە كەلگەن؛ ”يېزىۋات-“، ”يېزىپ قوي-“، ”يازغان بول-“ شەكىللىرى ئەسلىي دەرىجە، بولۇشلۇق تۈرىدە كەلگەن.

پېئىلنىڭ مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرى، پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرى ۋە پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرى ئاساسەن پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە تۈس ياردەمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىلاردا كەلگەن تۈس ياردەمچىلىرى مۇستەقىل پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ھەر خىل تۈس بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ، پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ”يېزىپ بول-“ قۇرۇلمىسىدىكى ”بول-“ ياردەمچىسى يېزىش ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ئوبيېكتىغا تولۇق ئۆتۈپ بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ؛ ”ئاغرىپ قال-“ قورولمىسىدىكى ”قال-“ ياردەمچىسى ئاغرىش (ساقسىز بولۇش) ھالىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى بىلدۈرىدۇ؛ ”يېزىۋەت-“ (يېزىپ ئەت-) قۇرۇلمىسىدىكى ”ئەت-“ ياردەمچىسى يېزىش ھەرىكىتىنىڭ تېز ياكى كۈچلۈك دەرىجىدە بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ؛ ”يېزىۋەر-“ (يازا بەر-) قۇرۇلمىسىدىكى ”بەر-“ ياردەمچىسى يېزىش ھەرىكىتىنىڭ چەكلىمىسىز بولۇشىنى

بىلدۈرىدۇ، ۋەھاكازا.

پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرى پېئىلنىڭ سۈپەتداش، مەقسەت پېئىلى شەكىللىرىگە ۋە بەزى ئىسىمداش شەكىللىرىگە تولۇق باغلامچى ”بول-“، ”قىل-“، ”تۇر-“ قاتارلىقلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل قۇرۇلمىلار سۈپەتداش ئىپادىلىگەن پۈتكەن، پۈتمىگەن، ئىزچىل ھالەتلەرنىڭ ياكى مەقسەت پېئىلى ئىپادىلىگەن مەقسەت ھالىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرۈپ، پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكلىدە ھال كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، ”يازغان بول-“ قۇرۇلمىسى يېزىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ھالىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ؛ ”يېزىۋاتقان بول-“ قۇرۇلمىسى، يېزىش ھەرىكىتىنىڭ ئىزچىل ھالىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ؛ ”يازىدىغان بول-“ قۇرۇلمىسى، يېزىش ھەرىكىتىنىڭ دائىم بولىدىغان ياكى كېيىن بولىدىغان ھالىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ؛ ”يازماقچى بول-“ قۇرۇلمىسى، يېزىش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى نىيەت ياكى كېلىشمىنىڭ بارلىققا كېلىشنى بىلدۈرىدۇ، ۋاھاكازا.

## 2.12. دەرىجە كاتېگورىيىسى

دەرىجە كاتېگورىيىسى پېئىل ئۆزىكىدە ھەممىدىن ئاۋۋال ئىپادىلىنىدىغان گراماتىك كاتېگورىيە بولۇپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگە بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەخمەت كىنو كۆردى.

(2). بۇ ماقالە ئىككى قېتىم كۆرۈلدى.

(3) ئەخمەت دوختۇرغا كۆرۈندى.

(4) ئەخمەت قولىنى دوختۇرغا كۆرسەتتى.



(5) ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى.

بۇ مىساللاردا ”كۆر-“ پېئىلىنىڭ ئۆزەك قىسمى بەش خىل شەكىلدە كەلگەن بولۇپ، بۇلاردىن (1) جۈملىدىكى ”كۆر-“ شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ لوگىك ئىگىسى (ئىجراچىسى، سۇبيېكتى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (2) جۈملىدىكى ”كۆرۈل-“ شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسى ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ لوگىك ئوبيېكتى (قوبۇل قىلغۇچىسى) ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (3) جۈملىدىكى ”كۆرۈن-“ شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسى بىر تەرەپتىن ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ لوگىك ئوبيېكتى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (4) جۈملىدىكى ”كۆرسەت-“ شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسى ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا تۈرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ (5) جۈملىدىكى ”كۆرۈش-“ شەكلى بولسا، شۇ ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسى ئىككىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر-بىرىنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا ئورۇنلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ”كۆر-“ پېئىلىنىڭ مۇشۇ شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مۇشۇ خىل مەنىلەر پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئەسلىي دەرىجە، مەجھۇل دەرىجە، ئۆزلۈك دەرىجە، مەجبۇرىي دەرىجە، ئۆملۈك دەرىجە دەپ بەش دەرىجىدىن تەركىب تاپىدۇ.

### 1.2.12. ئەسلىي دەرىجە

پېئىلنىڭ باشقا دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلمىغان شەكلى ئەسلىي دەرىجە شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

ئەسلي دەرىجە شەكلىدىكى پېئىللار ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ لوگىك ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ماقالە يازدىم.

بىز بۈگۈن دوكلات ئاڭلىدۇق.

ئۇلار قايتىپ كەتتۇ.

### 2.2.12. مەجھۇل دەرىجە

پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى ئاخىرقى بوغۇمىدا ”ل“ تاۋۇشى بولغان ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆزەكلىرىگە ”-ىن/-ن“ قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، باشقا ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆزەكلىرىگە ”-ل/-ىل/-ۇل/-ۈل“ قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

باشلا + ن ← باشلان ، ئال + ىن ← ئېلىن

ئوينا + ل ← ئوينال ، ياز + ىل ← يېزىل

باشقۇر + ۇل ← باشقۇرۇل ، كۆر + ۈل ← كۆرۈل

مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىللار گراماتىك ئىگىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەسلي ھەرىكەتنىڭ لوگىك ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئون پارچە ماقالە يېزىلدى. (ماقالە — ”ياز-“ ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى)

ئويۇن باشلاندى. (ئويۇن — ”باشلا-“ ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى)

ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ئىككىدىن دەپتەر بېرىلدى. (دەپتەر — ”بەر-“ ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى)

ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلىگە كىرىشى ئۇلارنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىلغا ئايلانغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈملۈك ھەرىكەتنىڭ لوگىك ئىگىسىنى



كۆرسىتىش تەس ياكى ھاجەتسىز بولغان ئەھۋالدا ياكى لوگىك ئوبيېكتنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈر بولغاندا، پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجە شەكلى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماقالە ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ، كىم يازدى؟ (بۇ يەردە لوگىك ئىگە نامەلۇم)

قاسىم ۋەكىللىككە سايلاندى (بۇ يەردە لوگىك ئىگىنى كۆرسىتىش ھاجەتسىز)

ئەكسىيەتچىلەر ئاغدۇرۇلدى (بۇ يەردە لوگىك ئوبيېكت گەۋدىلەندۈرۈلگەن)

بەزى ھاللاردا لوگىك ئوبيېكتنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا لوگىك ئىگىنىمۇ كۆرسىتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا لوگىك ئىگە ئەگەر ئادەم، ئادەملەر ئومۇمىيىتى ياكى بىرەر تەشكىلات بولسا، شۇ لوگىك ئىگىنى كۆرسەتكۈچى ئىسىم ”تەرىپىدىن“ تىركەلمىسى بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ ھالەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئەكسىيەتچىلەر جۇڭگو خەلقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى.

تەمىناتىمىز پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.

پاشا ئىشان تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ناخشا ئالقىشقا ئېرىشتى.

لوگىك ئىگە ئەگەر باشقا شەيئى بولسا، لوگىك ئىگىنىڭ رولى باشقا يوللار بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. مەسىلەن:

دېرىزىنىڭ ئەينىكى شامالدا چېقىلىپ كەتتى.

بىرمۇنچە دەرەخلەر بوراننىڭ زەربىسى بىلەن يۇلۇنۇپ كەتتى.

### 3.2.12. ئۆزلۈك دەرىجە

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجە شەكلى ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆزىكىگە ”-ن/-ىن/-ۇن/-ۈن“ ياكى ”-ل/-ىل/-ۇل/-ۈل“ قوشۇمچىسىنىڭ

قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ماختا + ن ←ماختان- ، كىي + ىن ←كىيىن-

يۇ( ي ) + ۇن ← يۇيۇن- ، كۆر + ۈن ←كۆرۈن

بەر + ىل ←بېرىل- ، قوش + ۇل ← قوشۇل

پېئىلنىڭ ئۆزلۈك دەرىجە شەكلى شۇ ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسىنىڭ ھەم لوگىك ئىگە، ھەم لوگىك ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى ياكى ھەم لوگىك ئوبيېكت، ھەم شۇ ھەرىكەتكە تۇرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ دائىم ماختىنىدۇ ( = ئۇ دائىم ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ ).

بالا ماڭا ئېتىلدى ( = بالا ماڭا ئۆزىنى ئاتتى ).

مەن دوختۇرغا كۆرۈندۈم ( = ئۆزۈمنى دوختۇرغا كۆرسەتتىم ).

ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللار بەزىدە مەجھۇل دەرىجىدىكى پېئىللار بىلەن شەكىلداش بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ مەنىسىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدىكى گۈللەر ئېچىلدى. (ئۆزلۈك دەرىجە)

يىغىن بۈگۈن رەسمىي ئېچىلدى. (مەجھۇل دەرىجە)

ئۇلار يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. (ئۆزلۈك دەرىجە)

ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئۆيلەر تەييارلاندى. (مەجھۇل دەرىجە)

بەزى ئۆتۈمسىز پېئىللار ئۆزلۈك دەرىجە قوشۇمچىلىرىغا ئوخشايدىغان قوشۇمچىلار بىلەن بىرىكىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ئاغرىن-" (ئاغرى + ن)، "ئويلان-" (ئويلا + ن)، "ئۆتۈن-" (ئۆت + ۈن) دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن بۇلارنى ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىل ھېسابلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا ئۆزلۈك



دەرىجە مەنىسى يوق.

يەنە شۇنداقمۇ پېئىللار باركى، ئۇلار ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ھەم شەكىل جەھەتتىنمۇ ئۆزلۈك دەرىجىدىكى پېئىللارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، "شاتلان-"، "خۇشاللان-"، "ئىككىلەن-" دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆتۈملۈك شەكلى ئاساسىدا ياسالغان بولماستىن، بەلكى سۈپەت ياكى سانغا بىۋاستە "-لان// -لەن" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزلۈك دەرىجە شەكلىدىكى پېئىل ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

### 4.2.12. مەجبۇرىي دەرىجە

پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

Δ ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە ("-ئاي"، "-ئەي"، "-ئار"، "-ئەر" بىلەن ئاخىرلاشقانلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا) ۋە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە "-دۇر// -دۈر// -تۇر// -تۈر" ياكى "-غۇز// -قۇز// -گۈز// -كۈز" قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + دۇر ←يازدۇر-

ياز + غۇز ←يازغۇز-

تاپ + تۇر ← تاپتۇر-

تاپ + قۇز ← تاپقۇز-

كىر + دۈر ←كىردۈر-

كىر + گۈز ← كىرگۈز

كۆت + تۈر ← كۆتتۈر-

كۆت + كۈز ← كۆتكۈز

يە + دۈر ←يېدۈر-

يە + گۈز← يېگۈز-

Δ "-ئاي"، "-ئەي"، "-ئار"، "-ئەر" بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە "-ت" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئاقار+ت ← ئاقارت-

كۆتەر+ت ← كۆتەرت-

ئازاي +ت ← ئازايت-

كېڭەي +ت ← كېڭەيت-

Δ سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان كۆپ بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە "-ت" ياكى "-تقۇز // -تكۈز" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا+ت ←ئويनات-

ئوينا+تقۇز← ئويناتقۇز-

سۆزلە+ت← سۆزلەت-

سۆزلە+ تكۈز← سۆزلەتكۈز-

Δ "-چ" ياكى "-ش" بىلەن ئاخىرلاشقان ئايرىم بىر بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىگە "-ار // -ەر" ياكى "-ۇر // -ۈر" قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇچ +ار← ئۇچار-

ئۇچ +ۇر← ئۇچۇر-

چۈش +ەر← چۈشەر-

چۈش +ۈر← چۈشۈر-

ئىچ +ەر← ئىچەر-

ئىچ +ۈر← ئىچۈر-

Δ بەزى پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى ئالاھىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

قورق — قورقۇت- // قورقات-



قايت — قايتار- // قايتۇر-

چىق — چىقار-

كۆر- — كۆرسەت-

پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلى گرامماتىك ئىگىنىڭ ھەرىكەتكە تۈرتكە بولغۇچى ياكى يول قويغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى كۈلدۈرۈۋەتتىم. (ھەرىكەتكە "مەن" تۈرتكە بولغان).

ئۇلار مېنىمۇ كىرگۈزدى. (ھەرىكەتكە "ئۇلار" يول قويغان).

ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىگە كىرەلەيدۇ. ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىگە كىرىشى ئۇلارنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلانغانلىقى بولۇپ، بۇ چاغدا ھەرىكەتنىڭ لوگىك ئىگىسى گرامماتىك تولدۇرغۇچى بولۇپ چۈشۈم كېلىشتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

شوپۇر ماشىنىنى كەينىگە ياندۇردى (ماشىنا كەينىگە ياندى).

ئۇلار چىراغنى ئۆچۈردى (چىراغ ئۆچتى).

ئۆتۈملۈك پېئىللار مەجبۇرىي دەرىجە شەكلىگە كىرگەندە يەنىلا ئۆتۈملۈك خاراكتېرىنى ساقلايدۇ. بۇ چاغدا ھەرىكەتنىڭ لوگىك ئىگىسى زۆرۈر بولمىسا، كۆرسىتىلمەيدۇ. ئەگەر كۆرسىتىش توغرا كەلسە، يۆنىلىش كېلىش شەكلىدىكى ئىسىم ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ چاچ ئالدۇرغىلى كەتتى (لوگىك ئىگە كۆرسىتىلمىگەن).

بىز مۇئەللىمگە ھېكايە ئېيتقۇزدۇق (مۇئەللىم ھېكايە ئېيتتى).

### 5.2.12. ئۆملۈك دەرىجە

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە "- ش//- ىش//- ۇش//- ۈش" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوينا+ ش←ئويناش، ياز+ىش←يېزىش

ئۇر+ۇش← ئۇرۇش ، كۆر+ۈش← كۆرۈش

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلىنىڭ مەنىسى ۋە قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گرامماتىك ئىگىنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر-بىرىگە قارىتىپ ياكى مۇسابىقىلىشىپ ئېلىپ بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار ئۇزاق سۆزلەشتى.

ئاستا سۆزلىشىڭلار، قىزىرىشىپ قالماڭلار.

ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇزاق مۇنازىرە قىلىشتى.

ئەخمەت بىلەن قاسىم يۈگۈرۈشتى.

كەل، ئىككىمىز قول قايرىشىپ باقايلى.

(2) گرامماتىك ئىگىنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر-بىرىگە قارىتىپ ياكى مۇسابىقىلىشىپ ئېلىپ بارغان ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرىپى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەھۋالدا يەنە بىر تەرەپ "بىلەن" تىركەلمىسى تىركىلىپ كەلگەن ئىسىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن قاسىم بىلەن سۆزلەشتىم.

تۇرسۇن ئەخمەت بىلەن ئۇزاق مۇنازىرە قىلىشتى.

مەن ئەخمەت بىلەن يۈگۈرۈشتۇم.

(3) گرامماتىك ئىگىنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتنى باشقىلارغا



ياردەملىشىپ، شۇلار بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئايشەم ئۇنىڭغا كىر يۇيۇشۇپ بەردى.

ئۇلار بىزنىڭ بۇغدىيىمىزنى ئورۇشۇپ بەردى.

(4) ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گرامماتىك ئىگە تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدا ئۆملۈك دەرىجە پەقەت كۆپلۈك مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ ھەم پەقەت كۆپ ساندىكى ئادەمنىڭ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياكى تۇشمۇتۇشتا ئوخشاش بىر ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشى تەكىتلەنگەن ئەھۋالدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە مېڭىشتى.

ۋەكىللەر ئارقىمۇئارقا سۆزگە چىقىشتى.

قۇشلار دەرەخ شاخلىرىدا يىقىملىق سايرىشىپ تۇراتتى.

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلىنى تونۇشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) ئۆملۈك دەرىجە شەكلىدىكى پېئىللار بەزىدە پېئىلنىڭ بىرلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، پېئىلنىڭ II شەخس كۆپلۈك سەتلىمە تۈرى رولىدا كېلىدۇ ۋە ئىگە رولىدا كەلگەن "سەنلەر" ئالمىشى بىلەن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

(سەنلەر) نەگە بېرىشتىڭ؟

(سەنلەر) چاپسان مېڭىش!

(سەنلەر) تۇرۇشامسەن؟ نېمە ئولتۇرۇشسەن!

(2) ئۆملۈك دەرىجە شەكلىدىكى پېئىللار پېئىلنىڭ II شەخس كۆپلۈك ھۆرمەت تۈرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

مەسىلەن:

( هەر قايسىلىرى ) ئۆيگە كىرىشىسىلەر.

( هەر قايسىلىرى ) نەگە بېرىشىدىلا.

( هەر قايسىلىرى ) نەدىن كېلىشتىلە.

(3) بەزى پېئىللار قارىماققا پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلىگە ئوخشايدۇ ھەم مەنە جەھەتتىنمۇ ئۆملۈك دەرىجە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "ياردەملەش-"، "سۆھبەتلەش-"، "مۇسابىقىلەش-"، "پىكىرلەش-"، "پاراڭلاش-" دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن، ئۇلار شۇ پېئىللارنىڭ ئەسلىي دەرىجە شەكلى ئاساسىدا ياسالغان بولماستىن بەلكى ئىسىملارغا بىۋاسىتە "-لاش//-لەش" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارنى پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجە شەكلى ھېسابلاشقا بولمايدۇ.

### 6.2.12. پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىشى

پېئىلنىڭ دەرىجە شەكىللىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىپادىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، قاتلانما ھالدا ئىپادىلىنىشىمۇ مۇمكىن. پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قاتلىنىش ئەھۋالى ئومۇمەن مۇنداق بولىدۇ:

(1) ئۆزلۈك-مەجبۇرىي دەرىجە؛ مەسىلەن:

ئانا بالىلىرىنى كېيىندۈردى ( كېي + -ىن + دۈر- ).

(2) ئۆملۈك-مەجبۇرىي دەرىجە؛ مەسىلەن:

بىز ئۇلارنى كۆرۈشتۈرۈپ قويدۇق ( كۆر+ ۈش + تۈر- ).

(3) مەجبۇرىي-مەجھۇل دەرىجە؛ مەسىلەن:

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلگەن ( كۆر+ سەت + ىل ).

(4) قوش مەجبۇرىي دەرىجە؛ مەسىلەن:

مەن ئۇكامنى ئەۋەتىپ قەلىمىنى ياساتتۇردۇم ( ياسا+ ت + تۇر- ).

(5) مەجبۇرىي-ئۆملۈك دەرىجە؛ مەسىلەن:



ئۇلار ئات چاپتۇرۇشتى ( چاپ + تۇر+ ۇش ).

(6) ئۆملۈك-مەجبۇرىي-مەجھۇل دەرىجە؛ مەسىلەن:

بالىلارنىڭ ھەممىسى پاكىز كېيىندۈرۈلگەن ( كېي + ىن + دۈر+ ۈل ).

(7) ئۆملۈك-مەجبۇرىي-مەجھۇل دەرىجە؛ مەسىلەن:

بىزنىڭ ئەھۋالىمىز تولۇق تونۇشتۇرۇلدى ( تونۇ + ش + تۇر+ ۇل ).

### 7.2.12. دەرىجە قوشۇمچىلىرىنىڭ سۆز ياساش رولى

پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە پېئىلدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پېئىلنىڭ دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان دەرىجە شەكىللىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجە ئوقۇمىنى ئىپادىلەپ، پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە لېكسىكىلىق بىرلىك سۈپىتىدە لۇغەت سوستاۋىدىن ئورۇن ئېلىپ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرنى جارى قىلىدۇ. مەسىلەن: بىز "كۆرمەك" پېئىلىنىڭ ھەرقايسى دەرىجە شەكىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: ئۇنىڭ ئەسلىي دەرىجىدىكى "كۆر-" شەكلى "كۆز بىلەن ئەكس ئەتتۈرمەك" دېگەن لېكسىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ، "كۆرەك"، "كۆرۈك" (زىننەت مەنىسىدىكى)، "كۆركەم"، "كۆرگەزمە"، "كۆرگۈلۈك" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ؛ ئۇنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىدىكى "كۆرسەت-" شەكلى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجە مەنىسى بولغان "...نىڭ كۆرۈشىگە تۇرتكە بولماق، ئىمكانىيەت بەرمەك، يول قويماق" مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە "ئىپادىلىمەك (مەسىلەن: تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك)"، "گەۋدىلەنمەك" (مەسىلەن: ئۆزىنى كۆرسەتمەك) قاتارلىق لېكسىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، "كۆرسەتمە"، "كۆرسەتكۈچ" قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا

ئاساس بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆملۈك دەرىجىدىكى "كۆرۈش-" شەكلى ئۆزىنىڭ ئۆملۈك دەرىجە مەنىسى بولغان "بىر-بىرىنى كۆرمەك" مەنىسىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، يەنە "(مەلۇم رەسمىيەت ئارقىلىق) سالاملاشماق"، (مەسىلەن: قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى)، "سۆزلەشمەك" (مەسىلەن: مەن بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي) قاتارلىق لېكسىكىلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىدىكى "كۆرۈن-" شەكلى ئۆزىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجە مەنىسى بولغان "ئۆزىنى كۆرسەتمەك" مەنىسىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، "كۆرۈنۈش" (مەنزىرە ياكى سەھنە ئەسىرىدىكى كۆرۈنۈش)، "كۆرۈنۈشلۈك" (مەسىلەن: بەش كۆرۈنۈشلۈك) سۆزلىرىنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ، ۋەھاكازا.

## 3.12. بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسى

بولۇشلۇق - بولۇشسىزلىق كاتېگورىيىسى پېئىل ئۆزىكىدە دەرىجە كاتېگورىيىسىدىن كېيىن ئىپادىلىنىدىغان يەنە بىر خىل گرامماتىك كاتېگورىيە بولۇپ، پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ياكى ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كاتېگورىيە پېئىل ئۆزىكىگە "-ما//-مە" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. "-ما//-مە" قوشۇمچىسى قوشۇلمىغان پېئىللار پېئىلنىڭ بولۇشلۇق شەكلى ھېسابلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "ياز-"، "ئوقۇ-"، "سۆزلەش-" دېگەنگە ئوخشاش؛ "-ما//-مە" قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللار پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلى ھېسابلىنىپ، ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: "يازما-"، "ئوقۇما-"، "سۆزلەشمە-" دېگەنگە ئوخشاش.

بىز پېئىلنىڭ ھەرخىل گرامماتىك شەكىللىرىنىڭ



ياسىلىشىنى تونۇشتۇرغاندا، زۆرۈر تېپىلغاندىلا ئۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلىنىڭ ياسىلىشىنىمۇ تونۇشتۇرمىساق، ئادەتتە پەقەت بولۇشلۇق شەكلىنىڭ ياسىلىشىنىلا تونۇشتۇرىمىز، ئۇلارنىڭ بولۇشسىز شەكلىنىڭ قانداق ياسىلىشىنى يۇقىرىدىكى قائىدە بويىچە بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىنى بولۇشسىز ھۆكۈم باغلامچىسى "ئەمەس" بىلەن بىرىكتۈرۈش ياكى پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق ئىسىمداش شەكلىنى "يوق" سۆزى بىلەن ئىگە - خەۋەر مۇناسىۋىتىدە بىرىكتۈرۈش يولى بىلەنمۇ ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەش مۇمكىن. مەسىلەن: "بارغان ئەمەسمەن"، "بارغىنىم يوق" دېگەنگە ئوخشاش. لېكىن، بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، پەقەت بەلگىلىك شارائىتتىلا قوللىنىلىدۇ.

## 4.12. پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرى

پېئىلنىڭ رەۋىشداش شەكىللىرىگە ۋە بەزى كېلىشلىك ئىسىمداش شەكىللىرىگە تۈس ياردەمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى دەپ ئاتايمىز.

پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل تۈس تۈقۈملىرىنى ئىپادىلەپ، پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) ئەخمەت خەنزۇچە ماقالە يازالايدۇ.

(2) ئەخمەت خەنزۇچە ماقالىلەرنىمۇ يېزىۋېرىدۇ.

(3) ئەخمەت بۇنداق ماقالىلەرنى بىردەمدە يېزىپ قويىدۇ.

(4) ئەخمەت دائىم ئۇ بوۋايغا خەت يېزىپ بېرىدۇ.

(5) ئەخمەت ئۆزىگە يېڭى تۇيۇلغان سۆزلەرنى دەرھال يېزىۋالىدۇ.

(6) ئەخمەت ئۇنىڭغا خەت يېزىپ تۇرىدۇ.

مانا بۇ جۈملىلەردە ”ياز-“ پېئىلى ئالتە خىل تۇسلۇك ئۆزەك شەكلىدە كەلگەن بولۇپ، (1) جۈملىدە سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، (2) جۈملىدە سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشتا چەكلىمىسىز ئىكەنلىكىنى، (3) جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلاشتۇرۇلۇشىنى، (4) جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئورۇنلىنىشىنى، (5) جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئورۇنلىنىشىنى، (6) جۈملىدە ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇشىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. مانا مۇشۇ ئۇقۇملار تۇس كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلغۇچى تۇس ئۇقۇملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۇسلۇك ئۆزەك شەكىللىرىدىن بەزىلىرى مەخسۇس بىر خىل تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە ئابستراكتلىشىپ، مەخسۇس گرامماتىكىلىق شەكىل تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن، پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى ”باق-“ ياكى ”كۆر-“ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ئورۇنلىنىشىدىن ئىبارەت بىرلا خىل تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ؛ پېئىلنىڭ ”-غىلى“ لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى ”باشلا-“ ياكى ”تۇر-“ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياكى پېئىلنىڭ يۆنىلىش كېلىشتىكى ”-ش“ لىق ئىسىمداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى ”باشلا-“ نىڭ



قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشىدىن ئىبارەت بىرلا خىل تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل تۇسلۇك ئۆزەك شەكىللىرىنىڭ بەزىلىرى ھەتتا شەكىل جەھەتتىنمۇ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ، پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە ئوخشاپ قالغان. مەسىلەن: پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى ”يات-“ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولۇپ، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىزچىل تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى تۇس ياردەمچىسى ”يات-“ نىڭ بېشىدىكى ”ي“ تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى، چېتىلما رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى ”پ“ تاۋۇشىنىڭ ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا ”ۋ“ غا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە خۇددى پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە ”-ۋات//-ىۋات//-ۇۋات//-ۈۋات“ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە ئوخشاپ قالغان. (مەسىلەن: يېزىۋات-، سۆزلەۋات-، قۇرۇۋات-، كۆرۈۋات-)؛ پېئىلنىڭ ”-ئا“ لىق رەۋىشداش شەكلىگە تۇس ياردەمچىسى ”ئال-“ نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولۇپ، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىمكان تۇسلۇك ئۆزەك شەكلى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراش نەتىجىسىدە، خۇددى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە ”-لا//-لە“ ياكى ”-يالا//-يەلە“ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە ”-الا//-ەلە“ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان ئاددىي ئۆزەك شەكلىگە ئوخشاپ قالغان. (مەسىلەن: ئوينالا-//ئوينىيالا-، سۆزلەلە-//سۆزلىيەلە-، يازالا-، كۆرەلە-).

بىراق، يەنە بىرمۇنچە تۇسلۇك ئۆزەك شەكىللىرى تېخى بىر خىل تۇس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىدە ئابستراكتلىشىپ،

مەخسۇس گرامماتىكىلىق شەكىل تۈسىگە كىرىپ كېتەلمىگەن بولۇپ، ھامان ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە خىل تۈس ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە تۈس ياردەمچىسى "كەت-" قوشۇلۇپ ياسالغان تۈسلۈك ئۆزەك شەكلىنى ئالساق، بىرىنچىدىن، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۈزلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. (مەسىلەن: ئۇلار كۆچۈپ كەتتى)؛ ئىككىنچىدىن، ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا يۈز بېرىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ئەينەك سۇنۇپ كەتتى)؛ ئۈچىنچىدىن، ھەرىكەتنىڭ كۈچىيىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ھاۋا ئىسسىپ كەتتى)؛ تۆتىنچىدىن، ھەرىكەتنىڭ بىردىنلا يۈز بېرىپ داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ماڭغايلى دەپ تۇرساق، يامغۇر يېغىپ كەتتى)؛ بەشىنچىدىن، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قابىل بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ئۇ شۇنچە ئېغىر جاپالارغا چىداپ كەتتى)

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرىنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۈس كاتېگورىيىسى ئالللىقاچان شەكىللىنىشكە باشلىغان، لېكىن تېخى شەكىللىنىپ بولمىغان بىر خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە. بىز تۆۋەندە پېئىلنىڭ تۈسلۈك ئۆزەك شەكىللىرىنىڭ ياسىلىشى ۋە قوللىنىلىشىنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ بىر خىل گرامماتىكىلىق شەكىل تۈسىگە كىرىپ بولغانلىرىنى مەلۇم بىر خىل تۈس تۈرى سۈپىتىدە تونۇشتۇرىمىز، بىر خىل گرامماتىكىلىق شەكىل تۈسىگە كىرىپ بولالمىغانلىرىنى بولسا، مەلۇم تۈس ياردەمچىسىنىڭ قوللىنىلىشى نۇقتىسىدىن تونۇشتۇرىمىز.

### 1.4.12. پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە



"-ۋات//-ىۋات//-ۇۋات" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ (بۇ قوشۇمچە پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلغان تۈس ياردەمچىسى "يات-" نىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان). مەسىلەن:

ئوينا + ۋات ← ئويناۋات، ياز + ىۋات ← يېزىۋات،

قۇر + ۇۋات ← قۇرۇۋات، كۆر + ۈۋات ← كۆرۈۋات.

پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ياسالغان سۈپەتداش، ئىسىمداش شەكىللىرى ۋە ھال-زامان شەكىللىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا باشقا ھاللىق سۈپەتداش، باشقا ھاللىق ئىسىمداش ۋە باشقا ھال-زامان شەكىللىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئىزچىل ھال ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن ماقالە يېزىۋاتىمەن (ئىزچىل ھازىرقى زامان).

كېلىۋاتقان كىشى مېنىڭ ئاكام (ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداش).

ئۇنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانمەن (ئىزچىل ھاللىق ئىسىمداش).

تۈنۈگۈن ئۆيگە كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم (ئىزچىل تۈس).

مەجلىس ئېچىۋاتساق، ئۇ مەجلىسخانىغا ئىزدەپ كىرىپتۇ (ئىزچىل تۈس).

پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ياسىلىشى مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنى چاقىرىپ خەت يازسام، كەلمەيۋاتىدۇ.
ئۇ نەسىھەتنى ئاڭلىمايۋاتىدۇ، كېيىن جەزمەن پۇشايمان قىلىدۇ.
ئۇنىڭ بىلەن ھېچلا كۆرۈشەلمەيۋاتىمەن.

پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلى، پېئىلنىڭ ئىزچىل تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ياسىلىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق بولغاندا ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە ھەرىكەتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خەت يېزىۋاتمايمەن، ماقالا يېزىۋاتىمەن.
ئۇلار ئويناۋاتمايدۇ، ئىشلەۋاتىدۇ.

بەزىدە پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلى پېئىلنىڭ ئىزچىل تۇسلۇق بولۇشسىز ئۆزەك شەكلى ئاساسىدا ياسىلىشى مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا، ئىنكار ئىنكار قىلىنىپ بولۇشلۇق مەنە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

تونومايۋاتمايمەن، تونۇۋاتىمەن.
ئىشلىمەيۋاتمايدۇ، ئىشلەۋاتىدۇ.

## 12.4.2. ئىمكان تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ ئىمكان تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە "-لا-//-لە-" ياكى "-يالا-//-يەلە-" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۆزەكلىرىگە "-ئالا-//-ئەلە-" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ (بۇ قوشۇمچىلار پېئىلنىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلغان "ئال-" ياردەمچىسىنىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان). مەسىلەن:
ئوينا + لا ← ئوينالا-، (ئوينا + يالا ← ئوينيالا)، سۆزلە + لە ← سۆزلەلە-



(سۆزلە + يەلە ← سۆزلىيەلە)، ياز + الا ← يازالا-، كۆر + ەلە ← كۆرەلە-...

پېئىلنىڭ ئىمكان تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قابىل ياكى ئىمكانىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن يازالىغان ماقالىنى سەنمۇ يازالايسەن.
بۈگۈن ئۇنىڭ كېلەلىشى ناتايىن.
ئەخمەت بىلەن كۆرۈشەلىسىڭىز، مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ.

پېئىلنىڭ ئىمكان تۇسلۇق ئۆزەك شەكلىگە بولۇشسىزلىق قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى "ئا" ياكى "ئە" تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: يازالا + ما ← يازالما-، ئوينيالا + ما ← ئوينيالما، كۆرۈشەلە + مە ← كۆرۈشەلمە-...

## 12.4.3. چەكلىمىسىز تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى پېئىل ئۆزىكىگە "-ۋەر//-ىۋەر" قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ (بۇ قوشۇمچە، پېئىلنىڭ "ئا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلغان "بەر-" ياردەمچىسىنىڭ رەۋىشداش قوشۇمچىسى بىلەن قوشۇلۇپ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان). مەسىلەن: سۆزلە + ۋەر ← سۆزلەۋەر-، ياز + ىۋەر ← يېزىۋەر-.

پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۇسلۇق ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ چەكلىمىسىز بارلىققا كېلىشى ياكى چەكلىمىسىز داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قاچان كەلگۈڭىز كەلسە، كېلىۋېرىڭ.
چاتىقىم يوق، بېرىۋېرىمەن.
تۇر، ئۇخلاۋېرەمسەن؟
بۇ يەردە تۇرىۋەرمەي ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى.

پايدىسى يوق گەپنى قىلىۋېرىشنىڭ ھاجىتى يوق.

مەن كالالمىغا كەلگەننى دەۋەردىم، توغرا چۈشىنىڭ.

پېئىلنىڭ چەكلىمىسىز تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى پېئىلنىڭ بولۇشسىز ئۆزەك شەكلى ئاساسىدىمۇ ياسىلىدۇ. بۇ خىل شەكىل ھەرىكەتنى ئورۇنلىماسلىق ئىگىسىنىڭ ئىختىيارىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يازمىسام يازماۋېرىمەن.

كەلمىسەڭ كەلمەۋەر.

## 4.4.12. سىناق تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ سىناق تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى پېئىلنىڭ چىتىلما رەۋىشداش شەكلىگە "باق-" ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ، بەزىدە "كۆر-" ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: بېرىپ باق-، يېزىپ باق-، كۆرۈپ باق-، دەپ باق-، ئىشلەپ كۆر-، سوراپ كۆر-، دەپ كۆر-...

پېئىلنىڭ سىناق تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە ياكى مەلۇم ئىشتىن خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مۇنۇ دورىنى يەپ بېقىڭ، پايدا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

قېنى شېئىرىڭىزنى ئوقۇپ بېقىڭا، بىز بىر ئاڭلاپ باقايلى.

بىز بۇ مەسىلىنى يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى.

ساناپ كۆردۈم، دۇرۇس ئىكەن.

مەن سوراپ كۆردۈم، بىلمەيدىكەن.

پېئىلنىڭ سىناق تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى چىتىلما رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلى ئاساسىدىمۇ ياسىلىدۇ. بۇ خىل شەكىل سىناق تەرىقىسىدىكى بولۇشسىز ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ.



مەسىلەن:

بۇ دورىنى بىر نەچچە كۈن ئىچمەي بېقىڭ.

تونامدۇ-تونۇمامدۇ دەپ گەپ قىلماي باقتىم.

سىناق تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى بولۇشسىز شەكىلدە كەلگەندە ھەرىكەت سۇبيېكتىنىڭ شۇ ھەرىكەت بويىچە تەجرىبىسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان.

مەن تېخى شېئىر يېزىپ باقمىدىم.

## 5.4.12. باشلانما تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ باشلانما تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى پېئىلنىڭ "-غىلى" لىق رەۋىشداش شەكلىگە ياكى يۆنىلىش كېلىشتىكى "-ش" لىق ئىسىمداش شەكلىگە "باشلا-" ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ياكى "-غىلى" لىق رەۋىشداش شەكلىگە "تۇر-" ياردەمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يازغىلى باشلا-//يېزىشقا باشلا-// يازغىلى تۇر-، كەلگىلى باشلا-//كېلىشكە باشلا-//كەلگىلى تۇر-، ئوقۇغىلى باشلا-// ئوقۇشقا باشلا-//ئوقۇغىلى تۇر-...

پېئىلنىڭ باشلانما تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشكە باشلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلگىلى (كېلىشكە) باشلىدى.

بۇ يەردە 3-ئاي كىرىشى بىلەن گۈللەر ئېچىلىشقا (ئېچىلغىلى) باشلايدۇ.

ئۇ يەنە كونا خامانني سورىغىلى تۇردى.

ئەتىگەن ئۆتكىلى تۇرغان نامايىشچىلار كەچكىچە ئۆتتى.

## 6.4.12. تۈس ياردەمچىسى "قال-" نىڭ قوللىنىلىشى

1) ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ

چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

A. ئۆتۈمسىز ھەرىكەتلەرنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلىششىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ شەكىل قوللىنىلغاندا، گەپ سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلىشى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان ھالەتتە تۇراقلىششى ئۈستىدە بارىدۇ. مەسىلەن: "ئۇلار سائەت 11 دە ياتىدۇ" دېسەك، بۇ يەردە سۇبيېكتىنىڭ "يات-" ھەرىكىتىنى ئورۇنلىشى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، ئەگەر "تېزرەك بارايلى، بولمىسا ئۇلار يېتىپ قالىدۇ" دېسەك، بۇ يەردە سۇبيېكتىنىڭ "يات-" ھەرىكىتىنى ئورۇنلىغان ھالەتتە تۇراقلىششى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. تۆۋەندىكى مىساللاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق:

ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئۇخلاپ قالدى.

تامىقىڭنى چاپسان يە، سوۋۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ ھارۋىسى پاتقاققا پېتىپ قالغانىكەن، چىقىرىشىپ بەردۇق.

ئاممىۋى نۇقتىئىنەزىرى كەم بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان بىر قىسىم يولداشلار بار. (ماۋ زېدۇڭ)

B. ھەرىكەتنىڭ دائىملىق ئىشقا ئايلىنىپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كەلگەندە كۆپىنچە ئورۇنلىنىش جەريانىنى ئۇزارتقىلى بولمايدىغان ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىرلاپ قالدى.

يۆتىلىپ قاپسەنغۇ، نېمە بولدى؟

ئۇ يەنە سۆزلەپ قاپتۇ.

C. ھەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:



كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇ ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە كېلەلمىدى.

بىر كۈنى مەن ئۇنى كوچىدا كۆرۈپ قالدىم.

پىلاننى قىسمەن ئۆزگەرتىش ئىشى ھەر جەھەتتە دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدۇ، پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىش ئىشىمۇ گايىدا بولۇپ تۇرىدۇ. (ماۋ زېدۇڭ)

D. سۆزلىگۈچىنىڭ، ھەرىكەت مۇشۇ بىر قېتىم بىلەن چەكلىنىشى مۇمكىن دېگەن ھېسسىياتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ناخشىڭىزنى بىزگىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ، بىزمۇ بەھرىمان بولۇپ قالايلى.

ئىنتايىن ياخشى كىتاب ئىكەن، ئەپسۇسكى بىر قېتىم ئوقۇپ قالدىم.

E. ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغانلىقىنى ياكى ئورۇنلىنىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدە كەلگەندە ئاساسەن ئورۇنلىنىش جەريانى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى مۇمكىن بولغان ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرگۈچى پېئىللار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

بۇ مەۋسۇممۇ ئاخىرلىشىپ قالدى، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىمتىھان باشلىنىدۇ.

بېنزىن تۈگەپ قالدى، ئالدىمىزدىكى بېكەتتىن ماي جىقلىمىساق بولمايدۇ.

بۇ بىنامۇ پۈتۈپ قالدى، بىر-ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە كۆچۈپ كىرىمىز.

تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئاشخانا تەرەپكە ماڭايلى.

2) ئىمكان تۈسلۈك ئۆزەك شەكلى ئاساسىدىكى بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتىنىڭ

ھەرىكەتنى قىلالمايدىغان ھالەتكە كىرىشنى بىلدۈرىدۇ ياكى شۇ بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

بەزىلەر قىسمىلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇرۇش ۋە ھەربىي تەلىم ئېلىپ بارالماي قالىدۇ، ئىدارىلەر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانسا، خىزمەت قىلالماي قالىدۇ، دېيىشىدۇ. ( ماۋ زېدۇڭ )

ئۇ ھاياجانلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.

خېلى ياخشى تەييارلىق قىلغانىدى، بەك جىددىيلىشىپ كېتىپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

3) بىر قىسىم پېئىللارنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى بېرىدۇ ياكى ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىزلىقىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

خىش يەتمەي قالدى، بولمىسا بۈگۈن تۈگەيتتى.

ناۋادا ئۇ كەلمەي قالسا، بىلەتنى ساڭا بېرەي.

ئۇ ئوكۇل قويۇشقا بەك ئۇستا، سەزمەي قالىسەن.

سىنىڭ ئۇ ئىشىڭمۇ تۈگمەي قالدى.

4) بولۇشسىز شەكىلدە پېئىلنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ تۈۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

A. ھەرىكەتنىڭ چوقۇم بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھەر قېتىمقى يىغىنغا قاتناشماي قالمايدۇ (چوقۇم قاتنىشىدۇ)

بۇ خەۋەرنى ئۇلار ئاڭلىماي قالمىدى ( چوقۇم ئاڭلىدى ).

ئىشقىلىپ كەلمەي قالما ( چوقۇم كەل ).

B. ئىنكارنى ئىنكار قىلىش يولى بىلەن بولۇشلۇق مەنىسىنى



بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىش ئاخىر ئۇنىڭغا ئاڭلانماي قالمىدى ( ئاڭلاندى ).

بۇنداق كەلگۈلۈكلەر ئۇنىڭ بېشىغمۇ كەلمەي قالمىدى ( كەلدى ).

## 7.4.12. تۈس ياردەمچىسى "قوي ـ" نىڭ قوللىنىلىشى

1) ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

A. ئۆتۈملۈك ھەرىكەتلەرنىڭ ئورۇنلانغان ھالەتتە تۇراقلىشىشىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك "قوي ـ" ياردەمچى پېئىلنىڭ بۇ مەنىسى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان "قال ـ" ياردەمچى پېئىلنىڭ 1) تارماق A ماددىسىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشايدۇ. "قوي ـ" بىلەن "قال ـ" نىڭ بۇ نۇقتىدىكى پەرقى ئالدىنقىسىنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن، كېيىنكىسىنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىقى جەھەتتىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

مەنسەپ بېرىپ ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇپ قويدى.

(سېلىشتۇرۇڭ: مەنسەپكە چىقىپ ئۆيۈم تارلىشىپ قالدى)

دىققەت قىلمىساڭ بىزنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: دىققەت قىلمىساق پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز.)

B. ئۆتۈملۈك ھەرىكەتلەرگە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ، دېمەك، "قوي ـ" نىڭ بۇ مەنىسى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان "قال ـ" نىڭ 1) تارماق C ماددىسىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشايدۇ، "قوي ـ" بىلەن "قال ـ" نىڭ بۇ نۇقتىدىكى پەرقى ئالدىنقىسىنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن، كېيىنكىسىنىڭ ئاساسەن ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىدىغانلىقىدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭغا تەگمەڭ، بۇزۇپ قويىسىز.
(سىلىشتۇرۇڭ: ئۇنىڭغا تەگمەڭ، بۇزۇلۇپ قالىدۇ.)
سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىتىپ قويىدۇ.
(سىلىشتۇرۇڭ: سوغۇق سۇ ئىچمەڭ، ئاغرىپ قالىسىز.)

C. ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئىش ئۈچۈن ئالدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەجلىسخانىنى تەييارلاپ قويۇڭلار، بۈگۈن مەجلىس بار.
ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ قويغان، بارمىسام بولمايدۇ.
مەن بۇ ئىشقا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم.
كىتابىڭىزنى ئەخمەتلەرنىڭكىدە قويۇپ قويدۇم، ئېلىۋېلىڭ.

D. ھەرىكەتنىڭ مۇنداقلا بىر بولۇپ ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىر يۆتىلىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.
ئۇ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئارتۇق گەپ-سۆز قىلمىدى.
ئۇ قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىشقا باشلىغانىدى، ئاستا پۈشنى تارتىپ قويدۇم.

بۇ مەنىدىكى "قوي-" ياردەمچىسى كۆپ ھاللاردا ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشىغا رەسمىيەتچىلىك ياكى ئەھمىيەتسىزلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:

چاقچاق قىلىپ قويسام، خاپا بولۇۋاتىدۇ.
ئەپۇ سوراپ قويساڭ بولدى ئەمەسمۇ؟
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ قويمىساق بولمايدۇ.

2) بەزى پېئىللارنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتكە قەتئىيلىك تۈسىنى كىرگۈزىدۇ. مەسىلەن:



ۋاقتىڭ بولمىغاندىن كېيىن بارماي قوي.
پۇل بەرسەم ئالماي قويدى.
كۆپ زورلىدىم، كىرمەي قويدى.

3) بولۇشسىز شەكىلدە بىر قىسىم پېئىللارنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلىماي تىنماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنى تاپماي قويمايمەن.
ئۇ بىر ئىشنى باشلىسا، باشقا ئېلىپ چىقماي قويمايدۇ.
ئۇ بىر مەسىلىگە دۇچ كەلسە، شۇنىڭ تېگىگە يەتمەي قويمايدۇ.

### 8.4.12. تۈس ياردەمچىسى "كەت-" نىڭ قوللىنىلىشى

1) ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ۋە ئايرىم ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

A. سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق قارشى تەرەپكە يۆنەلگەن ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە "كەت-" نىڭ مەنىسى بىر قەدەر كونكرېت بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار يېقىندا بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىدۇ.
ئۇ مۇشۇ ھويلىغا كىرىپ كەتكەن، تېخى چىقمايۋاتىدۇ.
پىرىنجەم سۇپىدىن چۈشۈپ كەتكەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

B. ئۆتۈمسىز ھەرىكەتلەرنىڭ بىردىنلا ياكى پۈتۈنلەي ئورۇنلانغان ھالەتكە كىرىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ.
ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي ئىلمىگە بېرىلىپ كەتتى.
تارتىۋەرمە، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.
مۇشۇ دورىنى بىر نەچچە كۈن ئىچسىڭىزلا ساقىيىپ كېتىسىز.

چىنە قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ سۇنۇپ كەتتى.

C. ئۆتۈمسىز ھەرىكەتلەرنى دەرىجە جەھەتتىن ياكى قېتىم سانى جەھەتتىن، ياكى داۋاملىشىش ۋاقتى جەھەتتىن ياكى مۇناسىۋەتلىك باشقا جەھەتلەردىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا ئىسسىپ كەتتى.

بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئاخشام ھويلاڭلاردا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتىغۇ؟

ئۆپكە-ھېسسىپ ئەپەندىمگە تېتىپ كېتىپتۇ.

مەن تولا بېرىپ كەتتىم، ئەمدى باشقا بىرى بارسۇن.

(ئادەملەر) كارىدورلاردىمۇ يېتىپ كېتىپتۇ.

كىمنىڭ بالىسى بۇ، بەك يىغلاپ كەتتىغۇ؟

D. ھەرىكەتنىڭ بىراقلا باشلىنىپ داۋاملىشىپ كېتىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماڭايلى دەپ تۇرساق، يامغۇر يېغىپ كەتتى.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى.

E. سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلاشقا قابىل بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

غەيرەتلىك ئادەم ئىكەن، شۇنچە جاپالارغا چىداپ كەتتى.

كۈچ دېگەنمۇ بار ئىكەن، شۇنچە ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ كەتتى.

2) بىر قىسىم پېئىللارنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشسىز ھالىتىنىڭ ئۈزۈنغا سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سېنىڭ بۇ ئىشىڭمۇ تۈگىمەي كەتتى.



قانداق كىسەلكىنە، ساقايمايلا كەتتىغۇ!

بۇ ۋاقىتنىڭ تۈشماي كەتكىنىنى دېمەمسەن.

### 9.4.12. تۈس ياردەمچىسى "ئەت-" نىڭ قوللىنىلىشى

بۇ تۈس ياردەمچىسى چېتىلما رەۋىشداش بىلەن بىرىكىپ كەلگەندە، چېتىلما رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى "پ" تاۋۇشى "ۋ" تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: يېزىپ+ئەت←يېزىۋەت، ياساپ+ئەت ←ياسىۋەت...

بۇ يەردىكى "ئەت-" قارىماققا "تاماق ئەت-" تىكى "ئەت-" پېئىلى بىلەن بىردەك كۆرۈنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت گراماتىكا ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىي "تاماق ئەت-" تىكى "ئەت-" دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە. لېكىن، مەنە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ياردەمچى پېئىل رولىدا "ئەت-" بىلەن "تاماق ئەت-" تىكى "ئەت-" نىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ياردەمچى پېئىل رولىدىكى "ئەت-" بەزىدە ياردەمچى پېئىل رولىدىكى "تاشلا-" بىلەن مەنىداش كېلىدۇ. مەسىلەن: كۆلۈۋەتتى = كۆلۈپ تاشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپان شىۋىسىدە ياردەمچى پېئىل "ئەت-" ئورنىدا "ئات-" قوللىنىلىدۇ (مەسىلەن: كۆلۈۋاتتى). بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىي "ئات-" بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. سوۋېت تۈركولوگى ئەمىر نەجىپ ئۆزىنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەمگىكىدە، بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ ئەسلىي "ئەۋەت-"، دەپ ھېسابلىغان. بۇ پىكىرنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار. چۈنكى بىر مۇنچە تۈركى تىللاردا بۇ ياردەمچى پېئىل ئورنىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى "ئەۋەت-" پېئىلىغا توغرا كېلىدىغان پېئىل (مەسىلەن، ئۆزبەك تىلىدا "يۇبور-"، قازاق تىلىدا "جىبەر-") قوللىنىلىدۇ. دېمەك، بۇ ياردەمچى پېئىلنىڭ

ئېتمولوگىيىسىنى يەنە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ياردەمچى پېئىل تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

1) يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان "كەت-" ياردەمچى پېئىلىنىڭ 1) تارماق A، B، C ماددىلىرىدىكى مەنىسى بىلەن ئوخشاش مەنىدە كېلىدۇ. "ئەت-" بىلەن "كەت-" نىڭ بۇ نۇقتىلاردىكى پەرقى پەقەت ئالدىنقىسىنىڭ ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن، كېيىنكىسىنىڭ ئۆتۈمسىز پېئىللار بىلەن بىرىكىپ كېلىشىدىلا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلارنى كۆچۈرۈۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇلار كۆچۈپ كەتتى.)

ئۇ بالىسنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇنىڭ بالىسى ئۆيگە كىرىپ كەتتى)

مەن ئۇنى ئۆستەڭدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلدىم.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم.)

ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالىنى ئويغىتىۋېتىسىلەر.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئويغىنىپ كېتىدۇ.)

شامال دېرىزىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: دېرىزە شامالدا سۇنۇپ كېتىپتۇ.)

مۇشۇ دورىنى ئىچسىڭىز كېسىلىڭىزنى پۈتۈنلەي ساقايتىۋېتىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: مۇشۇ دورىنى ئىسىڭىز، كېسىلىڭىز پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتىدۇ.)

ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئىلمىگە بېرىۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ ھازىر ئىلمىگە بېرىلىپ كەتتى)

ئۆينى نېمانچە ئىسسىتىۋەتتىڭ؟

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۆي نېمانچە ئىسسىپ كەتتى.)



ھېلىقى دورا ئىچىمنى قىزىتىۋەتتى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ھېلىقى دورىنى ئىچىپ ئىچىم قىزىپ كەتتى.)

ئۇنى تولا ماڭدۇرۇۋەتتۇق، ئەمدى ئۆزىمىز بارايلى.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ تولا مېڭىپ كەتتى. ئەمدى ئۆزىمىز بارايلى.)

2) بەزىدە ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىم.

نېمە دەۋەتكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.

3) بەزىدە ھەرىكەتنىڭ بىر خىل كەسكىن قارار بىلەن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھېلىقى مەجلىسنى بۈگۈن ئېچىۋېتەيلى.

بۈگۈن دەم ئېلىۋەتتۇق.

ھېلىقى لۇغەتتىن مەنمۇ بىرنى ئېلىۋەتتىم.

## 10.4.12. تۈس ياردەمچىسى "تاشلا-" نىڭ قوللىنىلىشى

"تاشلا-" پېئىلى تۈس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەندە، ئايرىم ئورۇنلاردا يۇقىرىدىكى "ئەت-" ياردەمچى پېئىلى بىلەن مەنىداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

دۈشمەننىڭ پىلانلىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدۇق (بىتچىت قىلىۋەتتۇق).

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ تاشلىدىم (كۈلۈۋەتتىم).

شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ (چىقىرىۋېتىپ)، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

## 11.4.12. تۈس ياردەمچىسى "ئال-" نىڭ قوللىنىلىشى

"ئال-" پېئىلى تۈس ياردەمچىسى بولۇپ كەلگەندە، پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ،

تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (بۇ ياردەمچى پېئىل رەۋىشداش بىلەن بىرىككەندە، رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى"پ" تاۋۇشى "ۋ" تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ):

1) ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى ياكى ئۈنۈمىنىڭ سۇبيېكت تەرەپكە يۆنىلىشىنى ياكى سۇبيېكت تەۋەلىكىگە ئۆتۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۇ يىل ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىۋالدى.

مەن بۇ ماتېرىياللارنى گېزىتتىن كۆچۈرۈۋالدىم.

ئەپەندىم خېرىدارلارغا سەت كۆرۈنمىسۇن دەپ ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ، خۇرجۇنىغا سېلىۋاپتۇ.

2) سۇبيېكتنىڭ ھەرىكەتتىن مەنپەئەتدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەك ھېرىپ كەتتىم، بىر ئاز دەم ئېلىۋالاي.

بىر ئاز ئۇخلىۋال، بۈگۈن ئاخشام يەنە ئىشلەيمىز.

تاماق يەۋېلىپ ئاندىن ئىشلەيلى.

3) ھەرىكەتنىڭ مەلۇم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۈچۈڭنىڭ باردا ئىشلىۋال.

يامغۇر ياغقىچە ئۆيگە يېتىۋالايلى.

بۈگۈن يىغىندا ھەممە يولداشلار بىلەن كۆرۈشۈۋالدۇق.

4) ھەرىكەتنىڭ مۇداپىئە ئۈچۈن ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يامغۇر بەك قاتتىق يېغىپ كەتكەنىدى، كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدۇق.

بۇ يولدا سۇ يوق، سۇنى كۆپرەك ئېلىۋالايلى.



ئۇلار يوغان بىر تاشنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، نەچچە سائەت ئېتىشتى.

ئولتۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىدى.

5) بەزى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ يالغاندىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا توكۇر كىشى بولۇپ ئاقساقلىۋاپتۇ.

ئۇ گاچا بولۇۋېلىپ، بىر نەچچە يىلغىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ، جىم ئولتۇرغىنىنى قاراڭلار ئۇنىڭ.

## 12.4.12. تۈس ياردەمچىسى "بەر-" نىڭ قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھەرىكەتنىڭ باشقا شەيئى ئۈچۈن ياكى باشقا بىرىكىمگە قارىتىپ ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىزگە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ كەپتەرلىرىگە ئۇۋا ياساپ بەردى.

— سىزگە خەت يېزىپ بەرسەم، ئاغىنىڭىزگە ئۆزۈم ئوقۇپ بەرسەم بولىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم.

ئۇ ماڭا دەردىنى ئېيتىپ بىرمۇنچە يىغلاپ بەردى.

2) ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ئىشنىڭ بولۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بەر، بولمىسا سەمرىپ كېتىسەن.

بۈگۈن ھاۋا سالقىن بولۇپ بەردى، شۇڭا ئىش ئايىندى.

بىر-ئىككى قېتىملا يامغۇر يېغىپ بەرسە، ئىشىمىزنىڭ دۆڭ بولغىنى شۇ.

## 13.4.12. تۈس ياردەمچىسى "بول-" نىڭ قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇنلىنىشىنى ياكى مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەپەندىم يۈيۈنۈپ بولۇپ، باشقىلاردىن كۆپرەك ھەق تۆلەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

بۇ كىتابنى بۈگۈن ئوقۇپ بولىمەن.

مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولالمىدىم، ئازراق قالدى.

كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولدى، مەجلىسنى باشلايلى.

بۇ ماتېرىيالنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسگە تارقىتىپ بولدۇم، يەنە ئازىراق ئېشىپ قالدى.

## 14.4.12. تۈس ياردەمچىسى "چىق-" نىڭ قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك شەيئى ياكى ھالەت بىلەن باشتىن-ئاخىر ئالاقىدار بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كۆرگەزمىنى كۆرۈپ چىقتۇق، ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

ئۇنىڭ بالىسى تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى.

ئۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چىقتى.

2) ھەرىكەت ئارقىلىق مەلۇم شەيئىنى ئايرىپ چىقىرىش ياكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىقتۇق.

يىغىنغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقتۇق.

پۇختا تەتقىق قىلىپ، قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

ئۇ مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ بىر رومان يېزىپ چىقماقچى.



3) سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ چىقىشىنى ياكى كۆزگە كۆرۈنۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تاش تەگكەن يەر دەرھال ئىششىپ چىقتى.

نۇرغۇن كادىرلار يېتىشىپ چىقتى.

مۇسابىقىدە ئەخمەت ئۆزۈپ چىقتى.

## 15.4.12. تۈس ياردەمچىسى "كەل-" نىڭ قوللىنىلىشى

پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ سۆز بولۇۋاتقان چاغقىچە ئۈزلۈكسىز ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئورۇشىغا قەھرىمانلىق ۋە قەتئىيلىك بىلەن رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى... خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ كەلدى.

يۈەن شىكەيدىن تارتىپ شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ ھەممىسى مۇستەبىتلىك يولى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تەكىتلەپ كەلگەندى.

ئۇ باشتىن-ئاخىر مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە قىزغىن ياردەم بېرىپ كەلدى.

## 16.4.12. تۈس ياردەمچىسى "ئۆت-" نىڭ قوللىنىلىشى

بەلگىلىك سوزۇلما جەريانغا ئىگە بولغان ۋە ئاساسەن نۇتۇق پائالىيىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللارنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەتنىڭ پۈتۈن جەريانى بىلەن بىر قېتىم ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەنمۇ ئۆز پىكرىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي.

ئۇ ئۆزىنىڭ ماقالىسىدىكى بەزى مەسىلەلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتتى.

ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ ئۆتتى.

## 17.4.12. تۈس ياردەمچىسى "يات-"، "ئولتۇر-"، "تۇر-"،

**"يۇر-" لەرنىڭ قوللىنىلىشى**

بۇ پېئىللار تۈس ياردەمچىسى رولىدا كەلگەندە، پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، خۇددى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى "-ۋات-//-ىۋات-//-ۇۋات-//-ۈۋات-" قا ئوخشاشلا پېئىلنىڭ ئىزچىل تۈسلۈك ئۆزەك شەكلىنى ياساپ، ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل مەيلى مەنە جەھەتتىن بولسۇن ياكى تۈرلىنىش ئىقتىدارى جەھەتتىن بولسۇن ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسىدىن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق تۆۋەندىكىچە:

1) ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى سۇبيېكتنىڭ ھەر قانداق ھالەت ئاستىدىكى ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل بولسا ئايرىم-ئايرىم ھالدا سۇبيېكتنىڭ ياتقان، ئولتۇرغان، تۇرغان ۋە ئۇ يان-بۇيان يۈرگەن ھالەتتىكى ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىزچىل ھەرىكەت ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىزچىل ھەرىكەتكە قارىغاندا كونكرېت بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قۇرۇلمىدا ياردەمچى پېئىللار ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ كارىۋاتتا كىتاب ئوقۇپ ياتىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇ كارىۋاتتا كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ.)

ئۇلار سىنىپتا دەرس تەكرار قىلىپ ئولتۇرىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: ئۇلار سىنىپتا دەرس تەكرار قىلىۋاتىدۇ.)

ئەخمەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىپ تۇرىدۇ.



(سېلىشتۇرۇڭ: ئەخمەتلەر ئىشىكنىڭ ئالدىدا پاراڭ سېلىشىۋاتىدۇ.)

باللار ھويلىدا ئويناپ يۈرىدۇ.

(سېلىشتۇرۇڭ: باللار ھويلىدا ئويناۋاتىدۇ.)

2) بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالىتىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ كېلەلەيدۇ. لېكىن ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسىدا بۇ ئىقتىدار يوق. مەسىلەن:

ماتېرىيال يەرگە چېچىلىپ يېتىپتۇ.

ھەممەيلەن ساقلا قاراپ ئولتۇرىدۇ.

باغدا رەڭمۇ رەڭ گۈللە ئېچىلىپ تۇراتتى.

ئۇنى قاچان كۆرسەڭ كۈلۈپلا يۈرىدۇ.

3) ئىزچىل تۈس قوشۇمچىسى قوشۇلغان پېئىللار پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدە ۋە ئاددىي ئۆتكەن زامان شەكلىدە كېلەلمەيدۇ. بۇ تۆت ياردەمچى پېئىل بىلەن بىرىككەن پېئىللار پېئىلنىڭ ھەممە شەكىللىرىدە كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوقۇي، سەن ئاڭلاپ يات.

سەن يۆتكە، مەن ساناپ تۇراي.

مېنىڭ سۆزلىگىنىمنى سەن خاتىرىلەپ ئولتۇر.

سىلەرنىڭ پارىڭلارنى باشتىن-ئاياغ ئاڭلاپ ياتتىم.

سېنىڭ سۆزلىگىنىڭنى مەن خاتىرىلەپ ئولتۇردۇم.

مەن ساناپ تۇردۇم، ساق ئەللىك ئادەم كەلدى.

"ئولتۇر-"، "تۇر-"، "يۈر-" ياردەمچىلىرىنىڭ ھەر قايسىسى يەنە تۆۋەندىكى مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ:

**Δ ئولتۇر-**

پېئىلنىڭ (ئاساسەن نۇتۇق ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان

پېئىللارنىڭ) چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، ھەرىكەت ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ۋە ئاساسەن ئىنكار مەنىسىدىكى جۈملىلەر تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

شۇنچىلىك بىر ئىش ئۈچۈنمۇ خەت يېزىپ ئولتۇرامسەن؟

بۇ مەسىلىلەرنى مەن سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ سىلەر بىلىسلەر.

مېنىڭ بۇ يەردە پاكىت كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

ھازىر مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

Δ تۇر-

1) پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

A. ھەرىكەتنىڭ دائىم تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇنتۇپ قالماي خەت يېزىپ تۇر.

ئۇنىڭ بىلەن خەت ئېلىشىپ تۇرىمىز.

B. ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سىز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىر كېلىمەن.

ئۆي پۈتكىچە ئۇلارنىڭكىدە تۇرۇپ تۇردۇق.

چاپسانراق كەل، سېنى مەشەدە ساقلاپ تۇرىمەن.

2) پېئىلنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ۋاقىتلىق بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كەتمەي تۇرايلى، ئۇ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

سەن ئېنىق خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتماي



تۇرىمىز.

Δ يۈر-

1) پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

A. ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشى ياكى كۆپ تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ قۇرۇلما ئاساسەن رەۋىشداش شەكلىدە قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاران ئالدىم.

ئۇ باينىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ يۈرۈپ سالامەتلىكىدىن ئايرىلغان.

ئۇ ھېكايە يازىمەن، رومان يازىمەن دەپ يۈرۈپ، نەچچە يىل ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتتى.

B. رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاۋارە بولۇش، جاپا چېكىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئېغىر نەرسىنى نەلەردە كۆتۈرۈپ يۈرەي، مەشەدە قالسۇن.

تەييار كىتابنى ئالساڭ بولدى ئەمەسمۇ، كۆچۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

C. سۆزلىگۈچىنىڭ بۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى زادى كۈتمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر ھامان تەئەججۈپلەنگەن، مازاق قىلغان تەرزدە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

نېمە دەپ يۈرىدۇ، ما ئادەم!

تۈزۈك يازساڭچۇ، نېمىلەرنى يېزىپ يۈرىسەن!

بۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ بولۇشسىز شەكلى ھامان بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدە كېلىپ، ئاللاھىدە تەكىتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرمە يەنە!

ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يۈرمە يەنە!

2) پېئىلنىڭ بولۇشسىز چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز ھەرىكەتنىڭ ئۇزاق داۋاملىشىشىنى بىلدۈرىدۇ (بۇ قۇرۇلما ئاساسەن رەۋىشداش شەكلىدە قوللىنىلىدۇ). مەسىلەن:

ئىشلىمەي يۈرۈپ ئىشتىن چىقىپ قاپتىمەن.

ئۇنىماي يۈرۈپ ئاخىر ئۇنىدى.

## 5.12. پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرى

پېئىلنىڭ سۆپەتداش، مەقسەت پېئىلى شەكىللىرىگە ۋە بەزى ئىسىمداش شەكىللىرىگە باغلامچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ ئۆزەك شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرى دەپ ئاتايمىز.

پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرى پېئىلنىڭ ئۆزەك شەكىللىرىگە پۈتكەن ھال، پۈتمىگەن ھال، ئىزچىل ھال ۋە مەقسەت ھالى قاتارلىق ھال ئۇقۇملىرىنى كىرگۈزۈپ، پېئىلنىڭ ئۆزەك قىسمىدا ھال كاتېگورىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پېئىلنىڭ ھالسىز شەكىللىرىدە ھال ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش، بىر خىل ھال ئۇقۇمى بىلەن يەنە بىر خىل ھال ئۇقۇمىنى قوشۇش ياكى ئوخشاش بىر خىل ھال ئۇقۇمىنى قاتلاش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلنىڭ ھاللىق ئۆزەك شەكىللىرىنىڭ تۆۋەندىكى تۈرلىرى ئۇچرايدۇ:

### 1.5.12. پۈتكەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى ئۈچ خىل بولۇپ، بىر خىلى پۈتكەن ھاللىق سۆپەتداشقا تولۇق باغلامچى رولىدىكى



"بول-" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ (مەسىلەن: يازغان بول-، ئوقۇغان بول-، كەلگەن بول-)؛ بىر خىلى پۈتكەن ھاللىق سۆپەتداشقا تولۇق باغلامچى رولىدىكى "قىل-" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ (مەسىلەن: يازغان قىل-، ئوقۇغان قىل-، كەلگەن قىل-)؛ يەنە بىر خىلى پۈتكەن ھاللىق سۆپەتداشقا تولۇق باغلامچى رولىدىكى "تۇر-" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ (مەسىلەن: يازغان تۇر-، ئوقۇغان تۇر-، كەلگەن تۇر-).

1) تولۇق باغلامچى "بول-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتكەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

(1) پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالىتىنىڭ پەرەز قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە پۈتكەن ھال ئۇقۇمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تىرىشقان بولساڭ ئالغا باساتتىڭ.

ئەخمەت قايتىپ كەلگەن بولسا چاقىرىپ چىق، يېتىپ قالغان بولسا چاقىرما.

(2) پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان دەپ ھېسابلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقتىدا كەلمىگەنلەر ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ.

ياخشى ئوقۇمساق، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بولىمىز.

(3) سۇبيېكتىنىڭ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا بۇ خىل ئۆزەك شەكلى كۆپىنچە چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ.

ئەگەر خەۋەر شەكلىدە كەلسە، تۈس ياردەمچىسى "ئال-" بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ جىم ياتتى.

مەن كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇردۇم.

ئۇ مېنى كۆرمىگەن بولۇۋالدى.

(4) ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ بولغانلىقىنى ئېتىۋارسىزلىق بىلەن بايان قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن باغقا چىقىپ بىرئازمۇ پەيزى قىلالمىدۇق، تاغقا چىققان بولدۇق، بىردەم قېيىققا چۈشكەن بولدۇق، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەلدۇق.

2) تولۇق باغلامچى "قىل-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتكەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى سۈبيېكتنىڭ مەلۇم شەيئىنى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغان قىياپەتكە كىرگۈزۈشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھامان چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۆزىنى قورقمىغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىپ باقتى، لېكىن بولمىدى.

ئاينى تولغان قىلىپ سىزىمەن.

3) تولۇق باغلامچى "تۇر-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتكەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى پەرەز-قارشىلىق مەيلى شەكلىدە كېلىپ، قارشىلىق بېقىندا جۈملىنىڭ پۈتكەن ھاللىق خەۋىرى بولىدۇ ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ پۈتكەن ھاللىق قارشىلىق ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسا، شۇنىمۇ بىلمەمدۇ؟



مەن ئۇنى كۆرمىگەن تۇرسام، قانداق تونۇيمەن.

سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇغان تۇرۇپ، تونىمايمەن دەيسىزغۇ.

### 2.5.12. پۈتكەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ پۈتكەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى، ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تولۇق باغلامچى رولىدىكى "بول-"، "قىل-"، "تۇر-" پېئىللىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازغاندەك بول-، يازغاندەك قىل-، يازغاندەك تۇر-

1) تولۇق باغلامچىسى "بول-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتكەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى سۈبيېكتنىڭ خۇددى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلىغاندەك ھېسسىياتقا ئىگە بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سۈرىتىڭنى قويۇپ كەت، سۈرىتىڭنى كۆرسەم، ئۆزۈڭنى كۆرگەندەك بولارمەن.

خېتىڭنى ئوقۇپ، خۇددى ئۆزۈڭ بىلەن سۆزلەشكەندەك بولدۇم.

بۇ كىنونى كۆرسە، كىشى خۇددى ئېكراندىكىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولىدىكەن.

2) تولۇق باغلامچى "قىل-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتكەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى سۆزلىگۈچىگە ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدىن بىرەر بېشارەت سېزىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كەينىمدە بىر كىم چاقىرغاندەك قىلدى، قارىسام ئەخمەت ئىكەن.

ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ، قاراپ باقايلى.

ئاخشام ھويلىغا بىركىم كىرگەندەك قىلىۋىدى، سەن ئىكەنسەن-دە.

يىغلىغاندەك قىلىسىز، نېمە بولدىڭىز؟

3) تولۇق باغلامچى "تۇر-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتكەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلانغان ھالىتىدىن دېرەك بېرىدىغان بىرەر ئالامەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار قايتىپ كەلگەندەك تۇرىدۇ، قاراپ باقايلى.

يىغىن باشلىنىپ بولغاندەك تۇرىدۇ، كارىدوردا ھېچكىم يوق.

ئۇ تېخى بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولمىغاندەك تۇرىدۇ.

بىر كىمدىن خاپا بولغاندەك تۇرىسىز، نېمە بولدى؟

## 3.5.12. پۈتمىگەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشقا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تولۇق باغلامچى رولىدىكى "بول-"، "قىل-"، "تۇر-" پېئىللىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

يازىدىغان بول-، يازىدىغان قىل-، يازىدىغان تۇر-

1) تولۇق باغلامچى "بول-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتمىگەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

(1) سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتكە ئادەتلىنىشى، شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا ياكى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى، شۇ ھەرىكەتكە مايىل بولۇشى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شۇ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەر كۈنى تەنتەربىيە قىلىدىغان بولدۇم.

ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كېچىكمەيدىغان بولدى.

ھەر كۈنى مەشىق قىلساڭ، ياخشى يازىدىغان بولىسەن.

تىرىشسىڭىز، ئىككى يىلدىلا گېزىت ئوقۇيدىغان بولىسىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھەممە ئادەم ماختايدىغان بولدى.



(2) ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئادەتتىكى ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىدە كەلگەندە، ھەرىكەتنىڭ بولۇشىدىن بېشارەت بولغانلىقى، ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدا قارار ياكى توختام بولغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

چاپسان ماڭايلى، يامغۇر ياغىدىغان بولدى.

بۈگۈنكى يىغىندا سەن سۆزلەيدىغان بولدۇڭ.

ئۇ يېتىپ بېرىپلا تېلېگرامما بېرىدىغان بولدى.

(3) پەرەز ـ قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدىكى پەرەزنى كۆچەيتىدۇ. مەسىلەن:

بارىدىغان بولساڭ، چاپسان ماڭ.

ئەگەر ئۇ تىرىشىدىغان بولسا، ھەممىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئىزاھات:

1) يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، تولۇق باغلامچى "بول-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتمىگەن ھاللىق ئۆزەك شەكلىدە ئاساسەن پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-غان" شەكلى قوللىنىلىدۇ. بىراق شېئىرلاردا پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ "-ئار" شەكلى قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن كېتەر بولدۇم يارىم، ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.

2) تولۇق باغلامچى "قىل-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتمىگەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى سۇبيېكتنىڭ مەلۇم شەيئىنى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مېنىڭ سائىتىمنى توغرا ماڭىدىغان قىلىپ بەردى.

بۇ ئىشكنى ئېچىگە ئېچىلىدىغان قىلىڭ.

ئۇنىڭ ئۇسۇلى ياخشى، ئىككى ئايدىلا باللارنى گېزىت ئوقۇيدىغان قىلالايدۇ.

3) تولۇق باغلامچى "تۇر-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان پۈتمىگەن ھاللىق ئۆزەك شەكلى پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ پۈتمىگەن ھاللىق خەۋىرى بولىدۇ ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ، پۈتمىگەن ھاللىق قارشىلىق ھالىتى بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان تۇرسام، نېمىشقا بىلمەيمەن.

ئۇ تاماكا چەكمەيدىغان تۇرسا، تاماكا تۇتقىنىڭىز نېمىسى؟

يازالايدىغان تۇرۇپ، يازالمايمەن دېسىڭىز بولامدۇ؟

### 4.5.12. پۈتمىگەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ پۈتمىگەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى تۆۋەندىكىچە ياسىلىدۇ:

— ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشقا تولۇق باغلامچى "قىل-" ياكى "تۇر-" قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: يازىدىغاندەك قىل-، يازىدىغاندەك تۇر-

— ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان "-غۇ" لۇق ئىسىمداشقا تولۇق باغلامچى "بول-" قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

يازغۇدەك بول-، تاپقۇدەك بول-، كەلگۇدەك بول-، كەتكۇدەك بول-

1) ئوخشاتما كېلىشتىكى پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشقا تولۇق باغلامچى "قىل-" ياكى "تۇر-" قوشۇلۇپ ياسالغان پۈتمىگەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ دائىم بارلىققا كېلىدىغانلىقى ياكى كېيىن بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بارلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ خەنزۇچە بىلىدىغاندەك تۇراتتى، بىلمەيدىكەنغۇ؟

بۇ يەردە يامغۇر كۆپ ياغىدىغاندەك قىلىدۇ.



ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىدىغاندەك تۇرىسىز، بۇرۇن كۆرۈشكەنمۇ؟

مەن يېقىندا ئۈرۈمچىگە بارىدىغاندەك تۇرىمەن.

بۈگۈن بوران چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

2) ئوخشاتما كېلىشتىكى "-غۇ" لۇق ئىسىمداشقا "بول-" قوشۇلۇپ ياسالغان پۈتمىگەن ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ياكى شۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى تەمىن ئېتىش دەرىجىسىگە يېتىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاچچىقى كېلىپ يىغلىغۇدەك بولدى.

بۇ ئالمىلار قاچان يېگۇدەك بولىدۇ؟

بىر يىلدا گېزىت ئوقۇغۇدەك بولالايمىزمۇ؟

خەنزۇچە رومانلارنى ئوقۇغۇدەك بولۇپ قالدۇق.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.

قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

### 5.5.12. ئىزچىل ھاللىق ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق ئۆزەك شەكلى ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداشقا ئايرىم-ئايرىم ھالدا تولۇق باغلامچى رولىدىكى "بول-"، "قىل-"، "تۇر-" پېئىللىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يېزىۋاتقان بول-، يېزىۋاتقان قىل-، يېزىۋاتقان تۇر-،

1) تولۇق باغلامچى "بول-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىزچىل ھاللىق ئۆزەك شەكلى تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

(1) پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ ئىزچىل ھاللىق خەۋىرى بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار دەرس ئوقۇۋاتقان بولسا، كېيىن كېلەيلى.

دەم ئېلىۋاتقان بولسىڭىز، ئاۋارە قىلمايمەن.

ئولتۇرغان بولساڭ تۇر، تۇرغان بولساڭ ماڭ.

(2) سۇبيېكتنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنلاۋاتقان ھالەتكە كىرىۋېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ كۆپىنچە چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. ئەگەر خەۋەر شەكلىدە كەلسە، تۇس ياردەمچىسى "ئال-" بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئۇخلاۋاتقان بولۇپ جىم ياتتى.

مەن كىتاب ئوقۇۋاتقان بولۇپ ئولتۇردۇم.

ئۇلار ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقان بولۇۋالدى.

2) تولۇق باغلامچى "قىل-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىزچىل ھاللىق ئۆزەك شەكلى مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم ھەرىكەتنى ئورۇنلاۋاتقان ياكى مەلۇم ھالەتتە تۇرغان قىياپەتكە كىرگۈزۈلۈشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ رەسىمدە بىر ئوقۇغۇچى پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب ئوقۇۋاتقان قىلىپ تەسۋىرلىنىپتۇ.

— ئوقۇتقۇچىنىڭ رەسىمنى قانداق سىزىسەن؟

— دەرس سۆزلەۋاتقان ھالىتىنى سىزىمەن.

3) تولۇق باغلامچى "تۇر-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىزچىل ھاللىق ئۆزەك شەكلى پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە كېلىپ، قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ ئىزچىل ھاللىق خەۋىرى بولىدۇ ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە كېلىپ، ئىزچىل ھاللىق ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئىمتىھان بېرىۋاتقان تۇرسام، قانداق بارىمەن.

سىز ئۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە يۈرگەن تۇرسىڭىز، ئەلۋەتتە كۆرمىدىڭىز-دە.

ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان تۇرۇپ ئۇنى تونۇمامسىز؟



### 12.5.6. ئىزچىل ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى ئوخشاتما كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىزچىل ھاللىق سۈپەتداشقا تولۇق باغلامچى "قىل-" ياكى "تۇر-" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: يېزىۋاتقاندەك قىل-، يېزىۋاتقاندەك تۇر-.

پېئىلنىڭ ئىزچىل ھاللىق ئوخشاتما ئۆزەك شەكلى ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىرمەيلى، ئۇلار يىغىن ئېچىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

تۈنۈگۈن بىر نەرسە يېزىۋاتقاندەك تۇراتتىڭىز، نېمە يازدىڭىز؟

سەل توختايلى، تاشقىرىدا يامغۇر يېغىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

### 12.5.7. مەقسەت ھاللىق ئۆزەك شەكلى

پېئىلنىڭ مەقسەت ھاللىق ئۆزەك شەكلى بىرلا خىل بولۇپ، مەقسەت پېئىلى شەكلىگە تولۇق باغلامچى "بول-" نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: يازماقچى بول-، ئوقۇماقچى بول-، كەلمەكچى بول.

پېئىلنىڭ مەقسەت ھاللىق ئۆزەك شەكلى ھەرىكەتنىڭ بولۇشى توغرىسىدىكى نىيەت ياكى كېلىشىمنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر سۆزلەشمەكچى بولدۇم.

ئۇ كەتمەكچى بولغانىدى، بىز نۇرغۇن گەپ قىلىپ ئاران توختىتىۋالدۇق.

ئۇ ئەتە كەلمەكچى بولۇپ كەتتى.

بۇ يىغىنغا سىلەرمۇ قاتناشماقچى بولدۇڭلار.

# ئون ئۈچىنچى باب
# تۇرغۇن سۆز- باغلامچى قۇرۇلمىلىرى

## 1.13. ئومۇمىي بايان

ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللارنىڭ بىر تۈرى بولغان باغلامچىلارنىڭ مۇھىم بىر رولى شۇكى، ئۇلار ئىسىم، سۈپەت، سان، مىقدار (ئاساسەن سان-مىقدار بىرىكمىسى)، رەۋىش ۋە ئالماشتىن ئىبارەت تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى بولغان تۇرغۇن سۆز- باغلامچى قۇرۇلمىلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. باغلامچىلار بىلەن بىرىكىپ، تۇرغۇن سۆز- باغلامچى قۇرۇلمىلىرىنى ھاسىل قىلىش بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورتاق مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ باغلامچىلار بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تۇرغۇن سۆز- باغلامچى قۇرۇلمىلىرىنى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكىللىرى، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكىللىرى، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى ۋە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكلى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 2.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكىللىرى

تولۇق باغلامچىلار تۇرغۇن سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنى پېئىلغا خاس گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تولۇق باغلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان مورفولوگىيىلىك



قۇرۇلمىلارنى ھاسىل قىلىدۇ، بىز مۇشۇ قۇرۇلمىلارنى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكىللىرى دەپ ئاتايمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا تولۇق باغلامچى رولىدا كېلىدىغان پېئىللارنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇكى "بول-" بىلەن "قىل-" پېئىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى پېئىلدىن باشقا "تۇر-"، "كەل-"، "چىق-"، "كۆر-"، "ھسابلا-"، "ھسابلان-" پېئىللىرىمۇ بەلگىلىك دائىرىدە تولۇق باغلامچى رولىدا كېلىدۇ. بىز تۆۋەندە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكىللىرىنى تولۇق باغلامچىلارنىڭ تۈرى بويىچە تونۇشتۇرىمىز.

### 1.2.13. تولۇق باغلامچى "بول-" نىڭ رولى

تولۇق باغلامچى رولىدىكى "بول-" پېئىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى، سان ياكى سان بىرىكمىسى، سان-مىقدار بىرىكمىسى، رەۋىش ياكى رەۋىش بىرىكمىسى، ئالماش ياكى ئالماش بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ياكى مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈمسىز پېئىل شەكىللىرىنى ياسايدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل پېئىل شەكىللىرى خۇددى ئادەتتىكى ئۆتۈمسىز پېئىللارغا ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مال سەمرىسە، ياغ بولىدۇ، يەر سەمرىسە باغ بولىدۇ. (ماقال)

ئادەم بولمىساڭ ئەقلىڭ بىلەن، ئەخمەق بولىسەن ساقىلىڭ بىلەن.

(ماقال)

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە، ئەلنىڭ بالىسى بول (ماقال)

يارامىلىق ئىقتىساس ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

قار يېغىپ، ھەممە يەر ئاپئاق بولۇپ كەتتى.

بوگۈنكى تاماق تۇزلۇق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشىپ

قالدى.

هازىر بار ئوقۇغۇچى 250، يېڭى ئوقۇغۇچىلار كەلسە 400 بولىدۇ.

يېزىلغان ماقالە 15 پارچە بولۇپتۇ.

يىغىننىڭ ئېچىلىش ۋاقتى بەك كېيىن بولۇپ كەتتى، بۈگۈن بولسا، ياخشى بولاتتى.

ئەمدى بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولدى.

سەن قانداق بولسۇن دېسەڭ، شۇنداق بولسۇن.

بۇ جۈملىلەردە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ”بول-“ قوشۇلۇپ ياسالغان ”ياغ بول-“، ”باغ بول-“، ”ئادەم بول-“، ”ئەخمەق بول-“، ”ئاتاڭنىڭ بالىسى بول-“، ”ئەلنىڭ بالىسى بول-“، ”يارامىلىق ئىختىساس ئىگىسى بول-“، ”ئاپئاق بول-“، ”تۈزلۈق بول-“، ”400 بول-“، ”15 پارچە بول-“، ”بەك كېيىن بول-“، ”بۈگۈن بول-“، ”ياخشى بول-“، ”سېنىڭ بول-“، ”قانداق بول-“، ”شۇنداق بول-“ قاتارلىق پېئىل شەكىللىرى شۇ قۇرۇلمىدىكى تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرۈپ، ئادەتتىكى ئۆتۈمسىز پېئىللاردەك رول ئويناپ كەلگەن. مەسىلەن:

كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق. (ماقال)

ئۇ كىچىك بولسىمۇ، ئەمگەكتە چوڭلاردىن قېلىشمايدۇ.

مەيلى كىم بولسۇن، بىلەت ئېلىشى كېرەك.

بۇ دورا ئاچچىق بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ياق مېنىڭ ئاكام بولىدۇ.

مەن سېنىڭ تاغاڭ بولىدىكەنمەن.

كارىز سۈيى تاتلىق بولار ئىمىش.

بۇ جۈملىلەردە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ”بول-“ قوشۇلۇپ ياسالغان ”كەمبەغەل بول-“، ”كىچىك بول-“، ”كىم بول-“، ”ئاچچىق



بول-“، ”مېنىڭ ئاكام بول-“، ”سېنىڭ تاغاڭ بول-“، ”تاتلىق بول-“ قاتارلىق پېئىل شەكىللىرى شۇ قۇرۇلمىدىكى تۇرغۇن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ، ئادەتتىكى ئۆتۈمسىز پېئىللاردەك رول ئويناپ كەلگەن.

بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ”بول-“ باغلامچىسى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: ”مەغلۇپ بول-“، ”پەيدا بول-“، ”دەپسەندە بول-“، ”ھاسىل بول-“، ”بىتچىت بول-“، ”تارمار بول-“، ”گۇم بول-“، ”بەربات بول-“، ”مۇپتىلا بول-“، ”ھەل بول-“، ”پاش بول-“، ”ھالاك بول-“، ”بىر تەرەپ بول-“ دېگەنگە ئوخشاش. مۇنداق قۇرۇلمىلارنى قوشما پېئىل ھېسابلاشقا بولىدۇ.

### 2.2.13. تولۇق باغلامچى ”قىل-“ نىڭ رولى

تولۇق باغلامچى رولىدىكى ”قىل-“ پېئىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى، سان ياكى سان بىرىكمىسى، سان-مىقدار بىرىكمىسى، رەۋىش ياكى رەۋىش بىرىكمىسى، ئالماش ياكى ئالماش بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشىنى بىلدۈرىدىغان ئۆتۈملۈك پېئىل شەكىللىرىنى ياسايدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل پېئىل شەكىللىرى خۇددى ئادەتتىكى ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

قەست قىلغاننى پەس قىل. (ماقال)

ئاشنى بۇزۇپ ئۇماچ قىلدى، ناننى بۇزۇپ كۆمەچ قىلدى.

(ماقال)

مەن ئوغلۇمنى ئالىم قىلىمەن، دەيتتى ئۇنىڭ دادىسى.

مەملىكىتىمىزنى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ

چىقىشقا بەل باغلىدۇق.

بۇگۈنكى تاماقنى تۇزلۇق قىلىپ قويۇپسىز.

قار يېغىپ ھەممە يەرنى ئاپئاق قىلىۋەتتى.

خەقنىڭ نەرسىسىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالساڭ بولامدۇ؟

بۇ ئىشنى يا نېرى قىلايلى، يا بېرى قىلايلى.

بىز ئىككى قولىمىزنى تۆت قىلالمايۋاتساق، ئۇ ئوينىاپ يۈرىدۇ.

بۇ جۈملىلەردە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ”قىل-“ قوشۇلۇپ ياسالغان ”پەس قىل-“، ”ئۇماچ قىل-“، ”كۆمەچ قىل-“، ”ئالىم قىل-“، ”قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قىل-“، ”تۇزلۇق قىل-“، ”ئاپئاق قىل-“، ”ئۆزۈڭنىڭ قىل-“، ”نېرى قىل-“، ”بېرى قىل-“، ”تۆت قىل-“ قاتارلىق پېئىل شەكىللىرى شۇ قۇرۇلمىدىكى تۇرغۇن سۆز ياكى تۇرغۇن سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشىنى بىلدۈرۈپ، ئادەتتىكى ئۆتۈملۈك پېئىللارغا ئوخشاش رول ئويناپ كەلگەن.

بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ”قىل-“ باغلامچىسى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: ”مەغلۇپ قىل-“، ”پەيدا قىل-“، ”دەپسەندە قىل-“، ”ھاسىل قىل-“، ”بىتچىت قىل-“، ”تارمار قىل-“، ”گۇم قىل-“، ”بەربات قىل-“، ”مۇپتىلا قىل-“، ”ھەل قىل-“، ”پاش قىل-“، ”ھالاك قىل-“، ”بىر تەرەپ قىل-“ دېگەنگە ئوخشاش. مۇنداق قۇرۇلمىلارنىمۇ قوشما پېئىل ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇلار دەل يۇقىرىدىكى ”بول-“ باغلامچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان قوشما پېئىللارنىڭ ئۆتۈملۈك جۈپى بولۇپ كېلىدۇ.

### 3.2.13. تولۇق باغلامچى ”تۇر-“ نىڭ رولى

تولۇق باغلامچى رولىدىكى ”تۇر-“ پېئىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسى، سۈپەت ياكى سۈپەت



بىرىكمىسى، سان ياكى سان بىرىكمىسى، سان-مىقدار بىرىكمىسى، ئالماش ياكى ئالماش بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەلۇم ئىشقا قارشى ھالدا مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل پېئىل شەكلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى بىر قەدەر تار بولۇپ، پەقەت پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىدە قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىدۇ ياكى چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە قارشىلىق ھالىتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سەن تەنھەرىكەتچى تۇرساڭ، بىز ساڭا قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟

ھاۋا سوغۇق تۇرسا، ئوت قالىمىسا قانداق بولىدۇ؟

سۆيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلۇقىدا مەن بىر قايىنام تۇرسام،

ئۇسسۇزلۇقۇم قاندىق قانسۇن، ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى.

(ل. مۇتەللىپ)

ئەھۋال مۇشۇ تۇرسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇ سېنىڭ ئاكاڭ تۇرسا، ھۆرمەت قىلمىساڭ بولامدۇ؟

سەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ، مۇشۇنى بىلمەمسەن؟

بۇ بالا كىچىككىنە تۇرۇپ تاماكا چېكىدىكەن.

سىز كادىر تۇرۇپ شۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ؟

### 4.2.13. تولۇق باغلامچى ”كەل-“ نىڭ رولى

تولۇق باغلامچى رولىدىكى ”كەل-“ پېئىلى بىرىنچىدىن، بەزى سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن بەلگىنىڭ ئومۇمەن مەۋجۇتلۇقىنى ياكى مەلۇم شەيئىگە قارىتا نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تاجكلار قاڭشالىق كېلىدۇ.

ئۇ يەرنىڭ توپىسى قىزغۇچ كېلىدىكەن.

بۇ چاپان سىزگە لايىق كېلىدۇ، ماڭا سەل كەڭ كېلىشى مۇمكىن.

بۇ ئۆي سىلەرگە تار كېلىپ قاپتۇ.

سىلەرگە كىچىك كەلگەن ئۆي ئۇلارغا كىچىك كەلمەمدىكەن.

بۇماقالىنى يېزىش ماڭا ناھايىتى تەس كەلدى.

ئىككىنچىدىن، سان-مىقدار بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇنىڭ ئۆلچەش نەتىجىسىدە ياكى ئەگەر ئۆلچەلسە، شۇ سان-مىقدار نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

تاغاردىكى ئۇن 92 جىڭ كەلدى.

ئۇ 120 كىلوگرام كېلىدىغان بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كەتتى.

بۇ مەيدان 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆيى5 چاقىرىم كېلەر.

## 5.2.13. تولۇق باغلامچى "چىق-" نىڭ رولى

تولۇق باغلامچى رولىدا كەلگەن "چىق-" پېئىلى بىرىنچىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا سان ياكى سان بىرىكمىسى ۋە سان-مىقدار بىرىكمىسى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ ئۆلچەش ياكى ساناش نەتىجىسىدە شۇ سان ياكى سان-مىقدار نامايان بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

قويلارنى سانىسام 62 چىقتى.

بۇ مەيدان 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

بۇ لىملارنى 15 تال دېگەن ئىدىڭ، 13 تال چىقتىغۇ؟

ئىككىنچىدىن، بەزى سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ سىناق نەتىجىسىدە شۇ بەلگە نامايان



بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ سائىتىم ياخشى چىقتى.

ھەممىڭلاردىن سەن ئۇستا چىقتىڭ.

## 6.2.13. تولۇق باغلامچى "كۆر-" نىڭ رولى

تولۇق باغلامچى رولىدا كەلگەن "كۆر-" پېئىلى بەزى سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، ئۇلارنىڭ بىر خىل پېئىل شەكلىنى ياسايدۇ، بۇ خىل پېئىل شەكلى سۇبيېكتنىڭ مەلۇم شەيئىنى شۇ سۈپەت ياكى سۈپەت بىرىكمىسى ئىپادىلىگەن بەلگىگە ئىگە دەپ ھېسابلىشىنى ياكى ھېس قىلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۆز كەسپىمنى ياخشى كۆرىمەن.

ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، يوقلاپ كەلگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت.

بو چارىنى بىزمۇ مۇۋاپىق كۆردۇق.

سەن بۇ ئىشنى ئاسان كۆرۈۋاتامسەن؟

ئۇنى ھەممىمىز چوڭ كۆرىمىز.

بىزنى يات كۆرمەڭ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا "ھېسابلا-"، "ھېسابلان-"، "چاغلا-"، "تاپ-" پېئىللىرىمۇ ئايرىم ئورۇنلاردا تولۇق باغلامچى رولىدا كېلىپ، بەزى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكلىنى ياسىشى مۇمكىن. مەسىلەن: "ئىلغار ھېسابلا-"، "ئىلغار ھېسابلان-"، "ئاسان چاغلا-"، "لازىم تاپ-" دېگەنگە ئوخشاش.

## 3.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكىللىرى

تۇرغۇن سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئومۇمەن تولۇقسىز باغلامچىلارنىڭ ئىچىدىكى شەخسلىك ھۆكۈم باغلامچىلىرى بىلەن بىرىكىپ، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكىللىرىنى

شەكىللەندۈرىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكىللىرى شەخسلىك ھۆكۈم باغلامچىلىرىنىڭ تۈرى بويىچە ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، ئاڭلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى، ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1.3.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى ھازىرقى زامان ۋە ئۆتكەن زاماندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ بىۋاستە بىلىدىغان تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن دوختۇرمەن.

سەن بەكمۇ كەمتەرسەن.

ئۆگىنىش بىزنىڭ دائىملىق ۋەزىپىمىزدۇر.

سىلەر تېخى ياشسىلەر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىگە قوشۇلغان ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى دائىم چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ھۆكۈم



ئىنتوناتسىيىسى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئوقۇغۇچى، سەن كادىر، ئۇ ئىشچى.

گەپ بىر، قولاق ئىككى.

بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ياخشى.

بۈگۈن چېسلاغا 17.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم شۇ.

بۇ خىل خەۋەرلەرنىمۇ تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ باشقا زامان ۋە مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرى بىلەن زامان ۋە مەيل جەھەتتىن نىسبەتلىنىشىدۇ. شۇنىڭدەك پېئىلغا بېقىنىدىغان سۆزلەرنى بېقىندۇرۇپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇرۇن ئىشچى ئىدىم، ھازىرمۇ ئىشچى.

ئۇ ھازىر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشكە ئەزا.

2) تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ بىۋاستە بىلىدىغان تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچى ئىدىم، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتىم.

بىز بۇرۇن 12- بىنادا ئىدۇق، كېيىن كۆچۈپ كەتتۇق.

سىز بۇرۇن سېمىز ئىدىڭىز، ھازىر ئورۇقلاپ قاپسىز.

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار بۇلتۇر 2400 ئىدى، بۇ يىل 3000 غا يەتتى.

مېنىڭ ئىزدىگىنىم مۇشۇ نەرسە ئىدى.

سىز كەلگەندە، ئۇلار ياتاقتا ئىدى.

## 13.3.2. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ ۋاستىلىك بىلگەن (مەلۇم پاكىتلارغا ياكى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسەن كېيىن بىلگەن ياكى يېڭىدىن بىلگەن) تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى ئوقۇغۇچىمىكىن دەپتىمەن، ئوقۇتقۇچى ئىكەن.

ئۇلارنىڭ ئۆيى بەك يىراق ئىكەن، ئىككى سائەتتە يېتىپ باردۇق.

بۇ كىتابنىڭ تىراژى 35 مىڭ ئىكەن.

سىز مېنىڭدىن بەش ياش كىچىك ئىكەنسىز.

مەن كىچىك ۋاقتىمدا ناھايىتى شوخ ئىكەنمەن.

سىلى بەك تارتىنچاق ئىكەنلا.

دېمەك، تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى ئومۇمەن زامان جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ. بىراق بەزىدە، بولۇپمۇ III شەخستە ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسالغان ئۆتكەن زامان شەكلى ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن:

ئۇ ئۇ چاغدا ئوقۇغۇچى ئىكەندۇق.

## 13.3.3. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاگاھلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى



تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاگاھلاتما بايان مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى ھازىرقى زامان ۋە ئۆتكەن زاماندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاگاھلاتما بايان مەيلىدىكى ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە ئاگاھلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتىلغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ دادىسى ئۇستا دوختۇردەك.

بۇگۈنكى كىنو بەك ياخشى ئىمىش.

سەن بەك ھاكاۋۇر ئىمىشسەن، ئۇ سەندىن قورقار ئىمىش.

مەن ئاڭلىدىم، سىز ناخشىغا ناھايىتى ئۇستىدەكسىز.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ، مەن ئۇنىڭدىن چوڭ ئىمىشمەن.

2) تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئاگاھلاتما بايان مەيلىدىكى ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە ئاگاھلاتما ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ باشقىلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتىلغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن كىچىكىمدە بەك شوخ ئىكەنمىشمەن.

بۇ يەرلەر بۇرۇن سازلىق ئىكەنمىش.

سىلەر ئۇ چاغدا يېزىدا ئىكەنمىشسىلەر.

### 4.3.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى هازىرقى زامان ۋە ئۆتكەن زاماندىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى هازىرقى زامان خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر باغلامچىسىنىڭ هازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۇبيېكتىپ چۈشەنچە بويىچە مۆلچەرلەپ ئېيتىلغانلىقىنى هەم بۇ ئىشنىڭ سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن مەن دىجورنىدۇرمەن.

سىز ئوقۇغۇچىغۇ دەيمەن.

ئۇلارنىڭ ئۆيى يىقىندۇ؟

ئۇلار بۈگۈن ئۆيدە يوققۇ دەيمەن.

سىز مېنىڭ بىلەن تەڭدۇرسىز.

2) تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ سۇبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە سۇبيېكتىپ مۆلچەر هۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ سۇبيېكتىپ چۈشەنچە بويىچە مۆلچەرلەپ ئېيتىلغانلىقىنى ۋە بۇ ئىشنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىت بىلەن ياكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ چاغدا سەن يوق بولغىدىڭ.



سىلەر كەلگەن كۈنى مەنمۇ بار ئىدىمغۇ دەيمەن.

ئۇلار ئۇ كۈنى مەكتەپتە بولغىدى.

مېنىڭ ئالدىمدا سۆزگە چىققان كىشى سىز ئىدىڭىزغۇ دەيمەن.

سىلەر ئۇ چاغدا يېزىدا بولغىدىڭلار؟

### 5.3.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مۆلچەر مەيلىدىكى خەۋەر شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە ئوبيېكتىپ مۆلچەر هۆكۈم باغلامچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بۇ خىل خەۋەر شەكلى جۈملىدىكى ئىشنىڭ مەلۇم پاكىتلارغا ئاساسەن مۆلچەرلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بۈگۈن ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ.

بۇ ئەھۋالغا قارىغاندا، سىز ئوقۇتقۇچى بولسىڭىز كېرەك.

ئۇ چاغدا مەن ئۆيدە يالغۇز چىغىمبا.

بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى ئوخشايدۇ.

سىز مايمۇن يىللىق چىغىڭىزۋا.

## 4.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى ۋە هۆكۈملۈك ئىسىم شەكلى

### 1.4.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى

تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى تۇرغۇن سۆزلەرگە بولۇشسىز هۆكۈم باغلامچىسى "ئەمەس" نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىپ، تۇرغۇن سۆز ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ بولۇشسىز شەكلى سۈپەت خاراكتېرلىك بولۇپ، كۆپىنچە تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ خەۋەر شەكلى سۈپىتىدە كېلىپ ئىنكار ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە

ئايرىم ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئۇرۇق ئەمەس ئىدىم.

ئويلاپ گەپ قىل، كىچىك بالا ئەمەسمەن.

بۇ مېنىڭ كىتابىم ئەمەس ئىكەن.

ئاچقۇچ مەندە ئەمەس، تۇرسۇندا.

توغرا ئەمەس نەرسىنى توغرا دېسەڭ بولامدۇ؟

## 2.4.13. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكلى

ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئىسىمداش شەكلى بولغان ”ئىكەنلىك“ سۆزىنىڭ تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇشى بىلەن تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكلى ھاسىل بولىدۇ. تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ھۆكۈملۈك ئىسىم شەكلى تۇرغۇن سۆز ئىپادىلىگەن پاكىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرۈپ، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ ۋە ھامان ئۆزىنىڭ سۈبيېكتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئىگىلىك مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار سېنىڭ تەرجىمان ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدىكەن.

ئۇنىڭ ياخشى يولداش ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

مېنىڭ تېخى تەجرىبىسىز ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قوي.

ئۇ يەرگە بارغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس.



# ئون تۆتىنچى باب تەقلىد سۆزلەر

## 1.14. تەقلىد سۆزلەرنىڭ مەنىسى

كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمى، كۆرۈش سېزىمى ۋە ھېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەر تەقلىد سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى.

بۇ ۋاراڭ-چۇرۇڭدا نېمىنى ئاڭلىغىلى بولسۇن.

ئۇنىڭ بۇ ئىمىر-چىمىر خەتلىرىنى مەن ئوقۇيالمايمەن.

يۈرىكىم جىغ قىلىپ كەتتى.

بۇ مىساللاردىكى ”غىچ“، ”ۋاراڭ-چۇرۇڭ“ سۆزلىرى كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلانغان ئاۋازغا تەقلىد قىلىنغان. ”ئىمىر-چىمىر“ سۆزى كىشىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن شەكىلگە تەقلىد قىلىنغان. ”جىغ“ سۆزى كىشى ھېس قىلغان بىر خىل سېزىمگە تەقلىد قىلىنغان. مانا مۇشۇ خىلدىكى سۆزلەر تەقلىد سۆزلەرگە كىرىدۇ.

تەقلىد سۆزلەر تەبىئىي ئاۋاز، كۆرۈنۈش ۋە سېزىمنىڭ ئەينەن ئىنكاسى بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نىسپىي تەقلىد قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەقلىد سۆزلەر ھەممە تىللاردا ئۇچرايدۇ. ئەگەر ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى بىر خىل نەرسىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ بەكمۇ پەرقلىنىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا ”شار-شۇر“ سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئاۋاز خەنزۇ تىلىدا 哗哗 (خۇا خۇا) سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا

”گۇلدۇر“ سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئاۋاز خەنزۇ تىلىدا 轰隆 (خۇگلۇڭ) سۆزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مانا بۇ هال تەقلىد سۆزلەرنىڭ گەرچە تەبىئىي ئاۋاز، كۆرۈنۈش، سېزىملەرگە تەقلىد قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا باشقا سۆزلەرگە ئوخشاش مەلۇم ئابستراكتلىققا ئىگە بولغان بىر خىل بەلگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا تەقلىد سۆزلەر ناهايىتى راۋاج تاپقان. ئۇلار ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، پىكىرنى ئوبرازلىق جانلىق ئىپادىلەش، بەزى ئۇقۇملارنى نازۇك تەرەپلەردىن پەرقلەندۈرۈش جەھەتلىرىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: ”گۇلدۇرلەپ ئېقىۋاتقان سۇ“، ”شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ“، ”شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ“، ”چۇرۇقلاپ ئېقىۋاتقان سۇ“، ”سىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ“ دېگەن بىرىكمىلەر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئوخشاش بولمىغان مىقدار، ئوخشاش بولمىغان هالەتتە ئېقىپ تۇرغان بىر قانچە خىل ئېقىننى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، مانا بۇ ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇملار پەقەت تەقلىد سۆزلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

## 2.14. تەقلىد سۆزلەرنىڭ تۈرى

تەقلىد سۆزلەرنى مەنىسگە قاراپ ئاۋاز تەقلىدلىرى، شەكىل تەقلىدلىرى، هېسسىيات تەقلىدلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئاۋاز تەقلىدلىرى كىشىنىڭ ئاڭلاش سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

شار-شار، شار-شۇر، جىرىڭ-جىرىڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاراق-تاراق، تىرىق-تىرىق، تاراق-تۇرۇق، دۈكۈر-دۈكۈر، شىپ-شىپ، پۇش-



پۇش، ۋىژ-ۋىژ، تاڭ-تۇڭ، ها-ها، ئىڭە-ئىڭە، غاق-غاق، مە...

2) شەكىل تەقلىدلىرى كىشىنىڭ كۆرۈش سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

ۋال-ۋۇل، پار-پۇر، پىل-پىل، غال-غال، لىڭ-لىڭ، دەلدەڭ-دۈلدۈڭ، ئىمىر-چىمىر، پار-پار، پىر-پىر...

3) هېسسىيات تەقلىدلىرى كىشىنىڭ هېسسىي سېزىمىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

لوق-لوق، زىڭ-زىڭ، سىر-سىر، چىم-چىم، جىغ...

تەقلىد سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ تاق تەقلىد سۆزلەر ۋە جۈپ تەقلىد سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) تاق تەقلىد سۆزلەر بىر گۇرۇپپا تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئاساسىي سېزىمنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

گۇر، جاڭ، شار، تاراق، تۇرۇق، تىرىق، ۋاراڭ، چۇرۇڭ، گۇلدۇر، پاراق، ۋىژ، گىژ، پىژ، دۇر، شۇر، ۋال، پال، پار، زىڭ، چىم، لوق...

2) جۈپ تەقلىد سۆزلەرنى يەنە تەكرار تەقلىد سۆزلەر ۋە ئارىلاش تەقلىد سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

A. تەكرار تەقلىد سۆزلەر تاق تەقلىد سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن هاسىل بولۇپ، بىر خىل سېزىمنىڭ تەكرارلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

گۇر-گۇر، جاڭ-جاڭ، جىرىڭ-جىرىڭ، تىرىق-تىرىق، ۋاراڭ-ۋاراڭ، گۇلدۇر-گۇلدۇر، شىر-شىر، پاراق-پاراق، ۋىژ-ۋىژ، پىژ-پىژ، ۋال-ۋال، پار-پار، ۋىل-ۋىل، لىڭ-لىڭ، لوق-لوق، زىڭ-زىڭ، چىم-چىم...

B. ئارىلاش تەقلىد سۆزلەر مۇناسىۋەتلىك ئىككى تاق تەقلىد سۆزنىڭ جۈپلىشىشىدىن ھاسىل بولۇپ، بىر تىپتىكى ھەر خىل سېزىملەرنىڭ ئارىلاشمىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شار-شۇر، ۋاراڭ-چۇرۇڭ، تاراق-تۇرۇق، جاراڭ-جۇرۇڭ، تاق-تۇق، ۋاژ-ۋۇژ، تاڭ-تۇڭ، گۈلدۈر-تاراس، ۋال-ۋۇل، پار-پۇر، دەلدەڭ-دۈلدۈڭ...

## 3.14. تەقلىد سۆزلەرنىڭ گرامماتىك خۇسۇسىيىتى

1) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش روللىرىدا كېلىپ، جۈملىدە شۇ سۆز تۈركۈملىرى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئەمدى بېسىلدى. (ئىگە)

بۇ تاراق-تۇرۇقنى توختاتساڭلارچۇ؟ (تولدۇرغۇچى)

بۇ گۈلدۈر-غالدۇردا نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن. (ھالەت)

تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال. (خەۋەر)

غۇر-غۇر شامال سوقۇۋاتىدۇ. (ئېنىقلىغۇچى)

بېشى زىڭ-زىڭ ئاغرىپ بولمايۋاتىدۇ. (ھالەت)

2) تەقلىد سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك "قىلماق" پېئىلى بىلەن بىرىكىپ قوشما پېئىل ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

گۇر قىلماق، تارس قىلماق، پۇس قىلماق، ۋال قىلماق، زىڭ قىلماق، پىژ قىلماق، چاس قىلماق، داڭ قىلماق، پىر قىلماق، شىر-شىر قىلماق، گۇر-گۇر قىلماق، ۋال-ۋال قىلماق، لوق-لوق قىلماق، پۇش-پۇش قىلماق، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، تاراق-تۇرۇق قىلماق، غالداڭ-غۇلدۇڭ قىلماق، ئىمىر-چىمىر قىلماق

بۇنداق قوشما پېئىللارنىڭ تاق سۆزلەردىن ھاسىل



بولغانلىرى ئاساسەن چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ياكى سۈپەتداش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ماشىنا گۇر قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئەينەك چارس قىلىپ يېرىلىپ كەتتى.

ئۆيدىن تارس قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

جۈپ تەقلىد سۆزلەردىن ھاسىل بولغانلىرى بەزىدە خەۋەر بولۇپ كەلسە، كۆپىنچە چېتىلما رەۋىشداش شەكلىدە ھالەت بولۇپ كېلىدۇ ياكى سۈپەتداش شەكلىدە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

تاراق-تۇرۇق قىلماڭلار، باشقىلار دەرس ئوقۇۋاتىدۇ.

ئۇلار كەلگەن ئوخشايدۇ، ماشىنا گۇر-گۇر قىلىۋاتىدۇ.

ئۇلار پۇش-پۇش قىلىپ ئۇخلاۋاتىدۇ.

پۇتۇم لوق-لوق قىلىپ ئاغرىۋاتىدۇ.

سائەتنىڭ چىك-چىك قىلغان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز يوق.

3) تاق تەقلىد سۆزلەر تۆۋەندىكى قوشۇمچىلار بىلەن بىرىكىپ ياسالما پېئىللارغا ئايلىنالايدۇ.

Δ "-ىلدا//-ىلدە//-ۇلدا//-ۈلدە". بۇ قوشۇمچە ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

چىك+ىلدا←چىكىلدا-، دىر+ىلدە←دىرىلدە-، پۇش+ۇلدا← پۇشۇلدا، گۈر+ۈلدە←گۈرۈلدە.

Δ "-لا//-لە". بۇ قوشۇمچە كۆپ بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

جاراڭ+لا ←جاراڭلا-، گۈلدۈر+لە ← گۈلدۈرلە-، جىرىڭ+لا ←جىرىڭلا-، شىلدىر+لا← شىلدىرلا-، مىياۋ+لا ← مىياۋلا-،

گۇمبۇر+ لە ← گۇمبۇرلە.

Δ "-قىرا//-كىرە". بۇ قوشۇمچە "ر" بىلەن ئاخىرلاشقان بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

جار + قىرا ← جارقىرا-، گۇر + كىرە← گۇركىرە، خىر+ قىرا ←خىرقىرا-، پار+قىرا ← پارقىرا-.

Δ "-را//-رە". بۇ قوشۇمچە سوزۇق تاۋۇش بىلەن ۋە "ڭ" بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

مۆ+رە ← مۆرە-، مە+رە ← مەرە-، هاڭ+را← هاڭرا-، ۋاڭ +را← ۋاڭرا-.

Δ "-شى". بۇ قوشۇمچە "ڭ" ياكى "ۋ" بىلەن ئاخىرلاشقان بەزى بىر بوغۇملۇق تەقلىد سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

غىڭ+شى ← غىڭشى-، غۇڭ+شى←غۇڭشى-. لىڭ + شى ← لىڭشى-، هاۋ+شى← هاۋشى-

4) تاق تەقلىد سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاپ "-ئىدە" قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇلارنى رەۋىشكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

پاق+ق + ىدە← پاققىدە، شار+ر+ىدە← شاررىدە، غاچ + چ + ىدە ← غاچچىدە، گۈپ+پ+ ىدە← گۈپپىدە، پۇلاڭ + ڭ+ ىدە ← پۇلاڭڭىدە، ۋىژ +ژ+ ىدە ← ۋىژژىدە...

5) بىر قىسىم تەقلىد سۆزلەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە جۈملە سۈپىتىدە قوللىنىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

-تات-تات-تات، - پىلىموت ئېتىلىشقا باشلىدى.

-قى-قى-قى! - خوراز چىللىدى.



# ئون بەشىنچى باب ياردەمچى سۆزلەر

ئۆز ئالدىغا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلەلمەيدىغان، پەقەت مۇستەقىل سۆزلەرگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان سۆز ياردەمچى سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ۋە گرامماتىكىلىق رولى بويىچە تىركەلمىلەر، باغلىغۇچىلار، يۈكلىمىلەر دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## 1.15. تىركەلمىلەر

ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، شۇ سۆزنىڭ جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىسىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان ھەر خىل مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، تىركەلمىلەر گرامماتىك رول جەھەتتىن ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەر يالغۇز گرامماتىك رول جەھەتتىنلا كېلىش قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، قوشۇلۇش ئورنى جەھەتتىنمۇ ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن ئوخشىتىلىشىدۇ. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| بالا | بالىلار | بالىلىرىم |
| بالىنىڭ | بالىلارنىڭ | بالىلىرىمنىڭ |
| بالىغا | بالىلارغا | بالىلىرىمغا |
| بالىنى | بالىلارنى | بالىلىرىمغا |
| بالىدا | بالىلاردا | بالىلىرىمدا |

| | | |
|---|---|---|
| بالدىن | بالىلاردىن | بالىلىرىمدىن |
| بالدىكى | بالىلاردىكى | بالىلىرىمدىكى |
| بالدەك | بالىلاردەك | بالىلىرىمدەك |
| بالىغىچە | بالىلارغىچە | بالىلىرىمغىچە |
| بالىچىلىك | بالىلارچىلىك | بالىلىرىمچىلىك |
| بالا بىلەن | بالىلار بىلەن | بالىلىرىم بىلەن |
| بالا توغرۇلۇق | بالىلار توغرۇلۇق | بالىلىرىم توغرۇلۇق |
| بالا ئارقىلىق | بالىلار ئارقىلىق | بالىلىرىم ئارقىلىق |
| بالا ئۈچۈن | بالىلار ئۈچۈن | بالىلىرىم ئۈچۈن |

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسىمنىڭ تىركەلمىلەر بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار ئىسىمنىڭ ئانالىتىك كېلىش شەكلى ھېسابلىنىپ، ئىسىمنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. بىز بۇ ھەقتە ”ئىسىم“ بابىنىڭ ”ئىسىم - تىركەلمە قۇرۇلمىسى“ قىسمىدا توختالدۇق ھەم ئاساسلىق تىركەلمىلەرنىڭ مەنىسىنىمۇ شۇ قىسىمدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. بىز بۇ يەردە تىركەلمىلەرنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتە ئازراق توختالماقچى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنى خاس تىركەلمىلەر ۋە كۆچمە تىركەلمىلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. پەقەت تىركەلمە ۋەزىپىسىدىلا كېلىدىغان ”ئۈچۈن“، ”ئارقىلىق“، ”توغرۇلۇق“، ”قاتارلىق“، ”كەبى“، ”ئائىت“، ”قەدەر“، ”ئېتىبارەن“ قاتارلىق تىركەلمىلەر خاس تىركەلمىلەرگە كىرىدۇ. بىر قىسىم تىركەلمىلەر باشقا سۆزلەردىن ياكى باشقا سۆزلەرنىڭ مەلۇم گراماتىك شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، ئۆزى بۆلۈنۈپ چىققان شۇ سۆز ياكى شۇ سۆزنىڭ شۇ خىل گراماتىك شەكلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. مەسىلەن: ”بىلەن“ تىركەلمىسى



”بىلەن“ دېگەن باغلىغۇچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ باغلىغۇچى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. (سېلىشتۇرۇڭ: ئەخمەت بىلەن قاسىم كەلدى. قەلەم بىلەن يېزىڭ)؛ ”تەرىپىدىن“ تىركەلمىسى ”تەرەپ“ دېگەن ئىسىمنىڭ تەۋەلىك III شەخس چىقىش كېلىش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ ئىسىمنىڭ شۇ خىل گراماتىك شەكلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ. (سېلىشتۇرۇڭ: ئۈننىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئۆت. راسخوت ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلىدۇ)؛ ”قارىغاندا“ تىركەلمىسى ”قارا-“ دېگەن پېئىلنىڭ ئورۇن كېلىشتىكى پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بولۇپ، شۇ پېئىلنىڭ شۇ خىل گراماتىك شەكلى بىلەن ئاھاڭداش كېلىدۇ (سېلىشتۇرۇڭ: ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇلار بۈگۈن كەلمەيدۇ. ماڭا قارىغاندا سەن ياخشى) مانا مۇشۇنداق مەلۇم سۆزدىن ياكى مەلۇم سۆزنىڭ مەلۇم گراماتىك شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تىركەلمىلەر كۆچمە تىركەلمە دەپ ئاتىلىدۇ. كۆچمە تىركەلمىلەر ئۆزىنىڭ مەنە جەھەتتىن ئابستراكتلىشىپ كەتكەنلىكى ياكى گراماتىك خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتكەنلىكى بىلەن ئۆزى بۆلۈنۈپ چىققان سۆز ياكى سۆز شەكلىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ”بىلەن“ سۆزى باغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەندە ئىككى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ (مەسىلەن: ئەخمەت بىلەن قاسىم). تىركەلمە ۋەزىپىسىدە كەلگەندە بولسا، بىر ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزگە قوشۇلۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە پېئىلغا بېقىنىپ كېلىدۇ (قەلەم بىلەن يېزىڭ)؛ ”قارىغاندا“ سۆزى پېئىل رولىدا كەلگەندە، ھەرىكەت مەنىسى، ھال مەنىسى، ئىسىملىك خۇسۇسىيىتى، ئورۇن كېلىش مەنىسى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. (مەسىلەن: تازا دىققەت بىلەن قارىغاندا كۆرگىلى بولىدۇ)، تىركەلمە رولىدا كەلگەندە بولسا، پەقەت سېلىشتۇرۇش مەنىسىنىلا

بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ماڭا قارىغاندا، سەن ياخشى.).

خاس تىركەلمىلەر بىلەن كۆچمە تىركەلمىلەرنى سېلىشتۇرغاندا، كۆچمە تىركەلمىلەرنىڭ ئابستراكتلىق دەرىجىسى خاس تىركەلمىلەرنىڭكىگە قارىغاندا، تۆۋەنرەك بولىدۇ. بەزى كۆچمە تىركەلمىلەر ئۆزى بۆلۈنۈپ چىققان سۆزنىڭ بەزى گراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلايدۇ. مەسىلەن، "ھەققىدە"، "توغرىسىدا" تىركەلمىلىرى "ھەق (ئۈلۈش)"، "توغرا (ئۇدۇل تەرەپ)" ئىسىملىرىنىڭ تەۋەلىك III شەخس ئورۇن كېلىش شەكلىدىن بۆلۈنۈپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە ئورۇن-بەلگە كېلىش شەكلىدە، بەزىدە تەۋەلىك I، II شەخس شەكىللىرىدە كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، مەسىلەن، "دەرس توغرىسىدىكى پىكرىم"، "ۋەزىيەت ھەققىدىكى دوكلات"، "سېنىڭ توغراڭدا گەپ بولمىدى" دېگەنگە ئوخشاش.

## 2.15. باغلىغۇچىلار

سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە جۈملىلەرنى بىر-بىرى بىلەن باغلاش رولىنى ئوينايدىغان ياردەمچى سۆزلەر باغلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاساسلىق باغلىغۇچىلارنى مەنىسى ۋە رولىغا قاراپ تۆۋەندىكىچە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

تىزىلما مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى: ۋە، ھەم.

بىرلەشمە مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى: بىلەن.

چېتىشما مۇناسىۋەت باغلىغۇچىسى: ھەم... ھەم...

ئوخشاشلىق باغلىغۇچىسى: مۇ... مۇ...، نە... نە...

تاللاش باغلىغۇچىسى: ياكى، يا، خاھى.

چوڭقۇرلاش باغلىغۇچىسى: ھەتتا، ھېلىمۇ.

ئىلگىرىلەش باغلىغۇچىسى: ئۇنىڭ ئۈستىگە.



بۇرۇلۇش باغلىغۇچىسى: بەلكى، ئەكسىچە، لېكىن، بىراق، دېگەنبىلەن، ۋەھالەنكى.

تەكىتلەش باغلىغۇچىسى: بولۇپمۇ، خۇسۇسەن.

ئىزاھات باغلىغۇچىسى: يەنى.

يەكۈن باغلىغۇچىسى: دېمەك.

تولۇقلاش باغلىغۇچىسى: شۇنىڭدەك، شۇنداقلا.

ئومۇملاشتۇرۇش باغلىغۇچىسى: قىسقىسى، ئومۇمەن ئېيتقاندا.

ئايرىش باغلىغۇچىسى: جۈملىدىن.

قارشىلىق باغلىغۇچىسى: -ئۇ (-يۇ).

نەتىجە باغلىغۇچىسى: شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭلاشقا.

سەۋەب باغلىغۇچىسى: چۈنكى، سەۋەبى، نېمىشقا دېگەندە.

ئەگەشمە باغلىغۇچى: كى.

باغلىغۇچىلار سۆز، سۆز بىرىكمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، جۈملىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىلاردا باغلىغۇچىنىڭ رولى شۇ قەدەر مۇھىمكى، ئۇ باغلىغۇچىسىز ئۇ خىل سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، "ماركسىزم بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتى ئوق بىلەن نىشانىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ" دېگەن جۈملىدىكى "ماركسىزم بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ"، "ئوق بىلەن نىشانىنىڭ" دېگەن قۇرۇلمىلاردا "بىلەن" باغلىغۇچىسى بولماي مۇمكىن ئەمەس؛ "بىز بارىمىز ياكى ئۇلار كېلىدۇ" دېگەن قۇرۇلمىمۇ "ياكى" دېگەن باغلىغۇچىسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ۋەھاكازا. بىز ھەر قايسى باغلىغۇچىلارنىڭ رولىنى سىنتاكسىس بۆلۈمىنىڭ "سۆز بىرىكمىسى" ۋە "مۇرەككەپ جۈملە" بابلىرىدا تەپسىلىي

تونۇشتۇرىمىز.

## 3.15. يۈكلىمىلەر

سۆزلەرگە، سۆز بىرىكمىلىرىگە ياكى جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ قوشۇمچە مەنە بىلدۈرىدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمە دەپ ئاتىلىدۇ. يۈكلىمىلەر، ئومۇمەن ئېيتقاندا، سۆزنىڭ گىراماتىك شەكىللىرىگە ياكى جۈملىلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، شۇ سۆز-جۈملىلەرنىڭ بەلگىلىك تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان يۈكلىمىلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

-مۇ، -چۇ، -ما، -غۇ( -قۇ )، -دە( -تە )، -كىن، -لا، -زە، -ئا، -ھە ( -ئە )، ئەمسە، مەيلى، تېخى، قېنى، ئېھتىمال، ناھايىتى، ھەر ھالدا، جۈمۇ، بىكا ( ھېلى بىكا )، ئىشقىلىپ، خۇددى، بەئەينى، گويا، زادى، بەلكى ( بەلكىم )، ھەتتا، خالاس، ھېلىمۇ ( ھېلىمۇ ياخشى )، يەنە، پەقەت، يالغۇز، مانا، ئەنە، دەيمەن، دەيسەن ( دەيسىز، دەيسىلەر)، دەڭا ( دېگىنە، دەڭلار)، دەمسەن ( دەمسىز، دەمسىلەر)

ئايرىم يۈكلىمىلەر سۆزنىڭ مەلۇم گىراماتىك شەكلى بىلەن بىرىكىپ ئۇنىڭ باشقا بىر خىل گىراماتىك شەكلىنى ياساش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. بەزى يۈكلىمىلەر ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان بىر نەچچە خىل يۈكلىمىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بىز تۆۋەندە يۇقىرىدىكى يۈكلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋە مەنىسىنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

### 1.3.15. "-مۇ" يۈكلىمىسى

1) سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ، ئاساسەن جۈملىنىڭ



خەۋىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدۇ. بۇ يۈكلىمە پېئىلنىڭ سىنتېتىك شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەردە ئاساسەن خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدۇ. پېئىلنىڭ ئانالىتىك شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن خەۋەرلەردە ياكى ھۆكۈملۈك خەۋەرلەردە خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىشىمۇ، ئوتتۇرىسىغا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن. خەۋەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلانغاندا، ھامان فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشكە ئۇچراپ "م" شەكىلگە كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يۈكلىمىنىڭ كونكرېت ئۇلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

Δ ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ھازىرقى زامان شەكلى قوشۇلۇپ كەلگەن ھۆكۈملۈك خەۋەرلەردە ياكى پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتكەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە تۇرغۇن سۆز ياكى سۈپەتداش بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئۇلىنىدۇ. ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ III شەخس شەكلى قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن: كادىرمۇسەن، ئوقۇتقۇچىمۇسىز، تىنچمۇسىلەر، يازغانمۇسەن، يازغانمۇسىز.

Δ پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە I شەخستە "مد" (<مۇدۇر) شەكلىدە، قالغان شەخسلەردە "م" شەكلىدە "ئا" لىق رەۋىشداش بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئارىلىقىغا قوشۇلىدۇ؛ I شەخستە تولۇق شەكلىدە ئاخىرىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: يازامدىمەن//يازىمەنمۇ، يازامدىمىز//يازىمىزمۇ، يازامسەن، يازامسىز، يازاملا، يازامسىلەر، يازامدۇ.

پېئىلنىڭ ۋاستىلىك بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان خەۋەر شەكلىدە ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇشىمۇ، "م" شەكلىدە "ئا" لىق رەۋىشداش بىلەن "د" قوشۇمچىسىنىڭ ئارىلىقىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: يازىدىكەنمەنمۇ // يازامدىكەنمەن،

يازدىكەنمىزمۇ // يازامدىكەنمىز، يازىدىكەنسەنمۇ // يازامدىكەنسەن، يازىدىكەنسىزمۇ // يازامدىكەنسىز، يازىدىكەنسىلەرمۇ // يازامدىكەنسىلەر، يازىدىكەنمۇ // يازامدىكەن، يازمايدىكەنمۇ // يازمامدىكەن.

Δ پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ئۆتكەن زامان ياكى ئىزچىل ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىدە ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن، "م" شەكلىدە "ئا" لىق رەۋىشداش بىلەن ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئارىلىقىغا قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن، كېيىنكى ئەھۋالدا "ئا" لىق رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىدىكى "ي" قوشۇمچىسى (ئەگەر بولسا) چۈشۈپ قالىدۇ. ھۆكۈم باغلامچىسى قىسمىدىكى ئىككى "ت" تاۋۇشىنىڭ بىرىمۇ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: يازاتتىممۇ // يازامتىم، يازاتتىڭمۇ // يازامتىڭ، يازاتتىمۇ // يازامتى، يېزىۋاتاتتۇقمۇ // يېزىۋاتامدۇق، سۆزلەيتتىممۇ // سۆزلەمتىم، سۆزلەيتتىڭمۇ // سۆزلەمتىڭ، سۆزلەيتتىمۇ // سۆزلەمتى، سۆزلىمەيتتىمۇ // سۆزلىمەمتى.

Δ بۇلاردىن باشقا ئاخىرىدا ۋاستىسىز ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ياكى ۋاستىلىك ھۆكۈم باغلامچىسى كەلگەن خەۋەرلەردە ياكى پېئىلنىڭ مەقسەت ھازىرقى زامان شەكلىدىكى خەۋەرلەردە ئەڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن، "م" شەكلىدە ھۆكۈم باغلامچىسىنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىشىمۇ مۇمكىن (مەقسەت ھازىرقى زامان شەكلىدىكى خەۋەرلەردە تولۇق شەكلىدە قوشۇلىدۇ) مەسىلەن: ئورۇق ئىدىممۇ//ئورۇقمىدىم، ئۆيدە ئىدۇقمۇ//ئۆيدىمىدۇق، ئوقۇغۇچى ئىدىڭىزمۇ//ئوقۇغۇچىمىدىڭىز، سەن ئىدىڭمۇ//سەنمىدىڭ، ئاجىز ئىكەنمەنمۇ//ئاجىزمىكەنمەن، بار ئىكەنسىزمۇ//بارمىكەنسىز؛ يازغان ئىدىممۇ//يازغانمىدىم، يازغان ئىدىڭىزمۇ//يازغانمىدىڭىز، يازىدىغان ئىدۇقمۇ// يازىدىغانمىدۇق، يازىدىغان ئىدىمۇ//يازىدىغانمىدى، يازار ئىدىممۇ//يازارمىدىم، يازار ئىدىمۇ//يازارمىدى،



يازماقچى ئىدىڭمۇ//يازماقچىمىدىڭ، يازماقچى ئىدىمۇ//يازماقچىمىدى، يازغان ئىكەنمەنمۇ//يازغانمىكەنمەن//، يازغان ئىكەنسىزمۇ//يازغانمىكەنسىز، يازماقچى ئىكەنمەنمۇ//يازماقچىمىكەنمەن، يازماقچى ئىكەنمۇ//يازماقچىمىكەن، يازماقچىمەنمۇ//يازماقچىمۇمەن، يازماقچىسەنمۇ//يازماقچىمۇسەن.

Δ يۇقىرىقىلاردىن باشقا خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدۇ. ("ئۇ" بىلەن ئاخىرلاشقان خەۋەرلەرگە قوشۇلغاندا، "ئۇ" تاۋۇشى "ئى" غا ئۆزگىرىدۇ) مەسىلەن: يازدىممۇ، يازدۇقمۇ، يازدىڭمۇ، يازدىمۇ؛ يېزىپتىمەنمۇ، يېزىپتىمىزمۇ، يېزىپسىزمۇ، يېزىپتىمۇ؛ يېزىپتىدەكمۇ، يېزىپتىمىشمۇ، يازغاندىمۇ، يازارسەنمۇ.

بۇ يۈكلىمە قوشۇلغان خەۋەر "ھە" ياكى "ياق" جاۋابىنى ئېلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماقالىنى يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟
بۈگۈن چىسلاغا بەشمۇ؟
ئۈرۈمچىگە سىلەرمۇ بارامسىلەر؟
ئۇ سىياسىي كىڭەشنىڭ ئەزاسىمۇ؟
ئۆتكىنىزمۇ سىزدەك ئېگىزمۇ؟
مەجلىسكە بىزمۇ قاتنىشامدىكەنمىز؟
سىزمۇ بارغۇدەكسىزمۇ؟
ئۇلار بارغاندا سىلەر مەجلىس ئېچىۋاتامتىڭلار؟

تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋالدا جۈملىنىڭ سوئال چۈشكەن بۆلىكىلا ئېيتىلىپ، "مۇ" يۈكلىمىسى شۇ بۆلەككىلا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ خەۋەرنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ تۇرسۇندىنمۇ؟
قاچان كەلدىڭىز؟ ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنمۇ؟
كىم كەلدى؟ ئەخمەتمۇ؟
يىغىن نەدە ئېچىلىدۇ؟ مەجلىسخانىدىمۇ؟

بۇ يۈكلىمە قوشۇلغان خەۋەرلەر باشقىچە مەنىلەردە قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن:

(1) شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەكسىنىڭ پاكىت ياكى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

نېمە ماڭا خاپا بولىسەن؟ لۇغەتنى مەن يىتتۈردۈممۇ؟
مەن ئۇ كىتابنى شۇ كۈنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمىدىممۇ؟
ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ مۇشۇ دەرەخنى بىللە تىكمىگەنمىدۇق؟
ئەخمەتزە، شۇ يەرگە بارامدۇ!
مۇنچىلىك ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرامدۇ؟
بوپتۇ، بۈگۈن ئويناپ كەلسۇن، بايرام ئەمەسمۇ.

(2) پېئىلنىڭ I ۋە III شەخس بولۇشسىز بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان II شەخس بولۇشسىز خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ كەلگەندە:

A مەسلىھەت تەرزىدىكى سوئالنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئەخمەتكە بىر پارچە خەت يازمايلىمۇ؟ ( يازساق قانداق )
بۈگۈنكى يىغىننى ئەخمەت باشقۇرمىسۇنمۇ؟ ( باشقۇرسا قانداق )
مۇشۇ لۇغەتتىن بىرنى ئالمامسىز؟ ( ئالسىڭىز قانداق )
مۇشۇ توغرۇلۇق بىر ھېكايە يازمامسەن؟ ( يازساڭ قانداق )

B تەكىتلەنگەن بولۇشلۇق بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

تۇرسۇن سۆزلەپ باقمىسۇنمۇ، ئاندىن پىكىر بولسا بەرمەيلىمۇ!
تۇرۇپ تۇرساڭلارچۇ، تامىقىمنى يەۋالمايمۇ!



نېمە ئالدىرايسىلەر، ۋاقىت توشمىسۇنمۇ!
پىكرىڭ يوللۇق بولسا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئېيتمامسەن؟!
ئاۋۋال كۆرۈپ ئاندىن باھا بەرمەمسىز.

(3) "نېمە" ئالمىشى بىلەن بىرىكىپ، ئوبيېكتىپ مۆلچەر تەرزىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ياتاقنىڭ چىرىغى يېنىق تۇرىدۇ، ئۇلار قايتىپ كەلدىمۇ نېمە؟
گەپ قىلسام بېشىنى لىڭشىتىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرچە بىلەمدۇ نېمە؟
چىرايىڭىز ياخشى ئەمەس، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ نېمە؟
بەك قىزىق گەپ قىلىدىكەن، ئۆزى ئارتىسمۇ نېمە؟
يۈزلىرىڭ قىزىرىپ كېتىپتۇ، تالا بەك سوغۇقمۇ نېمە؟

(4) ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە ئۇلانغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن "بولدى" پېئىلى كەلسە، شۇ خەۋەرنى كۈچەيتىلگەن شەرت ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان بېقىندى جۈملە خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

قىش كەلدىمۇ بولدى، ئۇنى مۇز مەيدانىدىن باشقا يەردە كۆرمەيسەن.
ئۇنىڭغا گەپ قىلدىڭمۇ بولدى، بالاغا قالىسەن.
ئىشىڭ تۈگىدىمۇ بولدى، يولۇڭغا ماڭ.

(5) تۇرغۇن سۆزلەرگە ۋە پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئېنىقسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، مۇنداق سۆزلەر ھامان ئېنىقسىزلىقنى بىلدۈرىدىغان ئالماش خاراكتېرلىك سۆز-ئىبارىلەر بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىپ، جۈملىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شۇ چاغدا مېنى تۇرسۇنمۇ بىرسى چاقىرىپ چىقىپ كەتكەندى.
ئەخمەت كىتابمۇ بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ سىنىپ تەرەپكە كەتتى.

ئۇ بۆلتۈر يازدىمۇ بىر چاغدا كەلگەن ئىدىغۇ؟

شۇ كۈنى "سەرگەردان"مۇ بىر كىنوغا بارغان ئىدۇق.

تۈنۈگۈنكى يىغىنغا ئونمۇ ئادەم قاتناشتى.

2) پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ خەۋەرنى توسقۇنسىز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

بارساڭمۇ تاپالمايسەن.

يامغۇر ياغسىمۇ بېرىۋېرىمىز.

شۇنچە تىرىشسامۇ بولمىدى.

3) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ بۆلەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ يەنە بىر ئىشقا قاتارداش قىلىپ ئېيتىلغانلىقى، قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىلغانلىقى، يەنە بىر ئىش ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

سەن بارساڭ مەنمۇ بارىمەن.

ئەخمەت بۇ خىزمەتكە لايىق، ئۆزى ياش، سالامەتلىكىمۇ ياخشى.

ئۇ رۇسچىدا ناھايىتى ياخشى، ئىنگلىزچىسىمۇ بىلىدۇ.

ئۇ بۈگۈنمۇ كېچىكىپ كەلدى.

بۇ لۇغەتتىن ئەخمەتكىمۇ بىرنى ئالغاچ بارايلى، ئۇنىڭمۇ لۇغىتى يوق.

ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش قابىلىيىتى نېمىدېگەن ياخشى، مۇشۇ ئىشمۇ يادىدا بار ئىكەن.

بۇ تاغدىن ئادەم تۇگۇل ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەيدۇ.

4) خەۋىرى پېئىلنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان ياكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكلىدە كەلگەن جۈملىلەرنىڭ مەلۇم بۆلىكىگە



قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنى ۋاقىت بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ، بۇنداق جۈملىلەر ئۆزى ئىپادىلىگەن ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن تەڭ، باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يازمۇ بولدى، ئۇنى شەھەردىن تاپالمايسەن.

ئۇ قولىغا كىتابىنىمۇ ئالدى، ھەممە ئىشنى ئۇنتۇيدۇ.

سەنمۇ كەلدىڭ، مېنىڭ ئىشلىرىم ئوڭمىغلى تۇردى.

5) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن سوئال ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ، بىلىپ بولماسلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ نەگىمۇ كەتكەندۇ؟

بۇنى ئېلىپ نېمىمۇ قىلارسەن؟

ئۇ بىچارە ئەمدى قانداقمۇ قىلار؟

6) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ ئاخىرى بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مانا بېيجىڭغىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

ئىمتىھاندىنمۇ ئۆتتۈڭ، ئەمدى گەپ، مەكتەپنى ياخشى پۈتتۈرۈشتە.

ئالدىرىما، ئاكاڭ بىلەنمۇ كۆرۈشىسەن.

7) ئۈندەشلىك جۈملىلەردە كەلگەن سۈپەت ياكى رەۋىشلەرگە قوشۇلۇپ، مەنىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

چىرايلىقمۇ شەھەر ئىكەن.

يىراقمۇ يول ئىكەن، ساق بەش كۈن ماڭدۇق.

تازىمۇ كېچىكتۈردۇڭ.

### 2.3.15. "- چۇ" يۈكلىمىسى

1) سوئال يۈكلىمىسى بولۇپ تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ:

A. تىل شارائىتى ئېنىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا جۈملىنىڭ خەۋەردىن باشقا نۇقتىلىق بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىنىڭ سوئاللىق خەۋىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

— تۇرسۇن كەلدى.

— ئەخمەتچۇ؟ (= ئەخمەت كەلدىمۇ؟)

ھەممەيلەنگە بىلەت بەردىڭ، ماڭچۇ؟ (= ماڭا بەرمەمسەن؟)

— بۇ تەتىلدە ئۆيگە قايتمايمەن.

— كېيىنكى تەتىلدىچۇ؟ (= كېيىنكى تەتىلدە قايتامسەن؟)

B. پەرەز بېقىندى جۈملىگە قوشۇلۇپ، سوئاللىق باش جۈملىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

— ئەتە كېلىڭ، ئەتە سۆزلىشەيلى.

— ئەتە كېلەلمىسەمچۇ؟ (= قانداق بولىدۇ؟)

— سەن مېنى ساقلاپ تۇر.

— سەن كەلگۈچە ماشىنا كېلىپ قالسىچۇ؟ (قانداق قىلىمەن؟)

C. پېئىلنىڭ بولۇشسىز "ئا" لىق رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ بولماسلىقىغا نېمە ئاساس بار، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— سەنمۇ بارامسەن؟

— بارمايچۇ (= ئەلۋەتتە بارىمەن، نېمىشقا بارمايمەن)

— سەنمۇ باردىڭمۇ؟

— بارمايچۇ. (= نېمىشقا بارمايتتىم.)

2) ئاگاھلاندۇرۇش، ... بىر ئىشنى ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشتە جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:



مەنچۇ، بۇ يېقىندا ئۇ يەرگە بارالمايمەن.

سىزنىچۇ، ئەخمەت چاقىرىۋاتىدۇ.

ماۋۇ كىتابنىچۇ، ئەخمەت مۇئەللىمگە بېرىپ قويۇڭ.

مەنچۇ، ساڭچۇ، تازا ياخشى ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرىمەن.

3) سۈپەتنىڭ "- لىق // - لىك // - لۇق // - لۈك" قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان ئىسىم شەكلىگە ۋە پېئىلنىڭ ھاللىق ئىسمداش شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، بىرخىل ئۈستىلىمە ئۈندەش جۈملە ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەر مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم ئىشقا بېرىلگەن باھانى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈستىلەپ قوشۇلغان يەنە بىر باھا ياكى پاكىتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىدىكى سۈپەت ياكى ئىسمداشنىڭ سۇبيېكتى ئالدىنقى جۈملىنىڭ سۇبيېكتى بىلەن بىر بولۇشىمۇ مۇمكىن، باشقا بولۇشىمۇ مۇمكىن، سۈپەت ياكى ئىسمداشنىڭ سۇبيېكتى ئالدىنقى جۈملىنىڭكى بىلەن بىر بولغاندا، ئۇ شۇ سۇبيېكتنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ؛ باشقا بولغاندا بۇ سۇبيېكت ئەگەر ئالدىنقى جۈملىدىكى سۇبيېكتنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان شەيئى بولسا، ئۇ شۇ سۇبيېكتنىڭ شەخسكە مۇۋاپىق تەۋەلىك شەكلىگە كىرىپ، ئاندىن ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. ئەگەر مۇستەقىل بولسا، بىۋاسىتە ئىگىلىك كېلىش بىلەن تۈرلىنىدۇ. سۈپەت ياكى ئىسمداش ئوخشاشلا سۇبيېكتنىڭ شەخسى بىلەن ماسلاشقان تەۋەلىك شەكلىگە كىرىدۇ. مۇنداق جۈملىلەر كۆپ ھاللاردا يەنە "تېخى" يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ناھايىتى ياخشى بالا، ئۆتكۈرلۈكىچۇ تېخى.

بۇ يەر بەك مولچىلىق ئىكەن، ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقىچۇ تېخى.

— ئۇ بەك ئېسىل ئادەم ئىكەن.

— بىلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقچۇ تېخى.

بۇ ماقالە بەك ناچار يېزىلغان، ئۇزۇنلۇقچۇ تېخى.

ئۇ ھەم ھورۇن، ھەم قابىلىيەتسىز ئادەم ئىكەن، تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغىنىچۇ تېخى.

ئاخشامقى پائالىيەت ياخشى بولمىدى. توكنىڭ توختاپ قالغىنىچۇ تېخى.

بۇنداق جۈملىلەردىن سۆپەتنىڭ سۇبيېكتى ئالدىنقى جۈملىدىكى سۇبيېكتنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت بولغان بەزىلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆپەتنى چۈشۈرۈپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

بۇ يەر بەك مولچىلىق ئىكەن، ھاۋاسىچۇ تېخى.

— ئۇ بەك ئېسىل ئادەم ئىدى.

— بىلىمىچۇ تېخى.

4) پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

(1) مەسلىھەت، يېقىنلىق، ئامراقلىق تەرزلىرىنى بىلدۈرىدۇ؛ بىرلىك I شەخستە شۇ ئىشنىڭ يېڭى ئەسكە ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

خاپا بولماي، ئەخمەتنى چاقىرىپ قويۇڭچۇ.

بۈگۈن مۇنۇ ماقالىنى تەرجىمە قىلىۋەتچۇ.

ھېلىقى يىغىننى بۈگۈن ئېچىۋېتەيلىچۇ.

ئوغلۇم، قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بەرچۇ.

بىكار ئولتۇرغىچە ئۆيگە خەت يازايلىچۇ.

(2) شۇ ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش مەنىسىنى



كۆچەيتىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئىشىمنى تۈگىتەيچۇ، تازا ئوينايمىز.

ياز كەلسۇنچۇ، مەن سېنى دېڭىز بويىغا ئاپىرىمەن

خامانلى تېپىپ بولۇڭلارچۇ، ئاندىن بىر گەپ بولار.

(3) سىناق تۈس شەكلىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىگە قوشۇلغاندا، بۇ ھەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك، يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

يامان بولساڭ بىزنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ باقچۇ.

ئۇ مېنى ئۇرىمەن دېگۈدەك، ئۇرۇپ باقسۇنچۇ.

قورقماڭ، قانۇن بار، ئەمدى سىزگە چېقىلىپ باقسۇنچۇ.

5) پېئىلنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، پېئىلنىڭ يالۋۇرۇش رايى، ئەپسۇس رايى شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. (بۇ ھەقتە پېئىلنىڭ شەخسلىك شەكىللىرى بابىدا توختالغان ئىدۇق).

## 3.3.15. "-ما" يۈكلىمىسى

بۇ يۈكلىمە "-مۇ" يۈكلىمىسى بىلەن "ئا" يۈكلىمىسىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان. شۇڭا "-مۇ" يۈكلىمىسى ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان سۆزلەردە "-ما" شەكلىدە ئىپادىلەنسە، "-مۇ" يۈكلىمىسى "م" شەكلىدە ھۆكۈم ياردەمچىسىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان سۆزلەردە "ئا" شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەلدىڭىزما، ئىشچىما، يازغان ئىدىڭىزما،

بارامسىزا، ئىشچىمىدىڭىز، يازغانمىدىڭىزا،

بۇ يۈكلىمە ئاساسەن خەۋەر تەركىبىدە كېلىپ، سۆزلىگۈچى ئاڭلىغان، پەملىگەن ھەتتا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشنى

تەستىقلىتىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق سوئاللار كۆپىنچە قىزىققان، ئەجەبلەنگەن، نارازى بولغان، ئىشەنمىگەن ياكى ئىشىنىشكە پېتىنمىغان تەرزلەردە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۇنۇگۇن كەلدىڭىزما؟
دۇنيادا كەچ بولمايدىغان يەرلەرمۇ بارما؟
سىز مېنى تونۇمىدىڭىزما؟
مەن سىزگە قوپاللىق قىلدىمما؟
سىز ئارتىسما؟
سىز چەت ئەلگە چىقامسىزا؟
ئۇلار راستتىنلا كېتەمدا؟
بىز راستتىنلا بىرىنچىلىكنى ئالدۇقما؟

بۇ يۈكلىمە بەزىدە پېئىلنىڭ ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، سوئالنى ئەمەس، بەلكى سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ خەۋەر ئېيتىدىلىگەن ئىشنى كۆرگەن ياكى بىلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىش مەقسىتىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشقا ماڭدىڭىزما، بىللە ماڭايلى
كەلدىڭلارما، ئەمسە يىغىنني باشلايلى.
كەلدىڭىزما، ئۆيگە كىرىڭ.
يېزىپ بولدىڭىزما، ياخشى بوپتۇ.

### 4.3.15. "- غۇ ( - قۇ )" يۈكلىمىسى

1) سوئال يۈكلىمىسى سۈپىتىدە جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ پاكىت ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ياكى ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە قويۇلغان سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



— تۇنۇگۇن يىغىنغا كەلمىدىڭغۇ؟
— كەلدىمغۇ، كۆرمىدىڭما؟
ئەتە ئۇلار بۇ يەرگە كېلىدۇغۇ؟ شۇ چاغدا كۆرۈشمەمسىز.
بۇ قاسىمغۇ؟ تونۇمامسىز؟
ئەخمەت قايتىپ كەپتۇغۇ؟ كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
مەن ساڭا ئېيتقانغۇ؟ يادىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ؟
ئەخمەت يوقۇغۇ؟ نەگە كەتتى؟

بۇ خىل جۈملىلەر بەزىدە سوئال ئۇقۇمىنى بىلدۈرمەستىن پەقەت پاكىتنى ئەسلىتىش رولىنىلا ئوينايدۇ. مەسىلەن:

سائەت توشتىغۇ، سىنىپقا كىرەيلى.
بايا قايسى يولنى تاللايمىز دېدىڭغۇ... مەن ئاشۇ جاپالىق يولغا تەييار.

2) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن باشقا نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكى، ھەممىگە ئايان ئىكەنلىكى، ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغانلىقى، بىر مەسىلە بولمايدىغانلىقى، ئۇنى مۇستەسنا قىلىشقا بولىدىغانلىقى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ مەنىدىكى "غۇ" يۈكلىمىسى باغلىغۇچىلىق رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مەنغۇ ۋېلىسىپىت بىلەن بارىمەن، سەن قانداق قىلىسەن؟
مەن بۇلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ ياقىنغۇ تونۇيسىز.
لۇغىتىڭنىغۇ بەرمىدىڭ، ماۋۇ رومانىنى بېرىپ تۇرارسەن.
ئىمتىھاندىنغۇ ئۆتەلەيدۇ، بەدەن تەكشۈرۈشتىن قانداق بولاركىن.
رۇسچىنىغۇ بىلمەيمەن، خەنزۇچىنىمۇ چالا بىلمەن.
بۇنىغۇ ئالدۇق، ئەمدى قانداق ئىشلىتىمىز؟

3) پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، باش

جۈملىدىكى ئىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئىمتىھانغا قاتناشسامغۇ ئۆتۈپ كېتىمەن.

تىرىشسىغۇ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بارساڭغۇ ياخشى بولاتتى، بارمىدىڭ-دە.

4) جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ قانداق بولۇشى، سەۋەبى قاتارلىقلار ئېنىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا كۆپىنچە "تاڭ" يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ، "تاڭ" يۈكلىمىسى ئادەتتە "غۇ" دىن كېيىن كېلىدۇ، بەزىدە "تاڭەي" شەكلىدە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ ناھىيىگە كەتكەن ئىدى، كەلمەيدۇغۇ-تاڭ.

نېمە بولدىكىن، ھېچنېمە يېمەيدۇغۇ-تاڭ.

مۇشۇ ئەكبەرنىڭلا دىتىغا ياقمىدىغۇ-تاڭ.

— ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟

— تاڭەي، كەلمىدىغۇ.

ئەكبەر..."قاۋانلىق" بىلەن بىر ئېلىشسام دەيدۇغۇ!

5) تولۇقسىزلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل قۇرۇلمىسىنىڭ تەركىبىدە كېلىشى مۇمكىن، مەسىلەن:

بېرىشنىغۇ بارىمەن، بىراق بۇگۇن ماڭالمايمەن.

يېزىشنىغۇ يېزىپتۇ، بىراق ئانچە ياخشى يازالماپتۇ.

### 5.3.15. "-دە (-تە)" يۈكلىمىسى

بۇ يۈكلىمە جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن:

1) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ماختاش تەرزىدە



ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ-دە.

ماڭدى-دە بۇ ماشىنا.

ناخشا دېگەننى ئېيتىدۇ-دە بۇ قىز.

2) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەپسۇسلانغان تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت يوق-تە، بولمىسا مەنمۇ يازاتتىم.

ئەمدى ھەر قانچە قىلساقمۇ ئۆلگۈرەلمەيمىز-دە.

سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن-دە، بولمىسا ئاللىقاچان سۇغا سەكرەيتتىم.

سىز كۆرمىدىڭىز-دە، شۇڭا شۇنداق دەيسىز.

3) ۋاسىتىلىك بايان مەيلىدىكى خەۋەرلەرگە ئۇلىنىپ كېلىپ، چۈشەنچىنىڭ يېڭى ھاسىل بولغانلىقىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ساڭا قالسا يول ياساتمايدىكەنسەن-دە.

ئەھۋاللارنى تازا ئىگەللەپسەن-دە!

كەينىمىزدە ماراپ يۈرۈپتىكەن-دە!

ئارتىس ئىكەن-دە ئۇ.

4) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پۇل تاپقان ئادەم ياخشىسىنى ئالىدۇ-دە.

ھەممە ئادەم جان ساقلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ-دە.

ئىنتىزام بولمىسا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ-دە.

ئۇمۇ ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلىدۇ-دە.

5) جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بولغىنىچىلا قىلىنىشىنى

بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يازدىم-دە بىر نەرسىلەر قىلىپ.

### 6.3.15. ”-كىن“ يۈكلىمىسى

سوئال جۈملىنىڭ خەۋەرىگە قوشۇلۇپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ (”-مۇ“ يۈكلىمىسىگە ۋە ”ئۇ“ بىلەن ئاخىرلاشقان خەۋەرلەرگە قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ”ئۇ“ تاۋۇشى ”ئى“ غا ئۆزگىرىدۇ):

1) سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەسىلە ئۈستىدە بىر قارارغا كەلمىگەنلىكىنى، ئويلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن بارايمىكىن ئاندا، يار كېلەرمىكىن مۇندا.

يارغا يار كېرەك بولسا، قول سېلىپ كېلەر مۇندا.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا ۋېلىسىپىت تۇرىدۇ، كىم كەلدىكىن؟

ياتاقتا بىر كىم ئولتۇرىدۇ، دەيدۇ، كىمكىن، قاسىممىكىن.

مەنمۇ بىر پارچە ماقالە يازدىم، بولامدىكىن.

2) سۆزلىگۈچىنىڭ جۈملىدىكى ئىشنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەتە بارساڭ كېچىكىپ قالامسەنكىن.

بارسىڭىز جاپا تارتىپ قالارسىزمىكىن.

ئۇ بالا بەك شوخ، ئۇنى خاپا قىلىپ قويارمىكىن.

3) سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

كىرىپ باقايلى، كىم كەلدىكىن.

سوراپ باق، بىلەمدىكىن.

ئاۋازغا سېلىپ باقايلى، قېنى قانچىلىك ئادەم قوشۇلىدىكىن.



ئوقۇغىنا، قىزلار نېمە دەپ يازدىكىن.

### 7.3.15. ”-لا“ يۈكلىمىسى

1) جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بولۇپ كەلگەن ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بىرىگە قوشۇلۇپ، ئىشنىڭ شۇ بۆلەك بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەنلا باراي.

بولدى، ئۆيگە كىرمەيلى، مەشەدىلا ئولتۇرايلى.

مەن قاسىمنىلا كۆردۈم، باشقىسىنى ئۇچراتمىدىم.

ئۇ ئۈرۈمچىگىلا بارىدىكەن، نېرىسىغا ئۆتمەيدىكەن.

مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەلدىم.

مەن بۇ يىل مۇشۇ چاپان بىلەنلا قىشنى چىقاردىم.

2) ئوخشاتما كېلىش ۋە تەڭلەشتۈرمە كېلىشتىكى ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلغاندا، ئوخشاشلىقنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مۇشۇ جوزىدەكلا (جوزىچىلىكلا) بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كەتتى.

ئۇ مەندەكلا بار ئىكەن.

مەنمۇ سىزدەكلا مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى.

ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەكلا سۆزلەۋاتىدۇ.

3) ئورۇن كېلىش ۋە چىقىش كېلىشتىكى ئىسىملارغا قوشۇلغاندا، ”ئۇدۇل“ مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۆيگىلا ماڭ، چاي تەييار.

مەن ئىدارىدىنلا كەلدىم.

4) ۋاقىت ھالەتلىرىگە قوشۇلۇپ، مەلۇم ئىشنىڭ تېز ئارىدا بولىدىغانلىقى ياكى بولغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولمىغانلىقى ياكى

بالدۇرلا بولغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ يېقىندىلا ئۆيگە بېرىپ كەلگەن ئىدىغۇ، يەنە كەتتىما؟

مەن تۈنۈگۈنلا كەلگەن ئىدىم، بۈگۈن يەنە ماڭىدىغان بولدۇم.

مەن ئەتىلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن.

بىز توخۇ چىللىغاندىلا تۇرۇپ كەتتۇق.

5) ئۇرۇن كېلىشتىكى پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا "-لا" قوشۇلۇپ كەلگەن شەكىل بەزىدە مەلۇم بىر ئىشنىڭ بىردىنبىر شەرتىنى بىلدۈرۈپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

خاتالىقنى تونۇغاندىلا ئۇنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

ئۆي مەسلىسى مۇشۇ بىنالار پۈتكەندىلا ھەل بولىدۇ.

6) چېتىلما رەۋىشداشلارغا ئۇلىنىپ، رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتتە ئۇلىنىپلا ياكى شۇ ھەرىكەت بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭغا مەجلىس بارلىقىنى ئېيتىپ قويۇپلا قايتىپ چىقىمەن.

ئۇ كېلىپلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

دەرستىن چۈشۈپلا مېنىڭ قېشىمغا كىرىڭ.

ئۇ مېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى.

7) چېتىلما رەۋىشداشنىڭ بولۇشسىز شەكلىگە ياكى پۈتمىگەن ھاللىق سۈپەتداشنىڭ بولۇشسىز "ئار" تۈرىنىڭ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان شەكلىگە قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا ياكى شۇ ھەرىكەت بارلىققا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدىلا يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز تاڭ ئاتمايلا ( // ئاتماستىنلا ) يولغا چىقتۇق.



سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولماستىنلا ( //بولمايلا ) ۋارقىراپ كەتتى.

قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرمەيلا ( //كىرمەستىنلا ) ئۇنىڭ قېشىغا كىردىم.

8) قوشۇلما پېئىللارنىڭ ياكى تۇسلۇق ئۆزەك شەكىللىرىنىڭ رەۋىشداش قىسمىغا قوشۇلۇپ، شۇ ھەرىكەتنىڭ بىر يولىلا ئورۇنلىنىشى، بىر قېتىمدىلا ئورۇنلىنىشى، ئۆزۈلمەي داۋاملىششى (ئىزچىل تۇس شەكىللىرىدە) قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاران بىر كەلگەندە ئىشكنى تۈگىتىپلا كەت.

شۇنچە ئىشنى بىر كۈندە تۈگىتىپلاۋەتتۇق.

دورىنى ئىچىشمگە قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بېسىلىپلا قالدى.

ئۇ بىزنى كۆرۈش بىلەن تەڭ سۆزلەپلا كەتتى.

شۇنچە تاماقنى يەپلا بولدى.

ئۇ ھەر كۈنى كېلىپلاۋاتىدۇ.

بېشىم تېخىچە ئاغرىپلىۋاتىدۇ.

ئۇ سېنى ساقلاپلا ئولتۇرىدۇ.

9) سان ياكى سان-مىقدار بىرىكمىسىگە قوشۇلۇپ، كىشىگە شۇ قەدەر ئاز چۈشەنچىنى بېرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ئىدارىدا ئون ئىككىلا ئادەم بار.

يىغىنغا تۆتلا ۋەكىل قاتناشتى.

مەجلىس بىر سائەتلا ئېچىلدى.

ئۇ بىر كۈندە ئالتە سەرلا تاماق يەيدۇ.

10) پۈتكەن ھاللىق سۈپەتداشقا قوشۇلۇپ، شۇ خىل ھەرىكەت بەلگىسىگە ئىگە بولغان شەيئىنىڭ بىرىنچىمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم ماختايدۇ.

سورىغانلا سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىدۇ.

ۋەكىللەر بارغانلا يېرىدە قىزغىن قارشى ئېلىندى.

11) يۆنىلىش كېلىشتىكى "ش" لىق ئىسىمداش + "بولىدۇ" قۇرۇلمىسىدا ئىسىمداشنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، پەقەت شۇ ئىسىمداش ئىپادىلىگەن ئىشنى قىلىشقىلا يول قويۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ پۇلنى باشقا نەرسىگە خەجلەشكە بولمايدۇ. كىتاب ئېلىشقىلا بولىدۇ.

بۇ كىتابلارنى مەشەدە كۆرۈشكىلا بولىدۇ، سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا بولمايدۇ.

12) "ھەممە" ئالمىشىغا ۋە بەلگىلەش ئالمىشى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سوئال ئالماشلىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە، مۇستەسناسىزلىقنى تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. ئالماش سانلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندىمۇ، شۇ رولنى ئوينىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بۇ يەرنى ھەممىلا ئادەم ماختايدۇ.

ھەممىمىزلا بارايلى.

ھەممىمىزگىلا رۇخسەت قىلىندى.

نەگىلا قارىساڭ ئادەم.

قاچانلا كەلسىڭىز قارشى ئالىمىز.

كىمدىنلا سورىساڭ ئېيتىپ بېرىدۇ.

بىز ئۈچ بالا، ئۈچىمىزلا ئوغۇل.

13) پەرەز بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئۇلىنىپ، شۇ شەرتنىڭ پۈتۈنلەي يېتەرلىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



تىرىشساڭلا ئالغا باسىسەن.

ئاممىدىن ئايرىلمىساقلا مەغلۇپ بولمايمىز.

سىلەر كەلسەڭلەرلا يىغىننى باشلايمىز.

رەڭگى مەيلى، پىششىق بولسىلا بولىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن بولسىلا بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

بەزىدە "-لا" يۈكلىمىسى پەرەز بېقىندا جۈملىنىڭ خەۋىرىگە ئەمەس، بەلكى باشقا بۆلەكلىرىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ئاممىدىنلا ئايرىلمىساق مەغلۇپ بولمايمىز.

سىلەرلا كەلسەڭلار يىغىننى باشلايمىز.

رەڭگى مەيلى، پىششىقلا بولسا بولىدۇ.

تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگەتكەنلا بولسا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

14) قارشىلىق بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىگە قوشۇلۇپ، سۇبيېكتنىڭ ھەر قېتىمدا باش جۈملىدىكى ھالەت ياكى ھەرىكەتكە دۇچ كېلىشىنى ياكى بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرىدىكى ھەرىكەتنى ئورۇنلاش بىلەنلا باش جۈملىدىكى ھەرىكەتكە دۇچ كېلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ نەگە كېتىدىكىن، بارسام‌لا ئۆيىدە يوق.

مېنىڭ سىزگە ئازراق پىكرىم بار دېسەملا خاپا بولۇپ كەتتى.

مەن مەشەگە يېتىپ كەلسەملا ئۇمۇ ئۆيىدىن چىقىپ ئىشقا ماڭدۇ.

15) چەكلەنمەسلىكنى بىلدۈرىدىغان پېئىل قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ سۆزلەش بىلەنلا قالماي، ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

ئۇ بىزگە دەرس بېرىپلا قالماي، ئىدىيە جەھەتتىنمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ.

### 15.3.8. ”-زە“ يۈكلىمىسى

1) سوئال شەكلىدە ياكى ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ ”مەسىلە ئېنىققۇ“ دېگەن تەرزنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەشەدىزە زىرائەت ئۈنەمدۇ! (ئەلۋەتتە ئۈنمەيدۇ)

مەشەدىزە زىرائەت ئۈنىدۇ! (ئەلۋەتتە ئۈنمەيدۇ)

ئەخمەتزە شۇنى يارىتامدۇ! (ياراتمايدىغىنى ئېنىق)

ئەخمەتزە شۇنى يارىتىدۇ! (ياراتمايدىغىنى ئېنىق)

2) ئادەتتىكى جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ بۇرالما تەكىت تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ هاراق ئىچمەيدۇ، تاماكىنىزە ئۈزۈلدۈرمەي چېكىدۇ.

سەنمىزە بەك تەرسا جۇمۇ.

بۈگۈنزە راسا قىزىتىدىغان بولدۇق-تە.

3) ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق سوئال مەنىسى ئىپادىلەنگەن جۈملىلەرنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىگە قوشۇلۇپ ”نەدە شۇنداق قائىدە بار“ دېگەن تەرزنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بىز كېتىمىز، سەنزە مەشەدە قالىسەن؟ مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن.

مەشەگە كېلىۋىزە (كېلىپزە) بىزنىڭ ئۆيگە كىرمەيسەن؟

4) خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئېرەنسىزلىك بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خۇش بولۇپ قالسۇن دەپ بېرىپ قويدۇمزە!

ئېغىز ئۆزىنىڭ بولغاندىن كېيىن دەيدۇزە!



### 15.3.9. ”-ئا“ يۈكلىمىسى

1) بايان مەيلىدىكى خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، ئەجەبلەنگەن تەرزدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

نېمە بولدۇڭ، جاۋاب بېرەلمەيسىنا!؟

كېچىكىپ قالدىڭا؟ نەگە باردىڭ؟

تېخىچە كەلمىدا؟ نېمە بولغاندۇ؟

تاماكا چېكىدىكەنسىنا، كىچىككىنە تۇرۇپ.

2) ۋاستىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكىللىرىگە قوشۇلۇپ، هەرىكەتنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ياكى ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئۈندەشلىك جۈملىلەرنى هاسىل قىلىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەر كۆپىنچە تەكرارلىنىپ كېلىدۇ. بىراق تەكرارلانغىنىغا ”-ئا“ قوشۇلمايدۇ. III شەخس شەكلىگە ”ئا“ قوشۇلغاندا، ئاخىرىدىكى ”ى“ تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

بۇ خەتنى يازدىڭا-يازدىڭ!

زېرىكتىما-زېرىكتىم!

بۇ يامغۇر ياغدا-ياغدى!

3) پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى II شەخس خەۋەر شەكلىگە قوشۇلۇپ، يالۋۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ ياكى بۇيرۇق تەرزىنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

خۇش بولاي، ماڭا بىر خەت يېزىپ بېرىڭا.

مەيەگە كېلا (كېلە)، ساڭا بىر گېپىم بار.

ياتاققا بارسىڭىز مېنىڭ لۇغىتىمنى ئالغاچ كېلىڭا.

لۇغىتىڭنى بېرىپ تۇرا.

## 10.3.15. "ھە" يۈكلىمىسى

1) سوئال جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ھە، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

ھە، نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

2) بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، تەلەپ ھاسىل بولغانلىقىنى ياكى ئىشنىڭ مۇۋاپىق تېپىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھە، ئەمدى قورساق تويدى.

ھە، بۇ ئىشىڭ يارايدۇ.

ھە، تازا ياخشى بوپتۇ.

ھە، بۇ پىلان ياخشى بولدى.

3) بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، شۇ ئىشقا نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھە، ئەمدى ماڭايلى.

ھە، تەييار بول.

ھە، ئەمدى سۆزلە.

4) بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۈشەنگەنلىك، ئېسىگە ئالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ سەل سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ھە...ئېسىمگە كەلدى.

ھە......سىز ئىكەنسىز-دە!

ھە......توغرا، بىز ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن.

5) بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۆچۈگەنلىك ياكى ئېنىق ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ چاغدا



ئۇ كۈچلۈك ھەم ئۇزۇن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ھە؟ كەلمىدى؟

ھە؟ ئەخمەتما؟ ئۇمۇ بارمايدۇ.

6) بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى II شەخس شەكلىدىكى خەۋەرلەرگە قوشۇلۇپ، قوپاللىق بىلەن قىلىنغان بۇيرۇقنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەر ھامان جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ، ئەگەر "ھە" قوشۇلىدىغان سۆز ئۇزۇن تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا، ئۇ "ئە" شەكلىگە كىرىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يازە، تولا گەپ قىلماي!

ماڭە چاپسان!

ئۇخلا ھە!

## 11.3.15. "ئەمىسە" يۈكلىمىسى

1) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىش شەرت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— مەن بارالمايمەن.
— ئەمىسە مەن باراي.
— بۇ لۇغەت بولمايدۇ.
— ئەمىسە مانى ئال.
— مەن بۇ يىغىنغا قاتناشمايمەن.
— ئەمىسە نېمىشقا كەلدىڭ؟

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، بىر ئىشتىن يەنە بىر ئىشقا بۇرۇلۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ئەمىسە يىغىننى باشلايلى.
— ئەمىسە مەن ئازراق پىكىر بايان قىلاي.
— خوش ئەمىسە، بىز كەتتۇق.

## 12.3.15. "مەيلى" يۈكلىمىسى

1) ئىختىيارىغا قويۇش، پەرۋا قىلماسلىق، تەۋەككۇل قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ، جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەيلى، بارسۇن.

مەيلى، يازىۋېرىڭ.

مەيلى، خاپا بولساڭ بولىۋەر.

2) پەرەز بېقىندى جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ. مەسىلەن:

بارمساڭ مەيلى، ئىختىيار ئۆزۈڭدە.

يېڭىلسەم مەيلى، بىر تۇتۇشۇپ باقايلى.

ئۇ كەلمىسە مەيلى، يىغىننى ئېچىۋېرەيلى.

3) بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى يەنە بىر خىل توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ (بۇ ھەقتە "پېئىلنىڭ خەۋەر شەكىللىرى" بابىدا توختالغانىدۇق)

## 13.3.15. "تېخى" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز بەزىدە رەۋىش رولىدا كەلسە، بەزىدە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ: ئەگەر ئۇنى "تېخىچە" سۆزى بىلەن ئالماشتۇرغىلى بولسا، رەۋىش رولىدا كەلگەن بولىدۇ. ئالماشتۇرغىلى بولمىسا، يۈكلىمە رولىدا كەلگەن بولىدۇ. بۇ سۆز يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە تۆۋەندىكىچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئۈستىلەپ ئېيتىلغان يەنە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



ئۇ قابىلىيەتلىك ئادەم، تېخى ئىنگلىزچە بىلىدۇ.

ئۇ قاملاشمىغان ئادەم ئىكەن، پىكىر بەرسەك قوبۇل قىلمايدىكەن تېخى.

قارا، مۇنۇ ماشىنا نېمىدېگەن چىرايلىق، تېخى رادىئوسى بار ئىكەن.

2) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەتە-ئۆگۈن تېخى قاشنىڭ سۈيىنى چىپلا توختىتىپ ئېتىزلارغا باشلارمىز.

مەن ھازىر ياتمايمەن، ئۆيگە خەت يازىمەن تېخى.

بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق ئارزۇلار تېخى ئالدىمىزدا ئىدى.

تېخى مۇشۇ دۆۋىلەكلىك بۇغداي باغلىرىنى يومشىتىش كېرەك.

3) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنى باشقا بىر ئىشقا نىسبەتەن شۇنداق دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭ!

— ھازىر سەمرىپ قالدىم تېخى، بۇرۇن كۆرسەڭ قورقۇپ كېتەتتىڭ.

— ئۆيىڭلار نېمانچە يىراق؟

— بىزنىڭ ئۆي يېقىن تېخى، ئەخمەتلەرنىڭكىگە بىر سائەت ماڭسەن.

— بۇغدىيىڭلار ئوخشاپتۇ.

— بۇ تېخى ئوخشىغىنى ئەمەس، ئوخشىغىنى ئا تەرەپتە.

4) جۈملىنىڭ خەۋىرىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ قارىشىچە خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ بىھۇدە

بولغانلىقى، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، سۇبيېكت ئۇچۇن مۇناسىپ ئەمەسلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئەبلغازى، گادايمەن دەپ زارلايسەن تېخى، مانا بايلىق.....

قىلغان-ئەتكىنىنى ئاز دەپ تېخى ئادەم ئۇرغىنىنى قارىمامدىغان.

ئۇ ئۆچرەتكىمۇ تۇرماي، ھەممىنىڭ ئالدىدا ماشىنىغا چىقىۋالدى، ئۆزى كادىر تېخى.

ئۇ دائىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، شۇ ھالىغا تېخى باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

تەنقىد قىلسا كۇلۇۋاتىدۇ تېخى.

5) بەزى ۋاقىت ھالەتلىرىنىڭ ياكى چېتىلما ھالەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا كۆپىنچە "-لا" يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ تېخى تۇنۇگۇنلا كېلىپ كەتكەن ئىدىغۇ؟

تېخى ھازىرلا كەلدىم.

تېخى سوئالنى كۆرۈپ بولمايلا سائەت توشۇپ قالدى.

6) ئۇستىلمە ئۇندەش جۈملىلەرنىڭ تەركىبىدە كېلىدۇ. بۇ ھەقتە "-چۇ" يۈكلىمىسى توغرىسىدىكى بايانغا قارالسۇن.

### 14.3.15. "قېنى" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز "ئەخمەت قېنى" قاتارلىق جۈملىلەردە سوئال ئالمىشى رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، كۆپىنچە يۈكلىمە رولىدا كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ تەكلىپ ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قېنى، ئۆيگە كىرەيلى.



قېنى، چۇش ئاسمىكا، كاۋاپ يەيمىز.

قېنى، تاماققا بېقىڭلار.

قېنى، يۇر ئاتلارغا يەم بېرەيلى.

2) سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ، ياكى ئاڭلىغۇچىدىن جاۋاب تەلەپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

يەنە بىر دەم كۆرەيلى، قېنى كىم يېڭىدۇ.

سوراپ باقايلى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ قېنى.

قېنى قايسى يولنى تاللايمىز؟

كىم بارىدۇ قېنى؟

3) پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى شەكلىگە "-چۇ" يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ، ھەرىكەتنىڭ بولۇشىنى كۈتۈش، ھەرىكەتتىن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىك ياكى يامان ئاقىۋەتكە قېلىش تەرزلىرىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن خەۋەرلەرگە ماسلىشىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتەيچۇ قېنى، تازا ئوينايمىز.

ئۇ مېنى ئۇرىمەن دېگۈدەك، ئۇرۇپ باقسۇنچۇ قېنى!

### 15.3.15. "ئېھتىمال" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز ئىسىم رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدىمۇ قوللىنىلىشى مۇمكىن، بۇ سۆز يۈكلىمە رولىدا كەلگەندە، مۆلچەر بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، مۆلچەر ئۇقۇمىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ياكى ئادەتتىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، مۆلچەر مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئېھتىمال بۇ يىگىت بۇرۇن ھەربىيدە تۇرغان بولسا كېرەك.

ئۇ بىزنى كۆرمىدى، ئېھتىمال.

بۇ يۈكلىمە ئورنىدا بەزەن "ئەتىمالىم"، "ھەقچان" (ھەر قاچان) سۆزلىرى قوللىنىلىشى مۇمكىن، "ئەتىمالىم" ئاساسەن جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزىمۇ ھازىر ئۆيىقۇدىن تۇرغان بولسا كېرەك ئەتىمالىم.

ئىككىنچى قېتىم ئاتقان ئىدىم، بېشىغا قاتتىق تەگدى ئەتىمالىم.

ھەقچان ئورمىغا يەتكۈچە ئۇمۇ جازانىخورلارغا بىرمۇنچە قەرزدار بولغاندۇ.

ئۇ بىزنى كۆرمىدى ھەقچان.

## 16.3.15. "نايىتى" يۈكلىمىسى

بۇ ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن "نىھايەت//ناھايىتى" سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، تۆۋەندىكىچە مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) سان، سان-مىقدار بىرىكمىسى، ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ياكى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، ئازلىق تەرزىنى ("ھەممىسى بولۇپ"، "بار-يوقى"، "پەقەتلا" دېگەن مەنىلەرنى) بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا "-لا" يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن نايىتى ئىككى سائەتلا دەرس بار.

لۇغەت ئېلىشقا نايىتى ئۈچلا ئادەم يېزىلدى.

ئۇنىڭ بىرلا بالىسى بار نايىتى.

مېنىڭ نايىتى مۇشۇ لۇغىتىم بار.

بىزدىن نايىتى ئەخمەت قاتنىشىدۇ.

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، ئىشنى كىچىكلىتىش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلغىنىم يوق. نايىتى ئۆز بۇرچۇمنى



ئادا قىلدىم.

قورقما، ھېچ نەرسە بولمايدۇ، بىرئاز ئاغرىتىدۇ نايىتى.

## 17.3.15. "ھەر ھالدا" يۈكلىمىسى

جۈملىنىڭ بېشىدا، بەزەن ئاخىرىدا كېلىپ "قانداق بولمىسۇن"، "ئومۇمەن" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ھەر ھالدا يامان ئەمەس كېتىۋاتىمىز.

ھەر ھالدا ئۈمىدىمىزنى يەردە قويماسسەن.

## 18.3.15. "دەرۋەقە" يۈكلىمىسى

جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى ئېتىراپ قىلىش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

دەرۋەقە، بۇ مەسىلىدە مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بار.

دەرۋەقە، بىز شۇ چاغدا كېلىشىم ھاسىل قىلغان ئىدۇق.

دەرۋەقە، سىزدە قىيىنچىلىق بار.

## 19.3.15. "جۇمۇ" يۈكلىمىسى

1) بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئالاھىدە جېكىلەش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

چاپسان قايتىپ كەل جۇمۇ.

(لىمنىڭ) ئىنچىكىلىرىنى باس جۇمۇ.

مالچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۈگۈن كۆرۈپ بولايلى جۇمۇ.

ئۇلار ماڭا قارىماي كېتىۋەرسۇن جۇمۇ.

2) بايان مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئاڭلىغۇچىدىن جۈملىدە ئېيتىلغان ئىشنى بىلىپ قويۇش تەلەپ قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسلىتىش تەرزىنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بەرمىسەڭ تۈك-پۈگۈك بىلەن كۆتۈرۈپ ماڭىمەن جۇمۇ.

مۇنۇ ئاسىم مۇردىنى تاشلاپ قويۇپ، جەرەن قوغلايدىغانلاردىن جۇمۇ!

ئەمما مەن ئېلىشساق دەيدىغانلار قاتارىغا تىزىلىمەن جۇمۇ.

مەن بەك قىزىققان جۇمۇ، ئەخمەت.

### 15.3.20. "بىكا (ھېلى بىكا)" يۈكلىمىسى

بۇ "بىكار" دېگەن سۆپەتتىن ئايرىلىپ چىققان يۈكلىمە بولۇپ، جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ ئاگاھلاندۇرۇش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تارتما، بىكا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

بولدى، تولا گەپ قىلما، ھېلى بىكا ئۇرۇشۇپ قالمىز.

### 15.3.21. "ئىشقىلىپ" يۈكلىمىسى

جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ "قانداق بولمىسۇن" دېگەن تەرزنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئىشقىلىپ، كىچىكىپ قالمىدۇق.

ئىشقىلىپ، زىيان تارتمىدۇق.

ئىشقىلىپ، ئىشنى ۋاقتىدا باشلا.

### 15.3.22. "خۇددى" يۈكلىمىسى

جۈملىنىڭ ئوخشاشلىقنى بىلدۈرىدىغان بۆلەكلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئوخشاشلىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەۋاتىدۇ.

خۇددى مۇشۇ جوزىدەك بىر تاشنى كۆتۈرۈپ كەتتى.

بەزىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەن ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ ئوخشاشلىقنى بىلدۈرۈش



مۇمكىن. مەسىلەن:

قولۇمنى تۇتۇپ باقە، خۇددى مۇز.

بۇ بالا خۇددى دادىسىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

بەزىدە بۇ يۈكلىمىنىڭ ئورنىدا "بەئەينى"، "گويا" يۈكلىمىلىرى كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بەئەينى (گويا) ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك سۆزلەۋاتىدۇ.

قولۇمنى تۇتۇپ باقە، بەئەينى مۇز.

ئىرادە چىڭ بولسۇن گويا (خۇددى) پولاتتەك.

قورساق كەڭ بولسۇن گويا (خۇددى) دېڭىزدەك.

### 15.3.23. "زادى" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز "ھەرگىز"، "قەتئىي" سۆزلىرى بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يەنە يۈكلىمە رولىدا كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ جاۋابنىڭ ئېنىق بولۇشى تەلەپ قىلىنغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زادى نەگە بارىسەن؟

كىم بارىدۇ زادى؟

زادى قانچىلىك ئادەم قاتنىشىدۇ؟

قاچان كېلىسەن زادى؟

كېلەمسەن زادى؟

سىز دوختۇرمۇ زادى؟

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق بولمىسۇن بولۇشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زادى بىر بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ.
مەنمۇ مۇشۇ لۇغەتتىن بىرنى ئالاي زادى.

3) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ تۈپتىن شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زادى سېنىڭ باشقا بىر پىلانىڭ بار.
ئۇ بۇ ئىشقا رازى ئەمەس زادى.
زادى ئەخمەتنىڭ سۆزى توغرا.

## 15.3.24. "بەلكى (بەلكىم)" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز كۆپىنچە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە يۈكلىمە بولۇپمۇ كېلىدۇ ۋە ئاساسەن مۆلچەر مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا ياكى ئارقىدا كېلىپ ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، مۆلچەر تەرزىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئەكبەرنىڭ نىيىتى ياخشىدۇ بەلكى. (ز.سابىر)
بەلكىم بۇ تۈگۈنىمۇ يېشىۋالارمىز. (ز.سابىر)
ئۇ يىغىنغا سىلەرمۇ قاتناشقان بولغىيدىڭلار بەلكىم.

## 15.3.25. "ھەتتا" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز كۆپىنچە باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندىن تاشقىرى، بەزىدە يۈكلىمە بولۇپمۇ كېلىدۇ. ئۇ يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كەلگەندە، جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە شۇ مەنىدىكى "مۇ" يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمىدى



ئۇ ۋەزىپە تەلەپ قىلىپ ھەتتا شەھەرلىك پارتكومغىچە باردى.

## 15.3.26. "خالاس" يۈكلىمىسى

جۈملىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، ئىشنىڭ شۇ جۈملىدە ئېيتىلغىنى بىلەنلا چەكلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويدۇم، خالاس.
مەن ھېچقانچە چوڭ ئىش قىلغىنىم يوق. ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم، خالاس.

## 15.3.27. "ھېلىمۇ (ھېلىمۇ ياخشى)" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز "ھازىرمۇ" بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدىمۇ كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ ئامەت سۈپىتىدە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھېلىمۇ (ياخشى) ماشىنا چىقىپ قالدى، بولمىسا قانداق كېلەتتۇق؟
ھېلىمۇ (ياخشى) يامغۇر يېغىپ كەتمىدى، ئەگەر يامغۇر ياغسا چاتاق بولاتتى.
نېمىدېگەن خەتەرلىك! ھېلىمۇ (ياخشى) بىر يېرىڭگە تەگمىدى.

2) خەۋەرنىڭ ئالدىدا ياكى ئاخىرىدا، ياكى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىشنى ئېتىراپ قىلىشقا ياكى ئۇنىڭغا قانائەت قىلىشقا ئۈندەش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تەشكىل ھېلىمۇ ساڭا كۆپ ئېتىبار بەردى.
ئوقۇشنى ھېلىمۇ ياخشى تۈگەتتىڭ، ئاساسىڭ ئاجىز ئەمەسمۇ؟
ھېلىمۇ غەيرەت قىلدىڭلار، ئاسان ئىشمۇ بۇ.

### 28.3.15. "يەنە" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز ھەرىكەتنىڭ ئۇستىلىنىشىنى بىلدۈرۈپ، رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

1) پېئىلنىڭ بولۇشسىز بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى شەكلىگە قوشۇلۇپ، ئەنسىرەش تەرزىدىكى تەلەپنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سائەت بىلەن بەك ئېتىشىپ كەتمە، بۇزۇپ قويما يەنە.

مەن ماڭاي، كېچىكىپ قالماي يەنە.

چاپسان ياز، سائەت توشۇپ قالمىسۇن يەنە.

بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ يۈرمە يەنە.

2) جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا شۇنداق ئىكەنلىكىنى ياكى داۋاملىق شۇنداق بولۇپ قېلىشىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا يەنە "-لا" يۈكلىمىسى قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

يەنە (يەنىلا) مۇشۇ لۇغەت ياخشى ئىكەن.

مەن ئوقۇشنى تۈگەتكەن بولساممۇ، سىز يەنە (يەنىلا) مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم.

يەنە (يەنىلا) شۇ بالا ئەسقاتتى.

### 29.3.15. "پەقەت" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز "قەتئىي"، "ھەرگىز" سۆزلىرى بىلەن مەنىداش رەۋىش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، كۆپىنچە چەكلەش رولىدا كەلگەن "-لا" يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىدۇ، بەزىدە ئۆزى يالغۇز چەكلەش رولىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ھەممەيلەن كەلدى، پەقەت ئەخمەتلا كەلمىدى.



مەن پەقەت مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم.

بۇ مەسىلە پەقەت تۇرسۇن كەلگەندىلا ھەل بولىدۇ.

### 30.3.15. "يالغۇز" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز سۈپەت رولىدا قوللىنىلغاندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدىمۇ كېلىپ، بەزى ئورۇنلاردا "پەقەت" يۈكلىمىسى بىلەن مەنىداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەممەيلەن كەلدى، يالغۇز ئەخمەتلا كەلمىدى.

مەن يالغۇز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن كەلدىم.

### 31.3.15. "مانا" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز "ماۋۇ يەردە" مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئالماش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ، يېقىنراقتىكى نەرسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مانا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولدى.

مانا، ئىش چاتاق بولدى.

بەزىدە تىزلىك ئىماسىنى بىلدۈرۈپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مانا ھازىر بارىمەن.

مانا بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ.

### 32.3.15. "ئەنە" يۈكلىمىسى

بۇ سۆز "ئاۋۇ يەردە" مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئالماش رولىدا كەلگەندىن تاشقىرى، يۈكلىمە رولىدا كېلىپ، يىراقتىكى نەرسىگە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئەنە، ھەممە ئوقۇغۇچى مەيداندا ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

ئەنە، كۆن چىقتى.

ئەنە، ئۇلار توپتوغرا مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. (ز.سابىر)

## 33.3.15. يۈكلىمە رولىدىكى "دە-" پېئىلى

"دە-" پېئىلىنىڭ بەزى گراماتىك شەكىللىرى بەزى كونتېكىستلاردا يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ تۆۋەندىكىچە قوللىنىلىدۇ.

1) "دەيمەن" شەكلى II شەخس بۇيرۇق-تەلەپ مەيلى شەكلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، بۇيرۇقنى تەكىتلەش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش تەرزىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

جىم تۇر دەيمەن! ھىلى بىكا...

مېنى توسما، توسما دەيمەن!

— ئۆت، نېرى ئۆت دەيمەن، دېدى زىۋىرشا... (ز.سابىر)

ئەكە دەيمەن ھەي باخشى! (ز.سابىر)

2) II شەخستىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان شەكىللىرى سوئال ئالماشلىرى قاتناشقان سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ بولۇشىسىز جاۋابى (ئەگەر سوئال جۈملە بولۇشسىز بولسا، ئۇنىڭ بولۇشلۇق جاۋابى) نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

كىم بىلىدۇ دەيسەن(= ھېچكىم بىلمەيدۇ).

بۇ ئىشنى كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسىز (= ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ).

ئۇ كىچىك بالا نېمىنى بىلىدۇ دەيسلەر! (= ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ).

ئۇ قايسى ھەرىكەتتە ئالدىدا ماڭمىغان دەيسەن! (= ھەممە ھەرىكەتتە ئالدىدا ماڭغان)



3) بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى II شەخس شەكىللىرى بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، تەكىتلەش، ئاگاھلاندۇرۇش دىققىتىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ (بىرلىك ئاددىي تۈرىگە ھامان "دېگىنە" قوشۇلىدۇ، سىپايە تۈرىگە "ئا" قوشۇلىدۇ). مەسىلەن:

مەھەللە ھۆكۈمەتتە يىغىن بار دەپ چاقىرىپتىكەن... نېمە ئىش بارىكىن دەپ ئىشمىنى تاشلاپ، شاپاشلاپ بېرىپتىمەن دەڭا، ...

شۇ كۈنى زۆكام تېگىپ ساق بەش كۈن ياتتىم دېگىنە.

ئۇنىڭ باققاندەك بەش بالىسى بار دەڭلار.

4) II شەخستىكى پۈتمىگەن ھازىرقى زامان سوئال شەكلى قاتار كەلگەن بىرنەچچە ئىسىم ياكى ئىسىم بىرىكمىسىنىڭ ھەر بىرىنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىملار ئىپادىلىگەن شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن شەيئىلەر ئىچىدىن يادىغا كەلگىنىچىلا ئاتاپ كۆرسىتىلگەن بىرنەچچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداق تىزىلمىلار ھامان ئومۇملاشتۇرغۇچى بىر سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ھوسۇللۇق يازغۇچى، شېئىر دەمسىز، ھېكايە دەمسىز، دراما دەمسىز، ئىشقىلىپ يازمايدىغىنى يوق.

ئۇنىڭ سېۋىتىگە قارىسىڭىز، بىرتىق بوتى دەمسىز، سۇنۇق قازان، ماكچىيىپ كەتكەن مەش، كونا كىيىم-كېچەك دەمسىز، يۆگەكلىك قوغۇشۇن سىم ۋە ھەر خىل تۆمۈر-تەسەكلەر دەمسىز، كونا گېزىت، بوشىغان ھەر خىل هاراق بوتۇلكىلىرى دەمسىز، ئەيتاۋۇر جاھاندا بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. (ئىلى دەرياسى)

بىراق ئۇ بىكار ياتماستىن، ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتىن يېتەكلەش دەمسەن، مەكتەپنىڭ ئىچى-تېشىنى سۈپۈرۈش دەمسەن ھەممىنى قىلاتتى. (ئىلى دەرياسى)

# ئون ئالتىنچى باب ئىملىق سۆز

## 1.16. ئىملىق سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى

ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارغا ئىما (ئىشارەت) بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىملىق سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن، "پا!" دېگەن سۆز، ئىسسىقلىق، كۆيگەنلىك تۇيغۇسىغا ئىما بولۇپ كېلىدۇ. (پا! قولۇم كۆيدى)، "ئايھاي" دېگەن سۆز، ياقتۇرۇش تۇيغۇسىغا ئىما بولۇپ كېلىدۇ. (ئايھاي، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە)، "ئەستاغپۇرۇللا" دېگەن سۆز، تىت-تىت بولۇش تۇيغۇسىغا ئىما بولۇپ كېلىشى مۇمكىن (ئەستاغپۇرۇللا، ئۇنىڭ كەلمەيۋاتقىنى قارىمامدىغان!)، "تۇ، تۇ!" دېگەن سۆز توخۇنى قىچقىرىشقا، "تاخ" دېگەن سۆز توخۇنى قوغلاشقا، "چۇھا!" دېگەن سۆز ئات-ئېشەكنى ماڭدۇرۇشقا، "ۋوي!" دېگەن تاۋۇش ئات-ئېشەكنى توختىتىشقا ئىما بولۇپ كېلىدۇ. "ھەئە" دېگەن سۆز، بولۇشلۇق جاۋابقا ئىما بولۇپ كېلىدۇ (ھەئە، بارىمەن). مانا مۇشۇ "پا!"، "ئايھاي"، "ئەستاغپۇرۇللا"، "تۇ، تۇ، تۇ"، "تاخ!"، "چۇھا!"، "ۋوي"، "ھەئە" سۆزلىرى ئىملىق سۆزلەرگە كىرىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر ھېس-تۇيغۇ، چاقىرىق، بۇيرۇق، جاۋاب قاتارلىقلارنى كونكرېت ئاتاپ ئىپادىلىمەي، پەقەت ئۇلارغا ئىما بولۇپلا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان ئىملىقلار مەنە جەھەتتىن ناھايىتى ئابستراكت بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار شۇ خىل ئىمانىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ئاتاپ ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن جۈملىلەردىن بۇرۇن (بەزەن كېيىن) كېلىپ، شۇ جۈملىدىكى پىكىرنىڭ تەگدىشى



سۈپىتىدە ئۇنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينىيالايدۇ ياكى بەزى تىل شارائىتلىرىدا كونكرېت ئېيتىلمىغان مەزمۇنلارغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. مەسىلەن:

ئۇف! ھېرىپ ھالىم قالمىدى.

ئۇف! بۈگۈن ماڭا بەك ھاردۇق يەتتى.

ئۇف! مېنى بەك چارچىتىۋەتتىڭ.

مانا بۇ يەردە "ئۇف" دېگەن ئىملىق سۆز ھارغىنلىق تۇيغۇسىنى ھەر خىل ئاتاپ ئىپادىلىگەن ئۈچ جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇلارنىڭ تەگدىشى سۈپىتىدە كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

ئۇف! نېمىدېگەن يىراق يول بۇ!

ئۇف! بۇ چاپان بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

مانا بۇ جۈملىلەردىكى "ئۇف!" دېگەن ئىملىق سۆز "مېنى بەك ھارغۇزۇۋەتتى" دېگەندەك بىر مەزمۇنغا ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئوخشاش بولمىغان كونتېكستلاردا كېلىپ ياكى ئوخشاش بولمىغان ئىنتوناتسىيىدە تەلەپپۇز قىلىنىپ، بىرنەچچە ئىملىق سۆزنىڭ رولىدا كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى "ئۇف!" دېگەن ئىملىق سۆز، يۇقىرىدىكى جۈملىلەردە ھارغىنلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن بولسا، "ئۇف! نېمىدېگەن راھەت جاي بۇ!"، "ئۇف! تازا ئۇسسىغان يېرىمگە تەگدى بۇ سۇ!" دېگەن جۈملىلەردە راھەت ھېس قىلغانلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ. "بەللى" دېگەن ئىملىق سۆز "بەللى، بۇ مەسىلىنى تازا جايىدا قويدۇڭ!" دېگەن جۈملىدە ماختاش تۇيغۇسىنى بىلدۈرسە، "بەللى، شۇنداق گەپىمۇ قىلامدىكەن" دېگەن

جۈملە ياقتۇرمىغانلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ.

كۆپ سانلىق ئىملىق سۆزلەرنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى نىسپىي بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق ئىنتوناتسىيە بىلەن ئېيتىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىش تەس. مەسىلەن، "ۋاي-ۋۇي، بۇ نېمە تۇگمىگەن گەپ!" دېگەن جۈملىدىكى "ۋاي-ۋۇي" دېگەن ئىملىقنىڭ ئەمەلىي تەلەپپۇزى مۇنداق ئاددىي ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ھەر خىل ئىنتوناتسىيىدە تەلەپپۇز قىلىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى بىزارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. لېكىن بۇ پەرقلەرنى يېزىقتا كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۇرمۇشتا يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئىملىق سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. مەسىلەن، ئاچچىقلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان، سوغۇقتىن شۈركىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان، باققان قۇشلارنى قارىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىملىقلارنى يېزىقتا كۆرسىتىپ بېرىش ناھايىتى تەس.

ئىملىق سۆزلەرنىڭ گراماتىك ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

1) جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن ھېچقانداق قۇرۇلما مۇناسىۋىتىدە بولماستىن، ھامان مۇستەقىل بۆلەك بولۇپ كېلىدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا جۈملە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، نېمدېگەن ئېگىز تاغ بۇ! (مۇستەقىل بۆلەك)

قاسمغۇ بۇ، ھوي! (مۇستەقىل بۆلەك)

— بەللى! — دېدى ئۇ بارمىقىنى كۆرسىتىپ (جۈملە)

— بارامسەن؟

— ھەئە (جۈملە)

2) بەزى ئىملىق سۆزلەر ئىسملىشىپ، ئىسىم رولىدا



قوللىنىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، "زېمىنىنى باسسۇن ئاھىم مېنىڭ" دېگەن جۈملىدە قايغۇ تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان "ئاھ" دېگەن ئىملىق سۆز ئىسملىشىپ كەلگەن؛ بەزى ئىملىق سۆزلەر پېئىل ياساشقا ئاساس بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ۋاي-ۋايلا-" (<ۋاي-ۋاي +لا)، "ئاھ ئۇر-"، "ئۇف دە-" دېگەنگە ئوخشاش.

## 2.16. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئەسلىي ئىملىق سۆزلەر ۋە ياسالما ياكى كۆچمە ئىملىق سۆزلەر دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ئەسلىي ئىملىق سۆزلەر مەخسۇس تاۋۇشلار ئارقىلىق گەۋدىلىنىدىغان ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر گۇرۇپپا تاۋۇشتىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، "پاھ"، "ۋاي"، "ئايھاي"، "پا"، "ئۇھ"، "ھەئە"، "چۇھ" دېگەنگە ئوخشاش؛ بەزىلىرى ئوخشاش بىر گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ تەكرارلىنىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ۋاي-ۋاي"، "ئېھ-ئېھ"، "تۇ-تۇ-تۇ" دېگەنگە ئوخشاش؛ بەزىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى گۇرۇپپا تاۋۇشنىڭ جۈپلىنىشىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. مەسىلەن، "ۋاي-ۋۇي"، "ئاھ-ئۇھ" دېگەنگە ئوخشاش.

ياسالما ياكى كۆچمە ئىملىق سۆزلەر ئىملىق سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىشى ياكى باشقا سۆز-جۈملىلەرنىڭ ئىملىق سۆزگە كۆچۈشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ئىملىق سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، "ۋايجان"، "ۋاي ئاتام"، "ۋاي قوۋۇرغام"، "ۋاي چىشىم"، "ئاپا"، "خۇدا"، "ئەستاغپۇرۇللا" (<ئەستاغپۇرۇللا — ئاللادىن كەچۈرۈم تىلەيمەن)، "ئاپلاھەكپەر" (<ئاللاھۇئەكبەر — ئاللا ئەڭ ئۇلۇغ) دېگەنگە ئوخشاش.

## 16.3. ئىملىق سۆزلەرنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىملىق سۆزلەرنى مەنىسىگە قاراپ ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى، جاۋاب ئىملىقلىرى، بۇيرۇق-چاقىرىق ئىملىقلىرى دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 16.3.1. ھېس-تۇيغۇ ئىملىقلىرى

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ:

**ھەببەللى**

ئىنتايىن مۇۋاپىق كۆرگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاتەمخان: ... سىيىت ئۆيگە كىرگۈچە مەن غۇنچەمنى باشلاپ چىقىمەن.

تۇرغان: ھەببەللى، جايىدا. (ز. قادىر)

**بەللى**

ماختاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بەللى، يارايسىلەر، بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى قىلدىڭلار.

بەزىدە ئەكسى مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بەللى، شۇنىمۇ گەپ دەپ قىلىۋاتامسەن؟

**بەللى-بەللى**

"ھەببەللى" بىلەن مەنىداش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بەللى-بەللى، قالتىس گەپ قىلدىڭىزدە شائىيۇكا ... (ز. قادىر)

**ۋاھ**

بەكمۇ يارىتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاھ، ناھايىتى ياخشى ئىش ئىكەن بۇ. (ز. قادىر)

ۋاھ، تازا لايىق كەلدى.

**ئوھۇ (ئوھۇي)**

1) كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



ئوھۇ... مانا كارامەت، سەنئەت، سەنئەت...

2) ھەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئوھۇ...ئېمىدېگەن كاتتا ئىمارەت بۇ.

ئوھۇي، بارىكاللا، ياخشى، چىرايلىق تىكىپسىلەر.

**بارىكاللا**

كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ماختاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بارىكاللا، ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭلار.

**ئايھاي**

ياقتۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئايھاي، بۇ بۇغدايلار ئېمىدېگەن ئوخشىغان!

**ئېخ**

شېئىرلاردا سۆيۈنۈش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئېخ جۇڭگو! ئىقبالى پارلاق ۋەتىنىم!

**پاھ**

1) ھەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، قوللىرىڭىز ئېمانچە قاتمال!

2) مەمنۇنلۇق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، تازا ۋاقتىدا مېھمان بولۇپ كەپتىمەن-دە!

3) يېگىلىق ھېس قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، مانا قىزىق گەپ، "يۇز تاپار" دېگىنى قانداق كىشىلەر؟

**ئاھ**

قايغۇ-ھەسرەت ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاھ...ئېچىمگە ئوت كەتتى.

يانغىن ئوراپ ئالدى گۈدەك بالىنى...

ئاھ! ئوتتەك قانلار يۇگۇردى ئادىمىي يۈرەككە.

هەي…

1) ئېچىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئۇكام كەنجتاي، دادام، مېھرىبان ئانام بىچارە، هەي… بۇ كۈنلەرنى كۆرەلمىدى، خەپ!

2) تەقەززالىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

هەي… كېچىكىپ قالدىغان بولدۇق ـ تە!

3) يىرگىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

هەي…نېمىدېگەن سەت هايۋان بۇ!

ئېھ، ئېھ

بۇ سۆز قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ، هالسىزلىنىش، ئاغرىقتىن ئازابلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شاهزادە: ئېھ، ئېھ… سۇ، سۇ…جىگىرىم قۇرۇپ كەتتى، ئاھ، ۋايجان.

ۋايجان ( ۋايجانەي )

1) ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋايجان، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

2) چارچاش، ئۇسساش، ئېچىرقاش قاتارلىق هالسىزلىنىش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋايجان، بەك هېرىپ كەتتىم.

ۋايجان، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

ۋايجان، بەك ئۇسساپ كەتتىم.

3) قورقۇش، چۆچۈش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋايجان نېمىدېگەن سەت هايۋان بۇ!

4) پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋايجانەي، پۇل-پۇل دەپ، بىز دۇكان ئاچاتتۇقمۇ؟!



ۋىيەي

بۇ ئىملىق ئاساسەن خوتۇن ـ قىزلار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، تۆۋەندىكى ئىمالارنى بىلدۈرىدۇ.

1) ئىزا تارتىش، ئوڭايسىزلىنىش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋىيەي، سىز بىر بويتاق، مەن بىر تۇل ئايال، قانداق مېهمان بولمەن ئەمسە؟

ۋىيەي، خەق نېمە دەپ قالغاندۇ؟

2) ئېتىراز بىلدۈرۈش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

زورىخان: ئۇ كۈنى سىلەر هاشارغا بارمىدىڭلار… دەپ ۋالاقلاۋاتىدۇ.

غۇنچەم: ۋىيەي، ئۈستەڭگە دەپ باغدىن نەچچە هارۋا شاخ كېسىپ كەتتىغۇ…

3) چۆچۈش، قورقۇش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

غۇنچەم: ۋىيەي، كىمدۇ ئۇ؟

ۋايىيەي

1) ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋايىيەي، قولۇمنى دەسسىدىڭ!

ۋايىيەي، قولۇم! قولۇمنى ئىشىك قىسۋالدى!

2) پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

نۇرۇم: …پۇل تېپىش كېرەك ئىكەن غۇنچەم.

غۇنچەم: ۋايىيەي، جان بولسا جاهان، ئاش بولسا قازان، پۇل، پۇل دەپ دۇكان ئاچاتتۇقمۇ.

3) ئېتىراز ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شاڭيۇ: …بىزنىڭ ئۈچ ـ تۆت كالا تۇغۇپتۇ، بىرەنى ئەكېلىپ سېغىپ ئىچسىلە.

زورىخان: ۋايىيەي، كىشىنىڭ جانلىق مېلىنى تۇتامدىغان.

**ۋاي**

1) قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھەسرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (سوزۇپ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

ۋا...ي دوستۇم، ئۇ كۈنلەردە مۇنداق ئىشلار كىمنىڭ بېشىغا كەلمىگەن.

2) قاراتما سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، جىملەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي سادەتخان! ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ سازچىلار سىزدىن رەنجىشتى.

3) ئوڭايسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قازى: (پۇلنى قولىغا ئېلىپ) ۋاي، بۇ نېمە قىلغانلىرى...

4) جىددىيلىشىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي چۈشۈڭلار، ئاكاڭلارنىڭ كيىمنى بولغايسىلەر.

ۋاي ئۇلار كېلىپ قالدى! چاپسان بولۇڭلار.

5) ئاغرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (ئاغرىغان ئەزانى بىلدۈرگۈچى سۆزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ). مەسىلەن:

ۋاي قولۇم! قولۇمنى دەسسىدىڭ!

تەكرارلىنىپ كەلسە، بەك ئاغرىغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پاتەمخان: غالجىر ئىت (سىيىتنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق ئۇرىدۇ)

سىيىت: ۋاي، ۋاي، ۋاي ياڭىقىم!

6) ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن يىغلىغاندا شۇ كىشىنىڭ ئاتالمىسى ئالدىغا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۇيۇقسىزدىن يان ھويلىنى "ۋاي ئاتام، ۋاي قېرىندىشىم" دەپ يىغلىغان ئاۋاز قاپلاپ كەتتى.

**ئاپلا ھەكبەر (ئاپلا)**

1) غەزەپلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



ئاپلا ھەكبەر، مۇشۇ بالىنى قانداق قىلسام بولار.

2) ئۈمىدسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاپلا ھەكبەر، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

ئاپلا ھەكبەر...ئىش بولمىدى، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق...

3) پۇشايمان ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئاپلا، بۇ سۆزنى ئۇنىڭغا بىكار دەپتىمەن.

**ئەستاغپۇروللا (ئەستا)**

جىلە بولۇش، تىت-تىت بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شەرۋان: بۇ پەقەت نۇرنىڭ ئىشى، غۇنچىنى پايلاپ يۈرۈپتىكەن دۆيۈز.

شاكىيۇ: ئەستاغپۇروللا!!

ئەستا، بۇ ئىشنىڭ تەتۈرىگە تارتقىنىنى.

**تووۋا**

1) چۈشەنمەي ھەيران قېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

تووۋا، راھەت پوتلىشىپ يۈرسىمۇ كۆز قىرىنى سالماي جېنىغا جاپا ئىزدەپ يۈرىدىكەن.

2) مەلۇم كېلىشمەسلىكنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ئون نەچچە ياشلىق بىر قىز تۇيۇقسىزدىنلا گەپ قىلماس بولۇپ قاپتۇ.

— تووۋا، خۇدا ساقلىسۇن.

**ۋاي-ۋۇي**

1) بىزار بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي-ۋۇي... مۇنۇ پۇرۇمچۇقاينىڭ مەمەدانلىقىنى...

2) مەلۇم بىر نەرسىنىڭ مىقدار-ئۆلچىمىگە ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي-ۋۇي، بىر ئەقلىڭ قايسىبىرسىگە يېتەتتى سېنىڭ؟

ۋاي-ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ ئادەم بۇ!

3) مەسخىرە قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي-ۋۇي، چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇسەن!

**ھىم**

1) چۈشەنگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھىم، راسا ئويلىشىپ ئىش قىلىدىغان يېرى ئىكەن.

2) نەپرەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (ئۇرغۇلۇق، قىسقا ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

— مەن چوقۇم كېلىمەن.

— ھىم!

— نېمە، ئىشەنمەمسىز؟

**ۋۇي**

تۇيۇقسىزلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋۇي، سۇنۇپ كەتتىغۇ بۇ!

ۋۇي، ئەكبەرمۇ سەن!

**ئوي (ئو)**

ياقتۇرماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (سەل سوزۇپ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

ئو…ي، پايدىسى يوق نەرسىنى قويۇپ تۇرساڭچۇ.

ئو قويۇڭا چاقچاقىڭىزنى.

**ۋاي تېخى**

ئانچە ئىشەنمەسلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:



نۇرۇم: كىچە-كۈندۈز مېنىڭ خىيالىم سىلەردە.

غۇنچەم: ۋاي تېخى، ئۇستىلىق دېگەن مانا.

**ھە**

1) يېڭى چۈشەنگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (سەل سوزۇلۇپ، ئاخىرى كۆتۈرۈلىدۇ). مەسىلەن:

ھە… شۇ ئىشقا خاپا بولغان ئىكەنسەن-دە!

باست: بىر ئات ھارۋىسى بار، ئۇنى ھۆركىرەتكەن شۇمكىن.

شاگىۋ: ھە…توختاپ تۇرسۇن، كۆرىمىز.

2) ئەسلەۋاتقانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ (تۈز سوزۇپ ئېيتىلىدۇ). مەسىلەن:

ھەزرەتلىرى ئۈچ نەرسىنى ياخشى كۆرىلا: بىرىنچىسى، پۇل، ئىككىنچىسى، پادىشاھنى، ئۈچىنچىسى، ھە… (سەل تۇرۇۋېلىپ) خېنىمنى، ھە، خانقىزنى.

3) يېڭى ئەسكە ئالغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى.

ھە، راست، ئاۋۋال چۆچەك ئاڭلايلى.

**پا**

كۆيگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

پا، چىنە نېمىدېگەن قىزىق!

**ئۇف (ئۇھ)**

1) چارچاش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇھ…ھېرىپ كەتتىما.

2) ھالسىزلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

غۇنچەم: …ئۇھ جېنىما (كالتا يۆتىلىپ مەيدىسىنى تۇتىدۇ)

3) راھەت ھېس قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇف، ئەجەب سالقىن شامال چىقتى!

**ئىست**

ئېچىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئىست، ئېچىلماي توزىغان غۇنچەم.

بۇ سۆز بەزىدە "ۋاي ئىست"، "ۋاي ئىستەي"، "ئىستىقىنا" شەكىللىرىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ۋاي ئىستەي، غۇنچەمدەك چىرايلىق، چېچەن قىز باينىڭ شۇ قوپال، ماڭقا ئوغلىغا خوتۇن بولۇپ كېتەرمۇ.

ئىستىقىنا ئاغزىم، ساڭا گەپ قىلغان!

**يائاللا**

1) چۆچۈنەلمەي ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يائاللا شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن-ھە!

2) ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورققانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يائاللا، تۇيۇپ قالسا قانداق قىلارمىز.

3) زارلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يائاللا، زادى ئارام بەرمەيدىغان بولدۇڭ-دە.

**ھەتتەڭەي**

تەقەززالىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ھەتتەڭەي، ئەمدى چىقسا بولاتتى!

**خەپ**

ئاداۋەت تۇتۇش، تەن بەرمەسلىك ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

يايى: خەپ، نۇر، بىرقوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم، توختاپ تۇر.



خەپ، بۇ قېتىم ئوتتۇرۇۋەتتۇق.

**خەير**

خوشلىشىش، كەچۈرۈش، زورىغا ماقۇل بولۇش، ھازىرچە تەن بېرىش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خەير، قورۇنما ئاپا، يەرلىكىڭدە تىنچ يات.

سىز ئارىغا چۈشۈپ قالدىڭىز، خەير بوپتۇ.

خەير… مەن ھاياتلا بولسام ئۇنىڭ بىلەن تېخى ھېسابلىشىمەن.

**ۋاي خۇدايىمەي**

1) ئەنسىرەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي خۇدايىمەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟

2) ھەيران بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي خۇدايىمەي، كىچىكلا قىزغۇ…كەل سىڭلىم.

3) پىسەنت قىلماسلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي خۇدايىمەي، پۇل كەتسە كەتمەمدۇ!

**ۋاي ئاتام**

1) باش قېتىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي ئاتام، مۇنچە كۆپ ئادەمنى نەگە پاتقۇزارمىز.

2) ئەجەبلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي ئاتام، نېمانداق قاراڭغۇ ئۆي بۇ.

**ۋاي قوۋۇرغام**

مازاق قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ۋاي قوۋۇرغام، تېخى چىقىپ كېتمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمىكەن!

**خۇدا ( ھەي خۇدا )**

باش قېتىش، ئەنسىرەش ئىمالىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

خۇدا، بۇ چاتاقنى قانداقمۇ تۈگىتەرمىز.

ھەي خۇدا، ئۇ بىچارە قانداقمۇ قىلار!

**ئاپا**

خوتۇن-قىزلار تەرىپىدىن قوللىنىلىپ، چۆچۈش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ئاپا! — قىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

### 2.3.16. جاۋاب ئىملىقلىرى

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكىدەك ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ:

**ھەئە**

بولۇشلۇق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— بارامسەن؟

— ھەئە.

— قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە، كۆردۈم.

**ياق**

بولۇشسىز جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— بارامسەن؟

— ياق.

— قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم.

**ھە**

1) ئىلىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ئەخمەت!

— ھە.



2) "ھەئە" نىڭ ئورنىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

— بارامسەن؟

— ھە.

— قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھە، كۆردۈم.

**لەببەي**

ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شاھ: ھەي مۇلازىم!

مۇلازىم: لەببەي...

**خوش**

1) ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— ھەي ئەخمەت!

— خوش.

2) ھۆرمەت بىلەن ماقۇل بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شاھ: قەلەندەرگە سەدىقە ئېلىپ چىق!

مۇلازىم: خوش...

**خوپ**

ھۆرمەت بىلەن ماقۇل بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

— جەڭچىلەر تىزىلسۇن!

— خوپ!

### 3.3.16. بۇيرۇق ـ چاقىرىق ئىملىقلىرى

بۇ تۈرگە تۆۋەندىكى ئىملىق سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

مە — ئىلىشقا ئۈندەش.

بەس — سۆزدىن توختاشقا ئۈندەش.

تىش — جىم بولۇشقا ئۈندەش.

چۇھ — ئات ـ ئېشەكلەرنى مېڭىشقا ئۈندەش.

تاخ — توخۇنى قوغلاش.

چاق — ئىتنى قوغلاش.

كۈش — ئۇچار قۇشلارنى قوغلاش.

پەش — مۈشۈكنى قوغلاش.

قىخ — ئېشەكنى مېڭىشقا ئۈندەش.

هەي (هوي) — ئادەمنى چاقىرىشتا قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە، ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىپ، چاقىرىقنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەت، هەي، ئەخمەت!

تۇ، تۇ، تۇ — توخۇنى قىچقىرىش.

مە، مە — ئىتنى قىچقىرىش.

پىش، پىش — مۈشۈكنى قىچقىرىش.

تىر، تىر — ئېشەكنى قىچقىرىش.



مەسئۇل مۇھەررىر: قاهار پولات
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنسا روزى

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى

## (مورفولوگىيە)

خەمىت تۆمۈر

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ يىخۇي باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتى
نەشرى : 2011 ـ يىل 5 ـ ئايدا 2 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2011 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 15.125
باهاسى : 25.00 يۈەن
ISBN 978-7-105-11223-4/H.766 (维30)

图书在版编目(CIP)数据

现代维吾尔语语法：维吾尔文/哈米提·铁木尔著.
—2版.—北京：民族出版社，1987.6（2010.11重印）
ISBN 978-7-105-11223-4

Ⅰ.①现… Ⅱ.①哈… Ⅲ.①维吾尔语（中国少数民族语言）—语法—现代 Ⅳ.H215.4

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第234353号

责任编辑：卡哈尔·普拉提
责任校对：海仁沙·肉孜
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2011年5月第2版 2011年5月北京第2次印刷
开　　本：850×1168毫米 1/32
印　　张：15.125
定　　价：25.00元

ISBN 978-7-105-11223-4/H.766（维30）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

ISBN 978-7-105-11223-4

9 787105 112234 >

定价：25.00 元